TANGRITAG

ئۇلارنىڭ تىنىقى ھەممىدىن ئۇلۇغ (ئەدەبىي ئاخبارات)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن سۆھبەت (سۆھبەت خاتىرىسى)

موسكۋا خىياللىرى (داۋامى)

روھنىڭ قۇدرىتى (ھېكايە)



2

# تەڭرىتاغ

1996

www.uyghurkitap.com



ئەي بوۋا، پۈكۈلدى ھايات دەرىخىڭ،

قىسمەتنىڭ بورىنى سوققان بەك ئۇزاق.

مېۋىسىز، ياپراقسىز قېرى دەرەختەك،

غېرىپلىق، تۈنگە باستىڭ سەن ئاياق.

تەڭرىتاغ — دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال — ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

1996-يىل 2-سان — ئومۇمىي 55-سان

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر

روھنىڭ قۇدرىتى ........................ ھۈسەيىن تاش 1

## شېئىرلار

شېئىرلار ........................ بوغدا ئابدۇللا 35

پاختەك رىۋايىتى ........................ ھاشىمجان قادىرى 36

تەنھا قۇش ........................ ئوسمان ھوشۇر 36

## ئەدەبىي ئاخبارات

موسكۋا خىياللىرى (داۋامى) ........................ نەبىجان تۇرسۇن 59

ئۇلارنىڭ تىنىقى ھەممىدىن ئۇلۇغ ........................ ئەركىن روزى 14

پۇل، رەزىللىك، مۇھەببەت ........................ قۇربان توختى 37

دەنچاڭ ۋە ئالتاي ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى... لوپەن، نيۇبوچىڭ 82
توختى قاسىم تەرجىمىسى

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، ئەخەت كەلپىن ئىنسانى، قەيسەر تۇرسۇن، شىرئەلى ھوشۇر، ئابدۇرېشىت ئېلى، ئەخمەتجان تۇرۇپ، مۇتەللىپ مەڭسۇر، ئالىمجان ياسىن ........................ 46

## يۇمۇر — يۇز

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن سۆھبەت ........................ 53

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## مىكرو ماقالىلەر

« يىلان » ھەققىدە تۇنجى مۇلاھىزە.................. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت 104

## مىسرالاردىن تەرمىلەر

مىسرالاردىن تەرمىلەر................................................ 107


## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار.................................................... 108

---

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى ئابلىمىت ئابلىز، زۇلپىيە ئابدۇرېھىملار ئىشلىگەن.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر: (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) | ھەبىبۇللا مۇھەممەت |
| مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: | پولات ھېۋزۇللا |
| مۇھەررىرلەر: | ئەركىن نۇر (مەسئۇل مۇھەررىر) |
| | سەنەۋەر ئۇمەر، ئالىم خالىدىن |
| مەسئۇل كوررېكتور: | خەلچەم ئابلىمىت |



# روهنىڭ قۇدرىتى

(ھېكايە)

**ھۆسەيىن تاش**

## 1

مېنى چەكسىز خىياللار قاينىمىغا سۆرەۋاتقان قاپقارا، پارقىراق كۆزلەر، ئۇسمىسىز تەبىئىي قاشلار، لاكسىز قايرىما كىرپىكلەر، سۇرۇقسىز لەۋلەر، ئەمدى قىزىرىشقا باشلىغان ئالمىنى ئەسلىتىدىغان مەڭىزلەر، مەيۈسلۈك بىلەن تەبەسسۇم بىرلىشىپ كەتكەن چىراي... مەندە تەسۋىرلىگۈسىز تۇيغۇ قوزغاتماقتا، مېنى تېڭىرقاتماقتا، روھىمنى مالىمان قىلماقتا... ئۇنىڭ تەبەسسۇمىغا ئىنسان چىداپ بولالمايدىغان سېھرىي كۈچ مۇجەسسەملەشكەندەك قىلاتتى. مەن ئازابلىنىۋاتىمەن. خىيالىمدا مېنىڭ تېنىم مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى روھىملا مەۋجۇتتەك، روھىمدا بولسا پەقەت ئالدىمدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئاشۇ قىزلا ياشاۋاتقاندەك ئىدى.

قىزنىڭ مۇرەككەپ، سىرلىق تەبەسسۇمى مېنى چەكسىز بوشلۇق ئالىمىگە ئېلىپ قاچماقتا. خىياللىرىممۇ ئاشۇ قىزنىڭ چۈشىنىكسىز تەبەسسۇمىدەك مۇرەككەپ... مەن ئۇنى قاچانلاردىن باشلاپ ياخشى كۆرۈپ قالدىم؟ بىلمەيمەن!... بۇ ئۆزۈممۇ جاۋاب بېرەلمەيدىغان سوئال. ئېھتىمال ئۇنى ياخشى كۆرمەسلىكىممۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ قاپقارا دولقۇنلۇق چاچلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئاپئاق بوينىچۇ-تېخى!... راست، مەن ئۇنىڭغا قاچاندىن باشلاپ قىزىقىپ قالدىم؟

ئۆزۈمگە بېرىدىغان ئەڭ ئاددىي جاۋاب: ئىككىمىزنىڭ كۆزىمىز ئۆزئارا ئۇچراشقاندا مەن ئۇنىڭغا ئاشىق. خۇددى ئۇنىڭغا كۆيۈپ-پىشىپ يۈرگىنىمگە بىر ئەسىر بولغاندەك ئاشىق.

يولنىڭ ئىككى يېقىغا تاشلانغان بوتۇلكىلار ھەر بىر قەدەمدە دېڭىزدەك كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. قاتار كەتكەن سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرى، بىر-بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن تاقىر تاغلار، قۇياشنىڭ قىزىق تەپتىدە يېنىۋاتقان زېمىن، يىراق-يىراقلاردىكى ئالۋۇن، بىر خىل رېتىمدا ئاۋاز چىقىرىپ ئادەمنى مەستلىكتىن ئويغاتقاندەك گاراڭ ھالەتتە قالدۇرىدىغان ئاپتوبۇس، جىمجىت ئولتۇرغان قىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى چۈشەنسە ئىدى-ھە!

ئاپتوبۇس نۇرغۇن-نۇرغۇن يوللارنى ئارقىسىغا تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. خۇددى يەر شارىدىن قېچىپ چىقماقچى بولغاندەك ئىتتىك چاپماقتا. تۈگىمەس يوللار، تۈگىمەس خىياللار. رېئاللىقتا ياكى چۈشكە ئوخشىمايدىغان مەۋھۇم دۇنيا. مەۋھۇم بوشلۇق، مەۋھۇم روھ... بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرنەچچە رەت ئالدىمدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان قىز بىلەن كۆزىمىز ئۇچراشقاندىن باشلاپ بىر-بىرلەپ يوقالماقتا. نېرۋىلىرىم، سەزگۈلىرىم سەگەكلەشتى. خىياللىرىم رېئاللىققا قايتىپ دىققىتىم ئاشۇ قىزغا مەركەزلەشتى.

ئىككى كۈندىن بۇيان مەن ئۇنىڭغا نېمىشقىمۇ دىققەت قىلمىغاندىمەن؟ ئۇنىڭ دېرىزىدىن يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ تۇرغان قىياپىتى نېمىدېگەن گۈزەل-ھە؟ سول قولىقىدىكى يۇمىلاق قارا ھالقىسى، ئۇزۇن-ئۇزۇن كىرپىكلىرى، يېرىم ئېچىلغان دېرىزىدىن كىرگەن غۇر-غۇر شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان قاپقارا دولقۇنلۇق چاچلىرى، گۈشلۈكتەك كەلگەن لەۋلىرى، ئەمدى تولۇشقا باشلىغان ئېڭەكلىرى... بايا ئۇ راستىنلا ماڭا قارىغانمىدۇ؟... ھە، «سەۋزىدىن خەۋەر يوق گۇرۇچ دەم يەپتۇ» دېگەندەك ئۆزۈمچە ھاياجانلىنىپ كەتكىنىم نېمىسى؟ ئۇ يەنە بىر قېتىم قارايدىغان بولسا مەن ھەممىنى چۈشىنىمەن، ھەممىنى بىلىمەن. ئىككىنچى قېتىم قاراپ قالسا قانداق قىلىشىم كېرەك؟ روھىي تەييارلىقىم يوق. ئېھتىمال روھىي مەستخۇشلۇق ئىچىدە قالارمەن. كۈتۈۋاتىمەن. قانچىلىك كۈتكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ بېشى ئاستا-ئاستا ئارقىغا مەن تەرەپكە ۋۇرۇلدى. ئاھ. قورقۇنچلۇق، ھەممىنى ۋەيران قىلىدىغان كۆزلەر! مەن شۇ مىنۇتتا نېمىشقىدۇر گۈزەل-كېسەل ۋەيران بولۇشنى خالاپ قالغانىدىم. بىراق، مېنى ھېچنېمە ۋەيران قىلىۋېتەلمەيتتى. ئۇ قارىدى. مەيۇسانە تەبەسسۇم... مېنىڭ قارىچۇقلىرىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغىنى بىلەن روھىي دۇنيارىمدا ھېچنەرسە يوق قۇپقۇرۇق، تېگىرقىنىمچە سىرھازا تۇرۇپ قالدىم. مەندە بۇنداق تۇرماقتىن باشقا ئىلاجمۇ يوق. ئېھتىمال مۇشۇ مىنۇتلاردا مەن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ قويغاندىمەن. چۈنكى، بۇ جەرياندا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىمنىمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. بىلمەيمەن. كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى مەيۇسانە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇرغان ناتونۇش بىر قىزلا، خالاس. ئۇنىڭ تەبەسسۇمى يوقالدى. ئۇ ئالدىغا قارىۋالغانىدى. مەن شۇندىلا ئەسلىمگە — ئۆز مەۋجۇتلۇقىمغا قايتتىم. نېرۋىلىرىم يەنە ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟... ياق، ياق... ئەمسە نېمىشقا؟... توۋا، مەن ئۆزۈمنى — روھىي دۇنيارىمنى ۋەيران قىلىدىغان غەيرىي رىئاللىققا دۇچ كېلىۋاتامدىمەن-قانداق؟ راست، ئۇنىڭ ئىككى قېتىملىق قاراپ قويۇشى مېنى تۈگەشتۈرۈۋېتەلەرمۇ؟ بىلمەيمەن. بىراق، مەن قىزلارنىڭ مېھرى-مۇھەببەت بىلەن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىشىغا تۇنجى قېتىم دۇچ كېلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ قۇياشتەك مېھرلىك كۆزى ماڭا يېڭىچە ھاياتلىق، بەخت، مۇھەببەت، سۆيۈنۈش ئاتا قىلىۋاتىدۇ... تۈنۈگۈندىن بۇيان ساراڭدەك توۋلىغان ناخشىلىرىم ئۇنى مەپتۇن قىلىۋالغانمىدۇ؟... ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم قارىشى. ياق، ئېھتىمال ئۇ ئاپتوبۇسقا چىققاندىن باشلاپ سانسىز قېتىم قارىغاندۇ... مېنىڭ ھېچنەرسىنى سەزمەي گاڭۋاڭلارچە ئولتۇرۇشۇم، بىغەم توۋلىغان ناخشىلىرىم ئۇنى قانچىلىك تىت-تىت قىلىۋەتكەندۇ-ھە! ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئىنتىلىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ تەرىپى قاراڭغۇ...

قىزنىڭ يېنىدا مۆگدەپ ئولتۇرۇپ، بېشى ئىككى ياققا گىلدىڭلاپ قالغان يىگىت ئۇنىڭ سۆيگۈنىمىدۇ ياكى ئېرىمىدۇ؟ ئۇ گاڭۋاڭنىڭ قىزنىڭ ئېرى ياكى سۆيگۈنى بولۇپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن!...

2

قىز ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى مەست ئادەمدەك خامۇش ھالدا يېنىمغا كەلدى-دە، ئۇنىسىزلا ئولتۇردى. ھاڭۋاقتى يىگىت بويىنىنى داۋاملىق گىلدىڭلىتىپ مۆگدىمەكتە. ئۇ مەڭگۈ مۆگدىسىكەن. مەن ئۇنىڭ مۆگدىشىنى تىلەيمەن... قىزنىڭ كۆزلىرى چەكسىز كەتكەن تاقىر تاغلارغا تىكىلگەن بولۇپ، نېمىلەرنىدۇ ئويلاۋاتاتتى... بىلسەم-بىلمىسەم ئۇ چوقۇم مېنى ئويلىدى. بەلكىم ئىككىمىزنىڭ غايىبانە مۇناسىۋىتى توغرىسىدا باش قاتۇرۇۋاتقاندۇ. مەن ئۇنىڭ تەگسىز خىياللىرىنى بالدۇرراق ئاياغلاشتۇرۇشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتۈم. ئۇ ئويلاۋاتاتتى. راست، ئۇ، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق مەغرۇرلۇقىنى، جەزبىدارلىقىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالماقچىمىدۇ؟ مەن بۇنداق ھاقارەتكە ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. بەرداشلىق بېرىشىممۇ مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇنىڭ

بولمىغۇر نىيىتىنى بىتچىت قىلىش كېرەك.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— جەزىرە.

ئۇ ئاخىر ئېغىز ئاچتى. بىراق ماڭا قاراپمۇ قويماستىن جاۋاب بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمى جەزىرە بولغاچقىلا چەكسىز كەڭكەن قاقاسلىققا قاراۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ ئاۋازى نېمدېگەن سۈزۈك ھەم يېقىملىق-ھە! لېكىن ئاۋازىنىڭ ئاستىغا مۇڭلۇق يەنە بىر ئاۋاز يوشۇرۇنغانىدەك قىلاتتى.

— نېمە ئويلاۋاتىسىز؟

— بىلمەيمەن.

— ئۇ يىگىت كىم بولىدۇ؟

— سۆيگۈنۈم.

ئاھ، مەن قىزنىڭ ئېغىزىدىن بۇنداق بىمەنە سۆزنىڭ چىقىشىنى كۈتكەنمۇ؟ ياق، ياق، سۆيگۈنى بولغان نەقدىردىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرمەيدىغاندۇ. مەن ئۆزۈمگە ئاشۇنداق تەسەللي بەردىم.

— ئەمىسە، نېمىشقا مېنىڭ يېنىمغا...؟

— ...

ئۇ جاۋاب ئورنىغا مەندىن نارازى بولغانىدەك ئالىيىپ قويدى. ئاندىن يەنە ئىنتىكلا دېرىزىگە قارىۋالدى. مەن ھېچنەرسە دېيەلمىدىم. مىجەزى نېمانداق عەلىتە قىز-ھە! ئەسلىدە سۆيگۈنى بولغاندىكىن مېنىڭ يېنىمغا كەلمىسە بولاتتىغۇ؟ قىز يىغلاۋاتاتتى. ياشلىرى مەڭزىنى بويلاپ تولغان ئېڭەكلىرىگە كەلگەندە ساقىپ چۈشۈپ، ئاپئاق گىرىپ كۆكلىكىنى ھەمدەيتتى. ئۇنىڭ يىغلىتى شۇنچە ھەسرەتلىك بولسىمۇ مەن ئۇچۇن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك گۈزەل كۆرۈنۈش ئىدى.

— جەزىرە، يىغلاپسىزغۇ؟

ئۇ ئاپئاق يۇمشاق ھەم سىلىق قوللىرى بىلەن ئېغىزىمنى توسىۋالدى. ئۇنىڭ ياش بىلەن نەمدەلگەن كۆزى مېنىڭ يىغلىۋېتىشكە ئاز قالغان كۆزۈم بىلەن ئۇچراشتى. ئېھتىمال ئۇ ئىككىمىزنىڭ مەڭگۈ بىرگە بولالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يىغلىغاندۇ، ئۇنى باغرىمغا باسقۇم كەلدى.

— مېنى سۆيەمسىز؟

— ...

ئۇ «سۆيمەن» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇماققىنە كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى شۇنچىلىك تەبىئي ھەم تاتلىق ئىدى. يىغلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەڭگىللەپ قالغان بولسا كېرەك. قىزنىڭ ئىسسىق قوللىرىنى قاچان تۇتۇۋالغاندىمەن؟... جەزىرە خۇددى يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىنى بىلىۋالماقچى بولغانىدەك كۆكرىكىمگە بېشىنى قويدى. راست، جەزىرە يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىنى بىلىۋالسۇن... يۈرىكىم نەپسىمنىڭ ئىنتىكلىشىگە، بەدىنىمنىڭ ئوت ئېلىپ يېنىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ شىددەت بىلەن سوقماقتا، بارغانسېرى تېزلەشمەكتە... ئوڭ قولۇم قىزنىڭ يۇمشاق چاچلىرى ئارىسىدا، سول قولۇم ئەۋرىشىم بېلىدە ئوينايتتى. ئاخىرى چىدىيالمىدىم. گۈزەل بىر قىز يېنىمدا ئولتۇرسا قانداقمۇ چىدىيالايمەن؟... لەۋلىرىم جەزىرەنىڭ لېۋىگە تەگدى... مەن خۇددى ئابىي ھايات سۈيى ئىچىدىغانىدەك ئىچىمگە شورىدىم. چۆلدە سۇغا تەشنا بولغان ئادەمدەك شورىدۇم. سۆيگۈ دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك. ئىككىمىز خۇددى بىر-بىرىمىزنىڭ تېنىگە سىڭىشىپ كەتمەكچى بولغانىدەك تىنالماي قالغىچە سۆيۈشتۇق. ئۇ ئاخىرقى قېتىم سۆيۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئىنتايىن خۇشال كۆرۈنەتتى. خۇشاللىق ئۇنىڭغا مەڭگۈ يار بولسۇن! ئۇنىڭ كۆز قىسىپ ئەركىلىشىمۇ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدۇ. لېكىن بۇ مەن ئۇچۇن ئازاب. چۈنكى ئۇنىڭ ئەركىلىشى مېنى قىينايدۇ، تەشنالىقىمنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ كەتتى. ئەسلىدە بىز مەڭگۈ ئاشۇنداق بىر جان بىر تەنگە ئايلىنىپ كەتكەن بولساق ياخشى بولاتتى. ئۇ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ «سۆيگۈنى» بار-دە! ئۇ گاللىۋاڭ ئۇنىڭ سۆيگۈنى ئەمەس. ئۇنىڭ سۆيگۈنى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس. بۇنى كىم بىلىدۇ؟ بىراق ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىگە ئىنتىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى خۇشال قىلىش، ئۆزىگە تەسەللي ئىزدەش گۇناھ ئەمەس، ئىنتىلگەن نەرسىگە يېتەلمەسلىك بىچارىلىك ھەم مەڭگۈلۈك ئازاب.

ماشىنا چاقى بىرنەرسىگە تېگىپ ك

«جالاققىدە» قىلىپ مېنى سىلكىپ خىيا

3

قىزغا قارىدىم، قىزنىڭ كۆزى يەنە شۇ چەكسىز كەتكەن قاقاس تاغلارغا تىكىلگەن. يېنىدىكى گاللۋاڭ يىگىت دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىز مۈگدىمەكتە. ئۇ، ئاشۇنداق گاللۋاڭ، گۆشباش بولغاچقا قىز ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ كەتكەندۇ. ئۇ مەڭگۈ قىزنىڭ ئۇۋۋالىغا قېلىشى مۇمكىن. ھەتتا دوزاختا مەھكۇم بولۇشىمۇ ھەقلىق، چۈنكى ئۇ يېنىدا ھېسسىياتلىق بىر قىزنىڭ بارلىقىنى بىلمەي ئۇخلاۋاتقان مەخلۇق.

قىز ئارقىسىغا قارىمىغىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. ناخشا ئوقۇسام قانداق بولار، قايسى ناخشىنى ئوقۇسام بولار.

لەۋلىرىڭ كۈلىدۇ زەپ ئوماق،
كۆزلىرىڭ مۆڭلىنار نېچۈن يار؟
تونۇشتۇق ئۆزئارا كۆز بىلەن،
ئايرىلىپ بولامدۇق كېيىن زار؟

ئاۋازىمنىڭ قوپال ياكى سىلىق، يۇقىرى ياكى تۆۋەن، مۇڭلۇق ياكى مۇڭسىز ئىكەنلىكىنى ھەتتا قايسى ئاھاڭ بويىچە ناخشا ئوقۇغانلىقىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ ناخشا ئوقۇغانلىقىم ئېنىق. كۆزلىرىم جەزىرەگە تىكىلگەن. ئۇ ئارقىسىغا قارىدى. بۇ ئۇنىڭ مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن بۇيانقى تۇتۇنچى قېتىملىق قارىشى ئىدى.. سارالڭ، كۈلۈۋاتقىنىنى... ياكى مېنى زاڭلىق قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ بىر قېتىم ئۇبرانراق مۈگدىشۋالغان بولساق، ھەممە ئىشلار ئايدىڭلىشىپ كېتەتتى. بۇ مۇمكىن بولمايدىغان خىيال. ئادەملەر كۆپىنچە مۇمكىن بولمايدىغان خىياللارنى قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ. بۇ، ئادەملەرنىڭ مۇھتاجلىقى، ئامالسىزلىقى...

ئاپتوبۇسنىڭ سۈرئىتى مەنزىلگە يېقىنلاشقانسېرى تېزلىشىپ، باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. ياكى مېنىڭ ئۇ قىز بىلەن مۈگدا شماقچى بولغانلىقىمدەك مەقسىتىمنى بىلىپ قالغانمىدۇ؟ تاغ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغان قىپقىزىل قۇياش. قىزىللىقتا چۆمۈلگەن كائىنات. ئالۋۇنلارمۇ يوقالدى... قۇياشقا قاراپ تۇرغان جەزىرە ئېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقاندۇ... جەزىرەنىڭ يەنە ئارقىسىغا قارىشىنى تەمە قىلىپ ئولتۇرغان مەنچۇ؟... بۇلار قانداق كۆرۈنۈش، ھېكايىمۇ، ماي بوياق رەسىممۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم. مەن بۇ كۆرۈنۈشلەرنى روھىمنى ئاپتوبۇس ئىچىدىن بوشلۇققا قويۇۋېتىپ، يىراقتىن تېنىمگە، قىزغا، تەبىئەتكە نەزەر سېلىپ ئاندىن كۆرەلىدىم، يېڭى كۆرۈنۈشنى ئايقىدىم.

4

ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بارغانسېرى تېزلەشمەكتە. خۇددى ئۇچۇۋاتقاندەك يۈگۈرمەكتە. مەن بارا-بارا ھەممىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمەن. خىيال مېنى داۋاملىق ئۆزى تەرەپكە سۆرىمەكتە...

قۇملۇقتىكى قۇياش ئېمىدېگەن نۇرلۇق ھەم بۈيۈك-ھە! ئۇنىڭ قىپقىزىل نۇرلىرى تولىمۇ ئۇششاق ئاق رەڭدىكى ئەينەك قۇملارنىڭ ئارىسىغا كىپەك ئالتۇن چېچىۋەتكەندەك پارقىرىتىۋەتكەنىدى. مەن قىزىل رەڭلىك دۇنيادا ساپ، يۇمشاق، قۇملارنى يالىڭاياغ دەسسەپ، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە كېتىۋاتىمەن. بىراق، مەن ھازىر قۇملۇقنىڭ مەركىزىدىمۇ ياكى چېتىدىمۇ بۇنىسى نامەلۇم. چەكسىز قۇملۇق... ھەر بىر دەسسىگەندە قالغان ئىزلار شۇنداق ئېنىق ھەم چىرايلىق. كۆز ئالدىمدا دولقۇنلىنىپ تۇرغان قۇم دېڭىزى. كېتىۋاتىمەن. قانچىلىك ماڭغانلىقىم ئېنىق ئەمەس، ئېھتىمال بىرەر قەدەممۇ ماڭمىغاندىمەن. لېكىن مەن ئۇزاق ماڭدىم...

يىراقتىكى قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە بىرسىنى كۆردۈم، ئۇ بىر بالىغاچ بەدەندەك قىلاتتى... مەن ئاستا-ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. يالىڭاچ گەۋدە پۇتلىرىنى بىر-بىرىگە مىنگەشتۈرۈپ، قوللىرىنى ئىككى ياققا تاشلاپ ئەركىن-ئازادە ياتاتتى. ئۇنىڭ تولغان كۆكسىنىمۇ كۆردۈم. قۇياشنىڭ نۇرىدا تاۋلىنىپ، پارقىراپ كەتكەن ئاپئاق تەن مېنى جىددىي-

لەشتۈرۈۋەتتى. شۇنداقتىمۇ قەدەملىرىمنى يۆتكىمەكتىمەن. ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ قەدەم، ئىككى قەدەم، بىر قەدەم، مەنزىلگە يېتىپ كەلدىم... تىنىقلىرىم ئىتتىكلەپ، يۈرىكىم سېلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ قىز ھەقىقەتەنمۇ باشقىچە بىر دۇنيا ئىدى. ئاپئاق سۈزۈك بەدەنلىرى قاشتېشىغا ئوخشايتتى. بىر-بىرىگە مىنگەشتۈرۈۋالغان تۈكسىز پاقالچاقلىرى، پۇتلىرى، يانپاشلىرى، ئىككى ياققا خاتىرجەم تاشلانغان قوللىرى، قۇم ئۈستىدە كەڭ يېيىلىپ تۇرغان سارغۇچ چاچلىرى، بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن كىرپىكلىرى... ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى. مەن ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇپ تۇراتتىم. شۇ تاپتا مېنىڭ ئۆزىنى قۇچاقلىشىمنى كۈتۈپ ياتقان بولمىسۇن-يەنە! ئۇنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم. يەنە شۇ يالىڭاچ بەدەن، نازۇك ئەزالار، گىرەلىشىپ كەتكەن كىرپىكلەر. ئۇ، كۆزىنى ئاچىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنى تۇتۇپ قويساملا پارتلاپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇدا ئىدىم. سەۋرى قاچام تاشتى. ئاستا-ئاستا بوينىمنى ئەگدىم. ئەسلىدە ئۇنى مەن چاقىرىپ باقسامۇ بولاتتى. لېكىن ئۇنداق قىلمىدىم. ئىككى قولۇم بىلەن قۇمنى تايىنىپ تۇرۇپ، لەۋلىرىمنى ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرىگە يېقىنلاشتۇردۇم. ئۇنىڭ تىنىقى توختاپ قالغاندەك، ھېلىلا ھەر بىر تىنغاندا يېنىك كۆتۈرۈلۈپ، پەسىيىپ تۇرغان قورسىقىمۇ ھەرىكەتتىن توختىغانىدى. ئۇ لەپپىدە كۆزىنى ئېچىپ قالسا قانداق ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالارمەن-ھە! ھەر ھالدا ياۋايىلىق بىلەن ئىش قىلماي... مەن ئەخلاقنىڭ چۆل جەزىرىسىدە ئەخلاققا قايتتىم. راست، بۇ قىز ئۆلۈكمىدۇ ياكى تىرىكمىدۇ ياكى قۇملۇق ئالۋاستىسىمىدۇ... تۇۋا. لەسسىدە بوشىشىپ كەتتىم. ئۆلۈكنى سۆيۈش تولىمۇ بىمەنىلىك، راستىنى ئېيتقاندا ئىنكاس، ھېسسىيات، ماسلىشىش بولمىغان ئادەمگە قارىتا نەدىبىر ھەرىكەتلەرنى قىلىپ يۈرسەم كۈلكىلىك ئىش بولۇپ قالامدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەكسىز كەتكەن تەكلىمان قۇملۇقىدا بۇنداق پەرىزات نېمە ئىش قىلسۇن؟ ئالدىمدا ياتقىنى چوقۇم ئالۋاستى. ھېلىلا ئىتتىكلەپ كەتكەن نەپەسلىرىم، بولالماي قىزىپ كەتكەن تېنىم ئەسلىگە قايتتى. قىزنى سۆيمەي، ياخشى ئىش قىلغاندىمەن. ئېھتىمال ئۆزۈمنى ھالاكەت گىردابىدىن ساقلاپ قالغاندىمەن. مەن ئىختىيارسىز ئورنىمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئۆزۈمنىڭ قىزنىڭ بېشىدا ماتەم تۇتقان كىشىدەك تۇرغانلىقىمنى كېيىن بىلدىم. مەنمۇ ئۆزۈمنى ئەر دەپ يۈرىمەن--ھە! ئۇنى قۇمغىلا بېسىپ سۆيۈپ كەتمىگىنىمگە، بەدەنلىرىنى توختىماي سىلىمىغىنىمغا كېيىن پۇشايمان قىلارمەن؟... ناتايىن، مەن ئاستا-ئاستا ئارقىغا ياندىم... قىز مېنى سىنىغان بولسىچۇ؟... ئىست-ئەسىت، ئالۋاستى بولسىمۇ مەيلى ئەمەسمىدى. ئالۋاستىدىمۇ كۆڭۈل بولۇشى مۇمكىن. ئۇمۇ ئۆزىنى خۇشال قىلىشنى خالايدىغاندۇ، ئالسا شۇ جاننى ئالىدىغۇ... يېنىۋەردىم. كۆزۈم يالىڭاچ تەندە، قانچىلىك ياتقانلىقىمنى بىلمەيمەن، بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ ئۈگدامغا چۈشكىلى تاسلا قالدىم. يۈرىكىم «قارت» قىلىپ ئارقامغا قارىدىم. چېچەكلىرى قۇرۇشقا باشلىغان يۇلغۇن دۆۋىسى... يەنە قىزغا قارىدىم. ئۇ قەيەرگىدۇ غايىب بولغانىدى. ئۇنىڭ ساغرىسى پاتقان قۇم يۈزىدە ئىزلا قاپتۇ. بىراق بىر ياققا ماڭغان ئاياغ ئىزىمۇ يوق ئىدى. مېنىڭ ئاياغ ئىزلىرىم بولسا شۇ پېتىچە تۇرۇپتۇ. ئۇ راستىنلا ئالۋاستى ئىكەن. قۇچاقلىغان بولسامچۇ.. قورقۇپ يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمىدى. ئارقامدىن بىرسىنىڭ يېنىك تىنغان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتامدۇ-نېمە؟ چوقۇم ئالۋاستى قىز. ئۇ ئارقامدا يەنىلا بايىقىدەك گۈزەل جەزبىدار قىياپەتتە تۇرغانمىدۇ ياكى ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كەتكەنمىدۇ. يۈرىكىم سېلىپ كېتىۋاتىدۇ. قانداق ئىشلار بۆز بېرىپ كېتەر.. قورقۇمسىراپ ئارقامغا قارىدىم. يەنە شۇ نازۇك يالىڭاچ بەدەن... ئۇ كۈلۈپ تۇراتتى. دۇنيانىڭ بارلىق خۇشاللىقى، قايغۇسى ئۇنىڭ تەبەسسۇمىغا مۇجەسسەملەشكەندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ چىرايىدىن مېھرى-مۇھەببەتنىمۇ، مۇڭ-ھەسرەتنىمۇ تاپقىلى بولاتتى. كۈلۈپلا تۇرغان چىرايمۇ ئادەمنى بىزار قىلىدۇ. بۇنداق چىرايدا قايناق ھېسسىيات يوق.

ئۇنىڭ مىقتا كەلگەن كۆكسى، تولغان ساغرىسى، ئاندىن... ھەممىسىنى كۆردۈم. ئېھتىمال

خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتكەندىمەن. لېكىن، مېنىڭ ئىزا تارتىشىم، خىجىل بولۇشۇم ھېچنەرسىگە ئەرزىمەي قالدى. چۈنكى ئۇنىڭدا نە خىجىل بولۇش، نە يىپىرقاش دېگەندەك ئالامەتلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. كۆزلىرىمنى ئېلىپ قاچماقچى بولساممۇ لېكىن دىققىتىم يەنىلا ئۇنىڭدا...

— سىز كىم بولسىز؟

راست، مەن كىم؟ ئاشۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ كىملىكى توغرىسىدا ئويلاندىم. توۋا، مەن كىم بولغىيدىم؟

قىزنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازىمۇ مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن بۇنداق ساپ، زىل، سۈزۈك يېقىملىق ئاۋازنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئاڭلاپ باقمىغانمەن. چۈنكى ئۇنىڭ ئاۋازىدىمۇ مۇڭ، ھېسسىيات، مۇزىكا مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئاۋازنى مەن بۇرۇن ئاڭلىغاندەك، ماڭا تونۇش-تەك ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان مۇزىكا. بەدەنلىرى ئۇستا ھەيكەلتىراش ماھىرلىق بىلەن ياساپ چىققاندەك شۇ قەدەر نەپىس ۋە گۈزەل، بىر يېرى كەم ياكى ئارتۇق ئەمەس. مەن سەنئەت خاراكتېرىنى ئالغان بۇ تەن ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىم توغرىسىدا نېمە دېيىشمنى بىلمەيتتىم.

— مەن، مەن بىلمەيمەن.

دۇدۇقلىغىنىمچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم...

راست، مەن بۇ قۇملۇققا نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىم؟ بىلمەيمەن. مەن كىمنى ئىزدەيمەن، ئىزدەيدىغان كىمىم بار؟ ئەسلىدە مېنىڭ بىرسىنى ئىزدىشىمنىڭمۇ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. قۇملۇقتا بىرىنچى بولۇپ ھېس قىلغىنىم مەقسەتسىزلىك ۋە پاناھسىزلىق... ناۋادا بۇ قىز ئالۋاستى بولۇپ قالسا... ئالۋاستى بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئالۋاستى مۇشۇنداق پەرىزاتقا ئايلانغانىكەن، ئۇنى سۆيۈش كېرەك. ئۇمۇ چوقۇم بۇ نۇقتىنى چۈشىنىدۇ.

— سىز ئالۋاستىمۇ؟

توۋا، ئۇ تېخى مېنىڭدىن سورايدىغۇ، مەن ئادەممۇ ياكى ئالۋاستى؟ شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ ئادەملىكىدىنمۇ گۇمانلىنىپ قېلىۋاتىمەن. مەن ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالدىممۇ-يا؟ ئېھتىمال چەكسىز قۇم بارخانلىرىدىكى تەنھالىقىم ئۇنىڭ نەزىرىدە مېنى ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. خۇددى قىزمۇ مېنىڭ نەزىرىم-دە ئالۋاستى دەپ قارالغانغا ئوخشاش. قارىغاندا ئۇ ئادەمزات بولسا كېرەك.

— ئۆزىڭىز ئالۋاستىمۇ؟

— ياق.

بەلكىم ئالەمدە ئالۋاستى مەۋجۇت ئەمەستۇ. ئالۋاستى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى يەنىلا ھەممىگە قادىر ئىگىمىز باشقۇرىدۇ.

— قۇملۇقنىڭ ئاستىدا بىر شەھەر بار. مەن شۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزى بولىمەن. قۇملۇققا دائىم دېگۈدەك قاقلانغىلى چىقىمەن، — دېدى ئۇ بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن. توغرا، تەكلىماكاننىڭ ئاستىدا بىر شەھەر بار. تەكلىماكانغا بارغان كىشىلەر تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئاللىقانداق قىتۇر يەرلىرىدىن مۇزىكا ھەم ناخشا ساداسىنى ئاڭلاي-دىكەندۇق. بىراق، ئادەمنى تاپقىلى بولمايدىكەن...

قىز بارغانسېرى ئالدىمغا يېقىنلاپ كەلمەكتە. ئۇ نومۇس، ھېيىقىش دېگەنلەرنى بىلمەيدىغاندەك-لا ئىدى. راست، بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ئىنس-جىن بولمىغان بۇ چەكسىز قۇملۇقتا بىزگە ساختا خىجىللىقنىڭ نېمە كېرىكى؟

ئۇنىڭ كۆكۈش كۆزلىرى شۇنداق نۇرلۇق ئىدى. كۆزلىرىدىن سۆيگۈ، مېھرى-مۇھەببەت، خۇشاللىق، بەخت-تۇيغۇلىرى ئەكس ئېتەتتى. دەسلەپتە مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم... ئارقىدىنلا ئەسەبىيلەرچە قۇچاقلىۋالدىم؛ ئۇنىڭ بەدىنى شۇنداق سىلىق ھەم ئوتتەك قىزىق ئىدى. لەۋلىرىنىڭ تاتلىقلىقچۇ تېخى؟... ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى مېھرىبانلارچە سىلىدىم. ساغرىسى، كۆكسى، دۈمبىسى، مۈرىسى، بۇ بەدەن شۇ قەدەر يۇمشاق ئىدى. مەن ئۇنىڭ بەللىرىنى يەڭگىل ئېگىپ قۇم ئۈستىگە ياتقۇزدۇم. ئۇ ھەممە ئىختىيارىنى ماڭا تاپشۇرغاندەك مەستخۇش

ھالەتتە ياتاتتى. تېنىم ئاللىقاچان ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقان بولۇپ، روھىم بىر خىل مەستخۇش ئىچىدە بوشلۇقتا غۇۋا لەيلەپ يۈرەتتى. بىز قانچىلىك ۋاقىت ياتقانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. بىزنىڭچە ۋاقىت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئىككى قولۇم بىلەن قۇمغا تايىنىپ بىردەم تورۇۋالغاندىن كېيىن بېشىمنى قىزنىڭ كۆكسى ئوتتۇرىسىغا قويدۇم... مەن ئۆزۈمنى سەنئەت بوشلۇقىدا يۈرگەندەك سېزەتتىم. مۇھەببەت سەنئەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسىمىدۇ؟... چۈنكى بۇنداق مەستخۇشلۇق تەننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوققا چىقىرىدىكەن. بېشىمنى كۆتۈردۈم. قىز كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى تولىمۇ يېقىملىق ئىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدە تويۇنۇش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. مەن يىغلاۋەتتىم. نېمىگە يىغلىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. مەن يىغلىمىغانىدىم. مەن پاك تەندىن، يەنى ساپ سەنئەتتىن ھوزۇرلاندىم. ئېھتىمال مەن ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىۋاتقاندىمەن... بىراق، مەن ئېرىشكەن لەززەت باشقىچە لەززەت، مەن قۇچاقلىغان تەن باشقىچە تەن. بۇنداق تەن پانىي دۇنيادىكى بەزىلەر ئارىسىدا يوق. بار دېگەندىمۇ پانىي دۇنيا ئەرلىرىنىڭ ئاياللىرىدىن يوشۇرۇپ، كۆڭلىدە تەشنا بولىدىغان روھىي پەرىزات بولۇشى مۇمكىن. دېمەك بۇنداق نازۇك ئەزالارغا، مۇڭلۇق ئاۋازغا، ئۆزگىچە سېھرىي كۈچكە ئىگە تەن پەقەت ئەرلەرنىڭ روھىدىلا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالايدۇ.

— يىغلاپسىزغۇ؟

مەن مېيىقىمدا ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق بىلەن كۈلۈپ قويدۇم.

— ساراڭ.

ئۇ مېنى يېنىك تۇرتتى. ئۇنىڭ «ساراڭ» دېگەن سۆزى بىلەن مېنى تۇرتىشى ئۇزۇن يىل بىللە ئۆتكەن ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ مۇئامىلىسىگە ئوخشايتتى.

— ئاپا قېشىڭىزغا كەلگەندە نېمىشقا جىمجىت يېتىۋالىسىز؟

— سىزنى قانداق قىلاركىن دېگەنىدىم. مەن توغرا پەرەز قىلغان ئىكەنمەن. مانا ئەمدى ئارىمىزدا ھېچقانداق توساق قالمىدى. ئەزەلدىنلا توساق يوق ئىدى.

— قايتايلى.

## 5

بىز ئۆيگە قايتىپ كەلدۇق. كۈندۈزدە قايتىپ كەلدۇقمۇ ياكى كەچتىمۇ، ھەر ئىككىمىز بىلمەيمىز. ئىشقىلىپ بىز ئۆيدە تۇراتتۇق. قىزنىڭ ئىسمىنىمۇ سورىماپتىمەن.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئايتېكىن، — دېدى ئۇ.

— ھەجەپ قاراپ كەتتىڭىزغۇ؟

— سىزگە ھەۋەسلىنىپ كېتىۋاتىمەن. ئۆزۈمگە ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— شۇنداقمۇ، كېيىن كۆنۈپ قالىسىز. ئۇ ئېرەنسىزلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئەگەر ئايتېكىن مۇشۇنداق يالىڭاچ پېتى تالاغا چىقىدىغان بولسا پانىي دۇنيانىڭ ئاياللىرى ھەيران قېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئاياللار بۇنداق سەنئەت خاراكتېرىنى ئالغان قىزنى مەڭگۈ ھەتتا چۈشىدىمۇ كۆرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ساغرىلىرى، بەللىرى، چېچىنىڭ ئاستىدا قالغان يەلكىسى... بۇنداق قىزنىڭ ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئايتېكىننى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقى مەڭگۈ يوقالمايدۇ. ئېسىدىنمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا ئۆزىدىكى سېھرىي قۇدرەتنى يوقاتمايدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ مەلۇم مەزگىل زىلزىلە پەيدا قىلىدىغان ناخشا چولپانلىرىغا، تەنتەربىيە چولپانلىرىغا زادى ئوخشىمايدۇ...

ئايتېكىن ياتاقتىكى ھەر بىر نەرسىگە قىزىقاتتى. بىر-بىرلەپ سىلاپ چىقاتتى. ئۇنىڭ ساددىلىقىچۇ-تېخى... بىراق، ئۇ ھازىرقى زامان ئادەملىرىنى چۈشەنمەيدۇ. ئادەملەرنىڭ خاتىرجەم، توققۇزى تەل، بەختلىك ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنگىنىنى بىلەن ئۆلۈم ئەندىشىسى ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. پىلانىتلارنى ۋەيران قىلالايدىغان قوراللارنى ئىشلەپچىقى-

پىلانلارنى ۋەيران قىلالايدىغان قۇراللارنى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى هالاك قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئويلىمايدۇ. تەبىئەتنى يالاپ تۈگىتىپ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇپ ئۆزىگە گۆر قېزىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ... لېكىن مەن يەنىلا ياشاپ كېلىۋاتىمەن. مەن مۇشۇنداق مەتانەت بىلەن ياشاپ ئادەملەردىن نېمىنى كۈتىدىغاندىمەن، مەقسەت ئېنىق ئەمەس.

ئايتېكىن ئىككىمىز ئۆيدە قانچە ئۇزۇن تۇرغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. ئېھتىمال بىرەر ئەسىردىن ئاشقاندۇ. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئەزەلدىنلا تارغىنە ياتاقتىن باشقا ئۆيۈم بولۇپ باققان ئەمەس. لېكىن مېنىڭ هازىر ئىككى قەۋەتلىك ئۆيۈم، ئايالىم بار. تاملارغا چاپلانغىنى ئايتېكىن ئىككىمىزنىڭ يالىڭاچ سۈرەتلىرى. بىز ئىككىمىز ئۆيدە يالىڭاچ يۈرىمىز... بۇ بىزنىڭ تەبىئىي ياشاش ئۇسۇلىمىز.

6

— تاك، تاك.

ئىشىك چېكىلدى.

— كىم؟

— بىز، ساقچى ئىدارىسىدىن.

ئىشتىن چاتاق چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئايتېكىن جىمىلدىقتا ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇ يالىڭاچ. مەنمۇ شۇنداق... ئالدىراپ كىيىنىپ ئىشىكنى ئاچتىم...

— هېلىقى قانۇنسىز ئەكىلىۋالغان نومۇسسىز ئايالىڭ قېنى؟

تۆت ساقچى كىرىپ كەلدى. ئارقىسىدا مەھەللە كومىتېتىدىكىلەرمۇ بار ئىدى.

— نېمە؟ مەن هېچنەرسە چۈشەنمىدىم.

— خۇپسەنلىك قىلما؟

— مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئىككىڭلار ئۆيدە داۋاملىق يالىڭاچ يۈرىدىكەنسىلەر. تاملىرىڭغا يالىڭاچ شەهۋانىي رەسىملەرنى ئېسىۋاپسىلەر، — دېدى يەنە بىرى.

— بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى.

— ئاختۇرۇڭلار.

— باشلىق، هېلىقى بۇزۇق كارىۋاتتا ياتىدۇ.

— كۆزۈڭنى ئاچ!

— كىم؟

ئايتېكىن كارىۋات پەردىسىنى قايرىپ يالىڭاچلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى-دە، هەيرانلىق ئىچىدە ساقچىلارغا بىر-بىرلەپ قاراپ چىقتى... ساقچىلار بىلەن بىرگە كىرگەن قوشنا-قولۇملار خىجىللىقتىن باشقا تەرەپكە قارىۋېلىشتى.

— هەي هاياسىز، كىيىمىڭنى تېزدىن كىيىۋال! جامائەتنىڭ ساڭا بولغان نارازىلىقى كۈچلۈك.

— بىز باشقىلار ئۈچۈن ياشىمايمىز.

— باغلاڭلار بۇ نومۇسسىزنى، خەلقى ئالەم ئالدىدا سازايى قىلىپ، چالما كېسەك ئېتىپ ئۆلتۈرىمىز.

ساقچىلار ئايتېكىننىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئايتېكىنمۇ ساقچىلارغا تاشلاندى. شۇ تاپتا ئۇنى كىممۇ نازاكەتلىك خېنىم سۈپەت قىز دېيەلىسۇن؟ مەن هەيران قالدىم. ئۇنىڭ يۇمشاق، سىلىق مۇسكۇللىرى قاتتى. چىرايى غەزەپلىك تۇسكە كىردى. چىشلىرى كىرىشتى. مۇشتۇملىرى قاتتىق تۈگۈلدى. كۆكۈش كۆزلىرىدىن ۋەھشىلىك، رەھىمسىزلىك نۇرلىرى چاقنىدى.

— نوھوي، ئاپئاق قىز، ئاچچىقىڭىز كېلىپ قالغان ئوخشىمامدۇ. ساقچى ئىدارىسىگە ئاشقىڭىز بىلەن بىرگە بارىسىز.

— قولۇڭنى تارت!

تۇۋا، ئايتېكىن بىر مۇشت بىلەن ئايال چىراي كۆسا ساقچىنى ئۈگدىسىغا چۈشۈرۈۋەتتى.

— ئوق ئېتىڭلار!

— ئايتېكىن!

ئايتېكىنگە ئوق تېگىش بىلەن تەڭ ئۆيدىن غايىب بولدى. ئۇ ئۆلگەنىدى. پولدا بىر تامچە قان تۇراتتى. مانا ئەمدى ھەممىسى تۈگىدى. ياق، ئايتېكىن ھايات. مەن ئۇنى يەنە ئۇچرىتىمەن... مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەلەملىك يىغلاۋاتىمەن. روھىمدىن توپان بالاسى كۆتۈرۈلدى.

7

ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىز كېتىۋاتقان ماشىنا. ئېگىز بىنالار. ۋاقىت بارغانسېرى قىسماقتا. مەقسەت ئېنىق بولغاچقا ۋاقىت مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتالمايۋاتىدۇ... قاقاس تاغلار تۈگەپ، كوچىلار، ئېگىز بىنالار، ئادەملەر توپى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە... قىز ئارقىسىغا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، مۆڭگۈلۈك تەبەسسۇمى يوقالغانىدى، قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ... ياق، ياق. ئۇ شۇ تاپتا نېمىلەرنى خىيال قىلىۋاتقاندۇ. ئىشىنىمەن، ئۇ جۇدالىق منۇتلىرىنىڭ بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتىدۇ. ئويلاۋاتىدۇ. بىلىۋاتىدۇ. تاتارغان چىراي... ئېھتىمال بۇ يېزىدىكى ۋاقىت خاراكتېرلىك ھېسسىيات بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىلگىلى بولمايدۇ... كېيىنكى ئىشلار قانداق بولۇپ كېتەر. تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز... بېكەتكە يېتىپ كەلدۇق. ئۇ ماڭا قارىدى. ئاچچىق كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ھەسرەت، ئەپسۇسلىنىش، يىغا كۆمۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئىچىدىكى ئازابلىرىنى ھەسرەت ئارقىلىق ئىپادىلەۋاتقاندەك قىلاتتى.

بىز بېكەت دەرۋازىسىدىن سىرتقا چىقتۇق. ئۇلار بىرنەچچە قەدەملا ئالدىمدا كېتىۋاتىدۇ. قىزنىڭ تولغىنىپ تۇرغان ساغرىسى، ئىنچىكە بەللىرى، مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرى، لەرزان قەدەملىرى ئۇنى تولىمۇ مەغرۇر كۆرسىتەتتى. مەن سەدىقە ئالالمىغان دىۋانىدەك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ كېتىۋاتىمەن... دىۋانە...

— ماشىنا توسۇپ ماڭايلى.

ماۋۇ گالۋاڭنىڭ گېپىنى قانداق قىلاي، ئۈچ كۈندىن بۇيان گەپ قىلماي ئولتۇرسا گاچىمىكىن دەپتىكەنمەن. زۇۋانى بار ئىكەن ئەمەسمۇ!...

— ئۈچ كۈن ماشىنىدا ئولتۇرۇپ زېرىكمىدىڭىز-مۇ؟ بىردەم بولسىمۇ پىيادە ماڭايلى.

قىز مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى دېدى. كىم بىلىدۇ ماڭا تارتىشىۋاتامدۇ- تېخى!...

— ھاردۇقنى ئۆيگە بېرىپلا ئالايلى.

ھۇ ئاناڭنى گالۋاڭ دەيۈز! قىز ئۈنچىقمىدى. ئۇلار چوڭ يولغا چىقىپلا ماشىنا توستى. قىز ئارقىسىغا قارىدى. مەن ھەممىنى ئېنىق كۆردۈم. ئۇ يىغلىغانىدى. بېرىپلا ئېسىلىۋالغۇم كەلدى. باشقىلار مەن ئۈچۈن يىغلاۋاتسا بۇتتەك تۇرسام قانداق بولىدۇ... ئادەم پانىي دۇنيادا تەسەللى ئۈچۈن ياشايدۇ. لېكىن مەن بۇتتەك تۇرۇۋەردىم. مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلمەيمەن؟ ئۇ تەسەللىگە مۇھتاج، مەنمۇ ھەم شۇنداق... بىزنى توسۇپ تۇرۇۋاتقىنى نېمە؟.. بۇنى ئويلىغۇم يوق. قىز ماشىنىغا چىقتى. گالۋاڭ ھېچنەرسىنى بىلمىگەن بولسا كېرەك. ماڭا ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، شوپۇرنىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردى. ئۇلار كەتتى. ئېھتىمال ئۇ مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەندۇ، مەنمۇ ماشىنا كىرا قىلىپ قوغلىشىم كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ سۆيگۈنى بار، لېكىن باشقىلار مېنىڭ بۇنداق ئاق كۆڭۈللۈكۈمنى بىلمەيدۇ. چوقۇم مېنى ئەيىبلىشى تۇرغانلا گەپ. مەن شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان يولدا ئۇزاقتىچە تۇردۇم.

مەن بىرنەرسەمنى يوقىتىپ قويدۇم. ئىزدەۋاتىمەن. شەھەرنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ- پۇشقاقلىرىنى چاللا قويماي ئىزدەۋاتىمەن. نەتىجىسىز. ئۇ ئۆلگەندەك قىلاتتى.

ئويلاپ باقسام ئۇنچىلىك قىلىپ كېتىشىمگە ھاجىتى يوق ئىكەن. لېكىن مەن ئۇنداق قىلمىدىم.

8

ئۇ ئۆلمىگەنىدى.

ساپسېرىق غازاڭ بىلەن تولغان مىسكىن باغچا، كۈز پەسلىنىڭ ئادەمگە سوۋغا قىلغان كونا مەنزىرىسى. مەن باغچا ئىچىگە قانداق كىرىپ قالغانلىقىمنى، چەت، خىلۋەت يېرىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىلى قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقىنى بىلمەيمەن... ئادەمنىڭ تەنھالىقى ۋاقىتنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ... يىراقتىن بىر جۈپ ئاشىق- مەشۇق قولتۇقلىشىپ مەن تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. تونۇش تەن، زىلۋا قامەت، ئىككى ياققا يېيىلىپ تۇرغان چاچلىرى، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلىدىغان ساپسېرىق يۈڭ كۆڭلەك تەبەسسۇم بىلەن رەڭ تالىشىپ قالغانىدى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئۇ، ئاپتوبۇستا مەن «جەزىرە» دەپ ئاتىۋالغان قىز ئىدى. يېنىدىكى يىگىت ھېلىقى گالۋاڭ ئەمەس... ئۇلار مەغرۇر قەدەم بىلەن مەن تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. جەزىرە خۇددى يىگىتى قېچىپ كېتىدىغاندەك ئۇنىڭ بىلىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋالغانىدى. بىرنەچچە قەدەملا قالدى. لەۋلىرىمنىڭ قانچىلىك ئېچىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىم. بىراق ئۇ ئېرەنسىزلىك بىلەن مەن تەرەپكە قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن لاسسىدە بولۇپ قالدىم. ئۇ، جەزىرە ئەمەسمىدۇ؟ ئېھتىمال خاتا تونۇپ قالغاندىمەن، ياق، ياق. ئۇنىڭ سېرىق يۇڭ كۆڭلەكنىڭ ئىچىدىكى تېنى، تولغىنىپ تۇرىدىغان ساغرىسى، قەدەم ئېلىشلىرى... بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى خاتىرەمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ. ئۇ بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قالغان بولسام، «تونۇمايمەن» دېسە قانداق بولۇپ كېتەر ئىدىم. ھەتتا يېنىدىكى يىگىت بىلەن بىرنەرسە دېيىشىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇلار مەندىن سەل نېرىراقتىكى گۈللۈك ئارىسىدىكى چىملىقتىن ئورۇن ئالدى. قىز مەن تەرەپكە بىر قېتىم قارىسا تېخىمۇ ئېنىق تونۇۋالاتتىم. لېكىن قىز قارىمىدى. ئۇلار خۇددى بۇ ئالەمدە پەقەت ئىككىسىلا ياشاۋاتقاندەك خاتىرجەم ئولتۇرۇشاتتى. يىگىت قىزنىڭ بېلىدىن تۇتۇۋالغان بولسا، قىز بېشىنى يىگىتنىڭ كۆكسىگە قويۇۋالغانىدى. ئۇلار مېنى تازا كۆرۈۋالسۇن دېگەندەك مەگزىلىرىنى مەگزىگە ياقتى. ئىشلار تەبىئىي يۈرۈشمەكتە. يىگىت قىزنىڭ بويىندىن ئېلىپ سۆيۈشكە باشلىغاندا، قىز رايىشلىق بىلەن كۆزىنى يۇمۇۋالدى... مەنچۇ؟ ماڭا نېمە بولدى. خورلۇق ھېس قىلدىممۇ؟ بىلمەيمەن. لېكىن تۈكۈرۈكلىرىمنى توختىماي يۇتاتتىم. ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن كېتىش! نەزىرىمدە ئەخلاق ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان چىملىقتىن كېتىش ئەڭ ياخشى چارە ئىدى. گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك گىرەلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئولتۇرىسىدا پەرقىمۇ قالمىدى. ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ كېتىۋاتىمەن. ناۋادا شۇ تاپتا تېنىمگە بىرەر يات جىنس تېگىپ كېتىدىغان بولسا، تېنىم پارتلاپ كېتىدىغاندەك قىزىپ كېتىۋاتەتتىم... مانا، ھەممىسى تۈگىدى... باغچا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندىلا تېنىم قىزىشتىن توختاپ ئۆزۈمنى يەڭگىللەپ قالدىم. مەن رەزىللىكتىن قۇتۇلغانىدىم. ئېھتىمال ئۇلارمۇ ئادىمىلىككە، ئەخلاققا قايتىپ جىمجىت ئولتۇرۇۋاتقاندۇ... شۇنداقتىمۇ مېنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى قەھرىمانغا ئوخشاپ قېلىشىم، مېنى خورلۇق ئىچىدە ئازابلاۋاتاتتى.

9

مەن خىيالىمدىكى پەرىشتە — ئايتېكىننى ئىزدەۋاتىمەن...

ئۈزلۈكسىز دولقۇنلىنىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان قۇم دېڭىزى. پۈتكۈل زېمىن قۇم بىلەن قاپلانغاندەك، قۇملار قىمىرلاۋاتقاندەك بىلىنمەكتە. ئېغىر سۈكۈت ئىچىدىكى تەكلىماكان...

مەن قۇملۇقتا كېتىۋاتىمەن. ساپ، يۇمشاق قۇم تاپانلىرىمنى غىدىقلاپ مېنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئايتېكىن، مەن ئۇنى ئۇچرىتالارمەنمۇ، نۇرغۇن-نۇرغۇن قۇم بارخانلىرى ئارقامدا قالدى. ھېچقانداق ھاياتلىقنى ئۇچرىتالمىدىم. ياشاشنىڭ نەتىجىسىزلىكى ماڭا ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلماقتا... ئايتېكىن مەۋجۇتمىدۇ، نېمىشقا ئالدىمغا چىقمايدىغاندۇ. مەن سەنئەت تۇيسىنى ئالغان پەرىشتەمنى تاپماي قويمايمەن. ئۇزاق ماڭدىم. ماڭمىغان بولۇشۇممۇ مۇمكىن. يىراقتىكى قۇم دۆۋىسىدىن بىرنەرسىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن... ئاخىرى يۈگۈردۈم. مېنىڭ كۆرگىنىم كۆك يايلىق بۆرە ئىكەن. بۆرە كۆزىنى ماڭا تىكىپ تۇراتتى. قۇملۇقتا بۆرىگە نېمە بار؟ مەن بۆرىنىڭ قېشىغا بېرىشقا بىرنەچچە قەدەم قالغاندا بۆرە ئارقىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. بىز ئۇزاق ماڭدۇق. مەن ھارمىدىم، ھېرىشىممۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى... ئاسماننىڭ ئاللىقانداقتۇ يەرلىرىدە ئىس-تۈتەك پەيدا بولۇپ بىز تەرەپكە يېقىنلاشماقتا. بۆرە پات-پات ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويىدۇ. تۇيۇقسىز قويۇن كۆتۈرۈلۈپ، قۇملۇق ھېچنەرسىنى كۆرەلمىگۈدەك دەرىجىدە قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. مەن نېمە بولغاندىمەن؟... كۈيىقاپنىڭ

ئىچىگە كىرىپ قالدىمۇ ـ نىمە؟ كۆزۈمنىمۇ ئاچالمىدىم. خۇددى كۆزۈم يوقتەكلا... بىرپەستىن كىيىن ئەتراپ جىمىپ قالغاندەك بولدى. خۇداغا شۈكرى، ھەرھالدا كۆرۈش سېزىمىم يوقالماپتۇ. ئۆزۈم ياپيېشىللىققا پۈركەنگەن ئورمانلىقتا تۇرۇپتىمەن. بۆرە قاياقىدۇر غايىپ بولغانىدى. جىمجىت ئورمانزارلىق، خىلمۇ خىل نەسلىدىكى قۇشلار. بىراق، ئۇلار سايراشتىن توختاپ قالغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلگەنىدى. مەن ئۆزۈمنى بۇ ئورمانزارلىققا لايىق ئەمەستەك، تەبىئەتنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزغاندەك سەزمەكتىمەن. ئېرىقتىكى سۇزۇك سۇنىڭمۇ ئاۋازى ئۆچكەن. ئەڭ قورقۇنچلۇق يېرى شۇكى، دەرەخ سايىسىدە يولۋاس، شىر ۋە باشقا ۋەھشى ھايۋانلار تۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇلارمۇ جىمجىت. «ۋايجان!» قورقىنىمدىن ۋارقىراپ تاشلىدىم. كۆزەينەكلىك يىلاننىڭ بېشىغا دەسسەپ سالغىلى تاسلا قالغاندىم. بۇ يەرگە بوغما يىلانلارمۇ تولۇپ كېتىپتۇ... جىمجىت تەبىئەت... تووا، ئاۋازمۇ ھاياتلىقنىڭ مۇھىم قىسمى ئىكەن. جىمجىتلىق جىنىمغا زامىن بولىدىغاندەك قىلاتتى. مېڭىۋاتىمەن، خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئالدى نەرەيتىن قەدىمكى قەلئەلەر كۆرۈندى. جىمجىتلىققا مەھكۇم بولغان قەلئەمۇ تېنىمگە تىترەك ئولاشتۇرماقتا. بىر ـ بىرىگە تۇتاش كەتكەن ئۆيلەر.. ئۇزۇن كارىدور. بىراق بىرەرمۇ ئادەم يوق. قېنى ئىچكىرىلەپ كىرىپ باقاي. ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، ئۆيلەرنىڭ ئىچىمۇ ئالاھىدە زىننەتلەنگەن بولۇپ، تامدىن تارتىپ يەرگىچە گىلەم سېلىنغانىدى. دېرىزىلەردىكى يىپەك پەردىلەرگە خىلمۇ خىل يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ، قۇشلارنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بەزى مەخلۇقلارنى مەن كۆرۈپمۇ، ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدىم. ئېھتىمال ئاللىقاچان نەسلى قۇرۇغان ھايۋانلار بولسا كېرەك... تاۋار پەردىلەر. ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا ـ قۇچىلار... ئۆيلەر ھېچ توگىمەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مېڭىۋېرەي... يىراقتىن يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. كارىدورنىڭ بېشىغا چىقىپ تۇرۇپلا قالدىم. كەڭ كەتكەن مەيدان... ئوچىسىغا قەدىمكى زاماننىڭ ئۇرۇش كىيىملىرىنى كىيىۋالغان كىشىلەر بىر سەپ، ئايالLAR ۋە باللار بىر سەپ بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ

ھەممىسىنىڭ چېھرىسى تىلىنغان بولۇپ، قان تامچىپ تۇراتتى. باشلىرىدا يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ پەيلىرى. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يىغلاۋاتىدۇ. مەن كىشىلەر توپى ئىچىگە كىرىپ ئالغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. تووا، مېنىڭ بىلەن نېمىشقا ئۇلارنىڭ چاتىقى بولمايدىغاندۇ؟ بۇلارغا نىمە بولغاندۇ؟ كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈپ ھەممىسىنىڭ ئالدىغا باردىم. مەيداننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى گىلەم ئۈستىگە بىرسىنى ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە يېشىل تاۋار يېپىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا بېشىغا ساپسېرىق ئالتۇندىن ياسالغان تاج، ئۇچىسىغا قاتمۇ ـ قات مىس تەڭگىلەرنى چېتىشتۇرۇپ توقۇلغان دوبۇلغا كىيىۋالغان، يېنىغا ئۇزۇن قىلىچ ئېسىۋالغان بىرسى يىغلاپ تۇرۇپتۇ. كۆڭلۈم بىرنەرسىنى تۇيۇۋاتىدۇ. ئۇ ئايتېكىن، يېنىدىكى كىشى پادىشاھ بولسا كېرەك. ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي يىغلاۋاتىدۇ. كىشىلەرگە قارىدىم. ئۇلار يىغلاشماقتا... ياش بىلەن تولغان كۆزلەر. ئاسمانغا قارىدىم. قۇياشمۇ يوقاپتۇ. جىمجىت مەيدان، بۇ ئۆلۈم مەيدانى، ماتەم مەيدانى. كىشىلەر يىغلىماقتا، پۈتۈن مەۋجۇدات يىغلىماقتا... مەيلى نىمە بولسا بولسۇن، كۆڭلۈم تۇيدى. يوپۇقنى ئاچاي... ئاھ!...

— ئايتېكىن!

مەن يوپۇقنى قايرىپلا ئۆزۈمنى ئايتېكىننىڭ ئايىغىغا تاشلىدىم. ئۇ ئۆلمىگەندەك قىلاتتى. يۈزلىرىدىكى ھارارەتمۇ يوقالماپتۇ. يېنىك تىنىۋاتامدۇ ـ نىمە؟ مەن يىغلايمەن. نېمىشقا يىغلىمايمەن.

— ئايتېكىن، ھەممە گۇناھ مەندە، كۆزىڭىزنى ئېچىڭە، سىز نېمىشقا مېنى تاشلاپ كېتىسىز...

ئۇنىڭ گىرەلىشىپ كەتكەن ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئىچىگە يوشۇرۇنغان كۆكۈش كۆزلىرىنى كۆرۈۋالسام ـ ھە.

— تۇتۇڭلار.

ئىككى لەشكەر مېنى تۇتۇۋالدى. كۆزۈم ئايتېكىندە. ئۇ ئۆلمىگەندەك ئىدى. راست، ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەيتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى جەزبىدار تۇرقى، ئىككى تەرەپكە يېيىلغان چاچلىرى، چىرايىمۇ شۇنداق سۇرلۇك، لەۋلىرىدىكى ئىللىق تەبەسسۇمچۇ ـ تېخى!

شاھنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى ئۇرغۇپ تۇرۇپتۇ.

— مەن ئايتېكىننىڭ...

— ئەسلىدە ئايتېكىننىڭ ئۆلۈشىگە سەن سەۋەبچى بوپتىكەنسەن.

— سىز بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭىز؟ — سورىدى ئايتېكىن مەندىن. سىز بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنى مېنىڭ روھىم، ئالدىڭىزدىكى تەننى مەن ئۆزۈم ياساپ چىققان.

— سەن نېمىگە ئېتىقاد قىلىسەن؟

— ئىلاھقا، سۆيگۈگە...

— سەن ھە دېسە سۆيگۈدىن سۆز ئاچىسەن، ئەمما سېنىڭ قورقۇنچاقلىقىڭدىن ئايتېكىن ئۆلگەن.

— ياق، ياق. گەرچە ئايتېكىن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشسەكمۇ بەزىبىر رەسمىيەتلەرنى ئۆتىمىسەك ئادەملەر بىزنى ئېتىراپ قىلمايدۇ...

— بىز پانىي ئالەمدە قۇياشقا، ئايغا، يۇلتۇزغا ئېتىقاد قىلاتتۇق.

— سىز ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟

— مېنى دەمسەن؟ مەن قەبىلە تەڭرىقۇتى بولىمەن. مەن سېنىڭ ئاتا-بوۋاڭنى تونۇيمەن. شۇڭا سېنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم.

— ئالىيلىرىغا كۆپ رەھمەت، — دېدىم مەن ئېگىلىپ.

كىشىلەر يىغىدىن توختىدى. جىمجىت مىنۇتلاردىكى كۆزلەر نېمىدېگەن سۈرلۈك-ھە! ئاسمانغا قارىدىم، قۇياشسىز بوشلۇق. مەن چېكەمنى تىلىدىم. چېكەم ئاغرىمىدى. ئىسسىق قان بىلەن سوغۇق ياش ئارىلىشىپ كەتتى. ئايتېكىننىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. ئۇ ئۇيغىنىپ ماڭا تەسەللى بەرسە-ھە. لېكىن ئۇ ماڭا مەڭگۈ تەسەللى بېرەلمەيدۇ. بۇ، ئۆزۈمنىڭ-ئۆزۈمگە بەرگەن تەسەللىسى.

يىراقتىكى تاغ چوققىسىدىن ئۆزۈپ-ئۈزۈپ چېلىنغان ناغرىنىڭ توم ئاۋازى بىلەن ئۇد ۋە مۇڭگۈزدىن چىققان ھەسرەتلىك ماتەم مۇزىكىسى ئاڭلاندى. گۈزەللىكنى يوقاتمىغان ھەم مەڭگۈ يوقاتمايدىغان تەن، مەۋھۇم سەنئەت — ئايتېكىن ئالدىمدا ياتىدۇ. مەنلا مەۋجۇت بولىدىكەنمەن، ئۇمۇ مەۋجۇت بولىدۇ.

ئۆلسەم ئۆلىدۇ. يوقايدۇ... شاھ مەلىكىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. مەن ئۇنىڭ گىلاستەك لەۋلىرىگە سۆيدۇم. ئۇ ھارارىتىنى يوقاتمىغان لەۋلەر تىترىگەندەك بولدى. ئارقىدىنلا ئايتېكىننىڭ پۈتۈن تېنىدىن بىر خىل كۆكۈش نۇر بوشلۇققا كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئايتېكىننىڭ روھى ئىدى. ئۇ مەن بىلەن خوشلاشتى. مېنىڭ روھىم تېنىمنى باقىي ئالەمگە تاشلاپ قويۇپ، پانىي ئالەمگە ئايتېكىننى ئىزدەپ كەلدى. بىراق ئايتېكىننىڭ روھى پانىي ئالەمدىن ئۈچىنچى ئالەمگە كەتتى. مەن ئۇنى ئەمدى قانداق تاپارمەن؟...

مەن تېڭىرقاپ قالدىم. بۇ يەردىن كەتكۈمۇ يوق، كەتسەم قەيەرگە بارىمەن. مەن يىگانە قالدىم. ئەسلىدە بۇمۇ مېنىڭ ماھىيىتىم ئىكەن. تەنھالىقىمنى ئويلىسام ياشاشىمۇ، ئۆلۈشىمۇ ئوخشاش نەرسىگە ئايلىنىپ قاپتۇ.

— سېنىڭ قانداق تەلىپىڭ بار؟

— مېنىڭ سىلەر بىلەن بىرگە ياشىغۇم بار.

— ياق، سەن بۇ يەرگە لايىق ئەمەس-سەن. چۈنكى سەندىكى ساپلىق يوقالغان. ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت، تىل دېگەنلەر ئۆزگىرىپ كەتكەن...

— كېيىنچە سىلەر بىلەن ئۇچراشقىلى بولارمۇ؟

— ياق، بىز تەكلىماكاننىڭ ئادىمىمىز. بىزنىڭ تېنىمىز قۇملۇققا سىڭىپ كەتكەن، روھىمىز تەكلىماكان بوشلۇقىدا ئۇچۇپ يۈرىدۇ. بىز تەكلىماكاندىلا مەۋجۇتمىز. ناۋادا سەن ئۆز ساپلىقىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىسەڭ بىزگە قوشۇلالايسەن. مەن ساڭا ئۈچ نەرسە سوۋغا قىلىمەن.

ئۇ قوينىدىن بىر پارچە كىتاب، بىر پارچە خەرىتە، يەنە بىر تال قۇشنىڭ پېيىنى ئالدى.

— خەرىتە بىلەن كىتابتا ئەجدادلارنىڭ تارىخى بار. بۇ قۇشنىڭ پېيى ئايتېكىن ئىككىڭلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى. يوقىتىپ قويما. كېيىنچە بۇ نەرسىلەر بىلەن بەختكە ئېرىشەلەيسەن. ساڭا بۆرە يول باشلايدۇ...

قولۇمدا كىتاب، خەرىتە، قۇش پېيى تۇرۇپتۇ. لېكىن قەلئە، ئورمان، ئادەملەر يوق. يەنە شۇ

چەكسىز قۇم بارخانلىرى، ھېچقانداق ئىز يوق. يىراقتا كۆك يايلىق بۆرە ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. بۆرە تۇرغان قۇم دۆۋىسىدە تولىمۇ يوغان بىر جۈپ كۆكۈش كۆزنىڭ سىماسى بار. بۇ كۆزلەردىن ياش ئېقىۋاتىدۇ. بۇ كۆزلەر ئايتېكىننىڭ كۆزى. مەن يۈگۈردۈم، يۈگۈردۈم. قۇم دۆۋىسىگە يېقىنلىغانسېرى ئايتېكىننىڭ مەن تۇنجى قېتىم كۆرگەندىكىدەك يالىڭاچ ھالىتىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭ چاچلىرى، كۆكسى، بۇرنى، لەۋلىرى، ئېڭەكلىرى، قوللىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى غايەت زور قۇم دۆۋىلىرى ئارقىلىق ياساپ چىقىلغانىدى. قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. بۇرنۇمغا ئۇغۇز سۈتىنىڭ پۇرىقى كەلمەكتە. بۇ ئايتېكىننىڭ پۇرىقى. ئۆكسۈش ئېچىدىكى يىغا. تونۇش ئاۋاز... مەن قۇم دۆۋىسىگە تاشلاندىم.

— ئايتېكىن.

قانداقلارچە ۋارقىرىۋەتتىم! قۇملۇق بوش سىلكىنىپ، قۇم دۆۋىلىرى ئاستا-ئاستا تۈزلىنىپ قالدى. بىلمەن، ئايتېكىن مېنىڭ ئازابلىنىشىمنى ياقتۇرمايدۇ... چەكسىز قۇملۇق، ئاۋازسىز، ھەرىكەتسىز قۇملۇق. جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە.

مەن ئەزەلدىن «ئايتېكىن»، «تەڭرىقۇت»، «بۆرە» دېگەنلەرنى سىلمەيمەن. مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئاپتوبۇستىكى «گالۋاڭ يىگىت» بىلەن مەن ئۆزۈمچە جەزىرە دەپ ئاتىۋالغان ناتونۇش قىزدىن ئىبارەت. مەن ئاشۇ قىز تۇپەيلىدىن ئەپسانە ئىچىگە كىرىپ قالدىم. بۇ مېنىڭ جاھىل روھىمنىڭ ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەپ توقۇغان ئەپسانىسى. راست، كىتاب، خەرىتە دېگەنلەر توغرىسىدىمۇ ھېچنەرسە بىلمەيمەن... شۇنداقتىمۇ روھىمدا ھامان ئايتېكىن ياشايدۇ. خىيالىمغا پەيدا بولۇۋاتقىنىمۇ ئايتېكىننىڭ قۇملۇقتىكى يالىڭاچ تېنى. تەڭرىقۇتنىڭ خەرىتە ۋە كىتابنى بەرگەن چاغدىكى ئېيتقانلىرى. بۆرىنىڭ ئۆزى ياشىمايدىغان قۇملۇقتا يول باشلىشى. مەن بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغاندەك، تېنىم پانىي دۇنيادا ئەمەستەك، روھىملا لەيلىمە ھالەتتە بوشلۇق بويىچە ئۇچۇپ يۈرگەندەك، ئۆزۈم ئەرۋاھقا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ. قاچانغىچە مۇشۇنداق ياشايدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، بەزىدە مەن تېنىمنى چاچلىرىم ئۆسۈپ، چىرايىمنى قاسماق باسقان، ئۇچامدا جۇل-جۇل كىيىم بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ياشاۋاتقان بىچارە ھالەتتە كۆرىمەن. بەزىدە قاراڭغۇ كوچىلاردا تونۇغىلى بولمايدىغان غىل-پال كۆلەڭگە ھالىتىدە كۆرىمەن. بەزىدە ھاراق سورۇنلىرىدا قۇسۇپ ئولتۇرغان ھالەتتە، يەنە بەزىدە كىملەرگىدۇ خۇشامەت قىلىۋاتقان ھالەتتە كۆرىمەن. تېخىمۇ چاتاق يېرى تېنىم ئۇرۇش مەيدانلىرىدا يارىلىنىپ پۈتۈن ئەزالىرىمدىن قان تېمىپ تۇرغان ھالەتتە كۆرىمەن. بۇنداق كۆرۈنۈشلەر ئاز ئەمەس. بۇ مېنىڭ تېنىمنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسى. ئاخىرقى مەقسىتى. مەن گويا ئەرۋاھ، بىر ئۆمۈر ئىززۇمنى-ئۆزۈم گۆللەيدىغان ئەخمەق ئەرۋاھ... ئايتېكىننى ئويلىسام كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالغاندەك بولىدۇ... مەن ئۇنىڭ قاتىلى... ئۇنى تىرىلدۇرگىلى بولاتتى. لېكىن بۇ سەنئەت ئەسىرىنى قايتا-قايتا ئىجاد قىلىۋەرسەم بولمايتتى. چۈنكى مەن ئۇنىڭ چەكسىزلىكىگە مەڭگۈ يېتەلمەيتتىم. مەن سەنئەتتىن مۇھەببەت ئاپىرىدە قىلدىم... مەن نېمىلەرنى باقىي ئالەمگە تاشلاپ قويۇپ، پانىي ئالەمگە ئايتېكىننى ئىزدەپ باردىم. بىراق، ئۇ ئۇچىنچى ئالەمگە كەتتى... ئۇنى يەنە قوغلايمەن. يېتەلمەيمەن... مانا بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى. كىتاب، خەرىتە، تەڭرىقۇت دېگەنلەرنى ئىجاد قىلغان بولساممۇ مانا ئەمدى گەدىنىمگە قەرز ئارتىۋالغاندەك ئۆزۈمنى ئەيىبكار ھېسابلايمەن. تووۋا، مەن ئۆلگۈچە ئەرۋاھلارچە ياشارمەنمۇ؟ قاچانمۇ ئۆزۈمنىڭ ئەسلى ھالىتىگە قايتارمەن-ھە! بىراق ئەسلىمگە قايتىدىغان بولسام ئىشىنىمەنكى، ئۆز تەبئىيتىمنى بوغىمەن. ئادەملىك قىممىتىنىمۇ يوقىتىمەن. ئۇ چاغدا تېخىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالمامدىمەن؟

# ئۇلارنىڭ تىنىقى ھەممىدىن ئۇلۇغ

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئەركىن روزى

## مۇقەددىمە

«ئەگەردە سەن ئادەم بولىدىغان بولساڭ خەلقنىڭ غېمىنى يېمىگەن كىشىلەرنى ئادەم دەپ ھېسابلىما.»

مەن بۇ ئەسىرىمنى ئەلشىر ناۋائىينىڭ يۇقىرىقى جۈملىسى بىلەن باشلىغان چېغىمدا، خەلقنىڭ كونكرېت ئوبرازى كۆز ئالدىمدا دېھقان سۈپىتىدە نامايان بولدى. چۈنكى جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ 80 پىرسەنتىنى، شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ 90 پىرسەنتىنى دېھقان ئىگىلەيدۇ.

خەلق دېگەن ھامان كۆپ سانلىق. بىر چاغلاردا «ئىشچىلار سىنىپىلا ئىنقىلابنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك تايانچ كۈچى» دېگەنگە بەك ئىشەنگەن ستالىن دېھقانلار قوزغىلىڭىغا رەھبەرلىك قىلىپ يۈرگەن ماۋزېدۇڭنىڭ غەلىبە قىلالىشىغا ئىشەنمىگەنىدى. ئەمما ماۋزېدۇڭ خەلقنىڭ ئەڭ ئاساسىي تەركىبىي ئىگىلىگەن دېھقانلارغا تايىنىپ، زامانىۋى تەربىيە، زامانىۋى قوراللارغا ئىگە گومىنداڭ ئارمىيىسى ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىنى يەڭدىغۇ؟! يېڭى جۇڭگونى قۇرۇپ، دېھقانچىلىق دۆلىتىدىمۇ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى بولسىمۇ بەرپا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇردىغۇ؟! ئاھ دېھقان! سېنىڭ جىسمىڭدىن كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. سەن تەبىئەتنىڭ، ئانا زېمىننىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى، ھاياتلىق سېنىڭ مېھنىتىڭ بىلەن گۈللىنىپ چېچەك ئاچىدۇ. سېنى سۆيمىگەنلىك، سېنى قەدىرلىمىگەنلىك ئانا زېمىننى، ھاياتلىقنى سۆيمىگەنلىك، قەدىرلىمىگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردا ناننى قەدىرلەيدىغان قىممەتلىك ئەنئەنە بار. ناننى ئىسراپ قىلغان، قالايمىقان تاشلىغان كىشىلەرنى ئەيىبلەيمىز، كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالغان نان ئۇۋاقلىرىنى ئۇچراتساق، ئۇنى بىر تال-بىر تالدىن تېرىپ ئېلىپ، ئېگىزرەك جايلارغا قويۇپ قويىمىز. بۇ بىزنىڭ ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ ياشاپ كەلگەنلىكىمىزدىن بولماستىن، ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ ئانا تۇپراقنىڭ ساخاۋىتىگە، دېھقانىنىڭ مېھنىتىگە بولغان ھۆرمىتىمىزغۇ؟ ئەمدىلىكتىچۇ، قاراڭ، رېستورانلاردىكى مول مەئىشەتلىك جوزىلاردىكى ئىسراپچىلىقلارغا؛ يەنە قاراڭ، ھازىرغىچە كېچە-كۈندۈز مېھنەت قىلسىمۇ قورسىقى تۈزۈكرەك تويمايۋاتقان دېھقانلارغا!... خەيرىيەت، ئاشۇ ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقان نېمەتلەرنى ھالال ئەمگەك بىلەن بىزگە بەرگەن دېھقانلارنىڭ ھالىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، ئىسراپچىلىق ۋە ھەشەمەتچىلىك بىلەن دېھقانىنىڭ ئەمگىكىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوچۇق كۆرۈپ يېتەلەيمىز. «غوجامنىڭ قورسىقى توق، قولىدىن خەۋىرى يوق» دېگەن تەمسىلنى خەلق بىكار تاپمىغان. بۇنى بۈگۈنكى كۈندە بىز ھەتتا ئاشۇ جاپاكەش دېھقانلارمۇ ئېغىزىمىزدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىغان بىلەن ئەمما رېئاللىق ئالدىدا بىزنىڭ تىلىمىز تۇتۇلىدۇ.

مەن ئەقلىمنى تاپسام، دېھقان دېگەن — ھەممە ئادەم نېنىنى يەيدىغان، ئەمما ھېچكىم تۈزۈكرەك غېمىنى يېمەيدىغان، جاپا-مۇشەققەت دەردىدە يىغلاپ قاقشىغىنىنى ھېچكىمگە دېمەيدىغان كەڭ قورساق، شۇنداقلا مۆمىن

خەلق ئىكەن. بۈگۈن قارىسام، ئەھۋال تېخىمۇ يامانلىشىپ دېھقان دېگەنگە ھەددى-ھېسابسىز قانۇنسىز سېلىقلارنى سېلىپ، ئۇلارنى رەھىمسىزلارچە ئېشلىتىپ يەيدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ.

يېقىندا، خوتەننىڭ K ناھىيىسىدىكى دېھقانلاردىن، ئۆزلىرى تېرىغان پاختىنى ساتقاندا ھەر بىر جىڭ پاختا ئۈچۈن ئىككى مودىن جىگلاش ھەققى ئېلىنىدىغانلىقىنى، زىرائەتلەرنى سۇغارغاندا ئېتىزغا كىرگەن سۇغا سانتىمېتىر قويۇپ، بىر مىللىمېتىر سۇ ئارتۇق كىرىپ كەتسىمۇ نەق مەيداندا پۇل تۆلىتىۋېلىنىدىغانلىقىنى... ئاڭلاپ قۇلىقىمغا زادىلا ئىشەنمىگەنىدىم. ئويلىمىغان يەردىن ياخشى بىر پۇرسەتلەر كېلىپ، شىنجاڭنىڭ خېلى كۆپ قىسىم جايلىرىدىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىق، سېلىق... دېگەنلەرگە بەرداشلىق بېرىپ ياشاپ كەلگەن غەيرەت-شىجائىتىگە، سەۋرى-تاقىتىگە ھەيران قالدىم. ئۇلارنىڭ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدىغان قىياپەتلىرىگە، ناچار ياشاش شارائىتلىرىغا قاراپ كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى. بۇلارنى مەن كىملەرگە سۆزلەيمەن؟ بۇ تەخىرسىز، رەھىمسىز رېئاللىقنىڭ خاتىرىلىرىنى يەنىلا دېھقاننىڭ بېشىنى بەھوزۇر يەۋاتقان كەڭ جامائەتچىلىككە سۇنۇشنى لايىق تاپتىم.

## A. «خەلقنىڭ ئىشىنى خەلق باشقۇرىدۇ» دېگەن شوئار ئاستىدىكى ئويۇنلار

«خەلقنىڭ ئىشىنى خەلق باشقۇرىدۇ» دېگەن سۆز ئاڭلىماققا خېلى يېقىملىق، ئۇزۇندىن بۇيان بۇ سۆزنى ئاڭلاۋېرىپ ئاخىرى قۇلاقلىرىمىزغا سىڭىپ كەتتى. لېكىن قىسمەن جايلاردىكى بەزى «خاقان»لىرىمىز مۇشۇ كۈنلەرگىچە نېمە ئۈچۈندۇر بۇ سۆزنى دېھقان-چارۋىچىلار ياراتقان قىممەتتىن ئۈستىلىق بىلەن پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنى قاقتى-سوقتى قىلىشتەك ئەپتى-بەشىرىسىنى يوشۇرىدىغان ۋاستە قىلىۋالغان.

توغرا، بىزنىڭ دېھقانلىرىمىز ئەلمساقتىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى ئۆزى باشقۇرۇپ، ئۆزلىرى يىغلاپ، ئۆزلىرى كۈلۈپ، تەڭرى ئاتا قىلغان بەرىكەتلىك ئانا تۇپراققا باغرىنى يېقىپ، ئۆزلىرىنىڭ بەختىنى ئۆزلىرى ھالال تەر بىلەن ياشارتقان چىمەنزارلىقلاردىن، بىپايان بوستانلىقلاردىن، ئېتىزلىقلاردىن، ئۆزلىرى ئويغاتقان كەڭرى داللاردىن ئىزدەپ، سانسىزلىغان ئادەملەرگە تۈگىمەس بايلىق ئاتا قىلىپ، ئۆزلىرى بولسا ئاشۇ سانسىزلىغان ئادەملەردىن ئېشىپ قالغىنىنى قاتتىق-قۇرۇق دېمەي، ئازنى ئاز دېمەي يەپ، يىرتىلغان كىيىملىرىنى ياماق ئۈستىگە ياماق سېلىپ كىيىپ، بارىغا قانائەت قىلىپ، يوقىغا زادىلا زارلانماي ياشاپ كەلدى. «خەلقنىڭ ئىشىنى خەلق باشقۇرىدۇ» دېگەن شوئارنى قالقان قىلىپ تۇرۇپ، قانۇن-نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەردىن ھالقىپ، دېھقانلاردىن مەبلەغ توپلاش، ئۇلارغا سېلىق چېچىش ۋە ئۇلاردىن خالىغانچە ھەق ئېلىشنى تۈگىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئەكسىچە تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇپ، مۇقىملىقتا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىشلىرىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە.

يېقىندا، شىنجاڭدىكى يەتتە ۋىلايەت (ئوبلاست)، 17 ناھىيە (شەھەر)، 34 يېزا (بازار)، 42 مەمۇرىي كەنت ۋە 20 يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىن تەكشۈرۈپ ئىگىلىگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللىرى ئاساسلانغاندا (تەكشۈرۈلمىگەن جايلار خۇداغا ئامانەت) جايلارنىڭ دېھقان-چارۋىچىلاردىن بەلگىلىمىدىن ھالقىپ ئالىدىغان ھەقلىرى، توپلايدىغان مەبلەغلىرى ۋە ئۇلارغا چاچىدىغان سېلىقلىرىنىڭ تۈرلىرى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە كۆپ ئىكەن. مەسىلەن، مائارىپ مەبلىغى، تاشيول ياساش مەبلىغى، يېزا مەدەنىيەت پونكىتى قۇرۇلۇشى مەبلىغى،

يېزا شىپاخانىسى قۇرۇلۇش مەبلىغى، يېزا پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلۇشى مەبلىغى، يېزا پىلە سورتى پونكىتى قۇرۇلۇشى مەبلىغى، رادىئو-تېلېۋىزىيە تورى قۇرۇلۇشى مەبلىغى، يېزا پەيچۇسو قۇرۇلۇشى مەبلىغى، يېزا سوت كوللېگىيە قۇرۇلۇشى مەبلىغى، پروگراممىلىق تېلېفون ئورنىتىش مەبلىغى، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇ ياخشىلاش مەبلىغى، كەنت ئىشخانىسى قۇرۇلۇشى مەبلىغى، دۇنيا بانكىسىغا قەرز قايتۇرۇش مەبلىغى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى مەبلىغى، چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈش مەبلىغى، يېزا ئىگىلىك پونكىتى قۇرۇلۇشى مەبلىغى، ئورمانچىلىق باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇشى مەبلىغى، ئامانلىق ساقلاش ھەققى، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ھەققى، ئائىلە مال-مۈلكى ئىستىراخوۋانىيە ھەققى، بۇغداي ئىستىراخوۋانىيە ھەققى، پاختا ئىستىراخوۋانىيە ھەققى، پاختا گۇرۇھى ھۆددىگەرلىك ھەققى، ئىشلەپچىقىرىشنى باھالاش-تەكشۈرۈش ھەققى، ئۈجمە كۆچىتى تىكىش ھەققى، قانۇن كىتابلىرى سېتىۋېلىش پۇلى، ئېتىز-ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇش ھەققى، كىنو كۆرۈش ھەققى، شەرەپ تاختىسى ھەققى، ئۆي ئورنى ھەققى، ھۆددىگەرلىك توختامى رەسمىيەت ھەققى، ھامىلدار ئايال رەسىمگە چۈشۈش ھەققى، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش ھەققى، چارۋا يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېھقانلاردىن ئىبارەت ئاشۇ قۇرۇماس بۇلاقتىن ئېلىنغان.

دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ قانۇنسىز سېلىقى دېگەن زادى نېمە؟ ئۇلارنىڭ قانۇن بويىچە بېرىشكە تېگىشلىكى قانچىلىك؟ قارىغاندا بىز بۇ سوئالغا جاۋاب تاپمىساق بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

«يېزا ئىگىلىك قانۇنى» نىڭ 16-ماددىسى-دا، «دېھقانلار قانۇن بويىچە باج تاپشۇرىدۇ، قانۇن بويىچە كەنت قالدۇرۇقى ۋە يېزىلارنىڭ بىر تۇتاش توپلايدىغان راسخوتىنى تاپشۇرىدۇ. يېزىلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك كۈنى ۋە ئەمگەك جوغلانمىسىنى قانۇن بويىچە ئۈستىگە ئالىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 1991-يىلى 12-ئايدا گوۋۇيۈەن ئېلان قىلىپ يولغا قويغان «دېھقانلار ئۈستىگە ئالىدىغان ھەق ۋە ئەمگەكنى باشقۇرۇش نىزامى» دا، ھەر بىر دېھقاننىڭ ھەر يىلى تاپشۇرىدىغان كەنت قالدۇرۇقى ۋە يېزىلارنىڭ بىر تۇتاش توپلايدىغان راسخوتى ئالدىنقى يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمنىڭ بەش پىرسەنتى ئىچىدىلا بولىدۇ. ھەر بىر يېزا ئەمگەك كۈچى ھەر يىلى 5-10 غىچە مەجبۇرىي ئەمگەك كۈچى ۋە 10-20 گىچە ئەمگەك جوغلانمىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك يۇقىرىقىلاردىن باشقا ھەرقانداق ھەق ئېلىش، قالايمىقان مەبلەغ توپلاش، جەرىمانە قويۇش، سېلىق چېچىشلارنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز سېلىق ھېسابلىنىدۇ. 1993-يىلى مەركەز يەنە ئېنىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا دائىر 37 تۈرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ يىل 8-ئايدا يەنە، بۇ چاغقىچە ئېنىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان تۈرلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ھازىردىن باشلاپ دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىشقا ياتىدىغان بارلىق تۈرلەر تەستىقلانمايدۇ، دەپ جاكالاندى.

ئەقلىمىزنى ئىشقا سېلىپ قاراپ باقايلىچۇ، يۇقىرىدا سانالغان تۈرلەرنىڭ نەچچىسى قانۇنلۇقكەن؟

بەزى كادىرلار، جۈملىدىن بەزى رەھبىرىي كادىرلار، «دېھقانلار ئۆزىگە نەپ تېگىدىغان ئىشنى ئۆزى قىلىشى ھەقلىق»، «دېھقان-چارۋىچىلار پۇل چىقارمىسا، دۆلەت تىمۇ پۇل بەرمەيدۇ، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى يۇكسەلدۈرگى-

لى بولمايدۇ» ، «دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىشنى ھەر يىلى تۇتۇشقا بولمايدۇ» ، «دېھقانلار ياۋاش، گەپ ئاڭلايدۇ، ئۇلارغا ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن كۆپرەك پۇل ئالساقمۇ ئۇلار گەپ قىلمايدۇ» دەپ قاراپ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى، ئۇلارنىڭ دەرد ئەھۋالىنى، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمىگەن.

دېھقان-چارۋىچىلار خۇددى قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن «ياخشى ئىش» قىلغۇچىلارغا تاغدەك ئىشىنىدۇ، ئۇلارنى چوڭ بىلىدۇ. نەگە يېتىلىسە شۇ يەرگە ماڭىدۇ، نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى بېرىدۇ، ئۇلار شۇنداق ئۆگەنگەن. جاپا-مۇشەققەتنىڭ، نامراتلىقنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى. بۇ ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئۇلار ئاشۇ «ياخشى ئىش» قىلغۇچىلارنىڭ ئىنسابىغا باغلايدۇ. دېمىسىمۇ، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ غېمىنى يېيىش، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئاسان قىلىش، ئۇلارغا مەسئۇل بولۇش دەل ئاشۇ «ياخشى ئىش» قىلغۇچىلارنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى، ئۇلارنىڭ كادىر ۋە رەھبەر بولۇشلىرىنىڭمۇ مەزمۇنى پەقەت شۇنىڭدىنلا ئىبارەت. ئەگەر ئۇلار بۇرچىنى ئادا قىلالمىسا، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى دەسسىتىپ جان باقسا، ھەتتا بەزىلىرى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى يۇقىرىغا يامىشىشنىڭ دەستىكى قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە شۇ دېھقان-چارۋىچىنى كۆزگە ئىلمىسا، بۇ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ۋىجدانى چىدىمايدىغان، ھۆكۈمەتمۇ، خۇدامۇ كەچۈرمەيدىغان رەزىل قىلمىش ھېسابلىنىدۇ. ئۆز مېھنىتىگە ، ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشايدىغان ئاشۇ پەرىشتىدەك پاك ۋە ساددا دېھقان-چارۋىچىلارنىڭمۇ قان-تەرىنى شۇلۇكتەك شوراش يېتىپ ئاشمىغاندەك ئۇلارنىڭ كىشىلىك غۇرۇرى، ئىززەت-نەپسىنى دەپسەندە قىلىش ھەر بىر غۇرۇر ئىگىسىنى غەزەپلەندۈرمەي قالمايدۇ. لېكىن سىز بىر دېھقاننى قاقتى-سوقتى قىلىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن زىيان سېلىپ ئاخىرى كىچىككىنە بىر ياخشى ئىش قىلىپ بەرسىڭىز ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا سىزگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت-تەشەككۈر ئېيتىدۇ. ئۆمرىڭىزنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى، چىقىدىغان تېغىڭىزنىڭ تېخىمۇ ئېگىز بولۇشىنى تىلەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىمۇ ياكى ئاجىزلىقىمۇ؟...

بەزى جايلارنىڭ يېزا بىر تۇتاش تەييارلايدىغان خىراجىتى، كەنت قالدۇرۇقىنى يىغىش ۋە مەجبۇرىي گۆڭ، ئەمگەك جۇغلانما گۆڭى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن. مەسىلەن، قەشقەر ۋىلايىتىدە 1994-يىلى دېھقانلار ئۈستىگە ئالدىغان، يېزا بىر تۇتاش تەييارلايدىغان خىراجەت، كەنت قالدۇرۇقى ئالدىنقى يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمنىڭ 5.71 پىرسەنتىگە يەتكەن. بۇ يىل يەنە پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە 5.63 پىرسەنتكە، Y ، M قاتارلىق ناھىيىلەردە 6 — 6.76 پىرسەنتكە يەتكەن. ئاقسۇ ۋىلايىتىدە 1994-يىلى 5.9 پىرسەنتكە يەتكەن. مەجبۇرىيەت ئەمگەك گۆڭى ۋە جۇغلانما ئەمگەك گۆڭى نۇرغۇن جايلاردا بەلگىلەنگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ 60-80 كۈنگە، بەزىلىرىدە ھەتتا 100 كۈنگە يەتكەن.

ئەمدى بىز، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايون ئېنىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسىمۇ لېكىن بەزى يەرلىك «ئەۋلىيا»لارنىڭ ئۇستىلىقى، يۈرەكلىكلىكى بىلەن قايتىدىن تىرىلگەن سېلىقلارنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە نەزەر سالايلى: تارباغاتاي ۋە بورتالالارنىڭ بەزى جايلىرىدا سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش ھەققى ئۈچۈن ھەر بىر مو يەردىن بەش يۈەندىن 30 يۈەنگىچە پۇل يىغىلغان؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بەزى ناھىيە-شەھەرلەردە ئېتىز-ئېتىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش ھەققى ئۈچۈن ھەر بىر مو يەردىن بەش يۈەن، يېزا-كەنت يول

قۇرۇلۇش ھەققى ئۈچۈن ھەر بىر مو يەردىن 10 يۈەن يىغىۋېلىنغان؛ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ X ناھىيىسى بۇ يىل دېھقانلاردىن ھەق ئېلىش، ئىئانە توپلاشقا ئائىت ھۆججەتتىن بىر قېتىمدىلا ئونىنى تەستىقلاپ تارقىتىپ، 5 مىليون 98 مىڭ 400 يۈەن يىققان، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر دېھقاننىڭ سېلىقى 23.63 يۈەن كۆپەيگەن. بۇ ئالدىنقى يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمنىڭ 3.45 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ مەلۇم ناھىيىنىڭ D يېزىسىدا 1995-يىلى 6-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان قىسقىغىنە ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، دېھقانلارغا ئالتە خىل سېلىق پۇلى چېچىپ جەمئىي 568 مىڭ 500 يۈەن يىققان. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا پەيچۇسى قۇرۇش ئۈچۈن 33 مىڭ 500 يۈەن، پەيچۇسوغا ماشىنا ئېلىش ئۈچۈن 36 مىڭ 300 يۈەن، پىلە غوزىسى پونكىتى قۇرۇش ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى قۇرۇش ئۈچۈن 34 مىڭ يۈەن، سۇ ئىنشائاتى ئاساسىي قۇرۇلۇش ھەققى ئۈچۈن 165 مىڭ يۈەن، پروگراممىلىق تېلېفون ئورنىتىش ئۈچۈن 200 مىڭ يۈەن ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يېزا يېقىندا، يېزىنىڭ سابىق رەھبىرى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات فوندىدىن باشقا يەرگە ئىشلىتىۋالغان 1 مىليون 349 مىڭ 800 يۈەن پۇلنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن دېھقانلاردىن پۇل يىغىش ھەققىدە دوكلات يازغان.

ساۋەن ناھىيىسىنىڭ X يېزىسى يولغا ماي ياتقۇزۇش باھانىسى بىلەن ھەر بىر دېھقاندىن 150 يۈەندىن 180 يۈەنگىچە پۇل يىققان.

ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ T يېزىسىدا 1994-يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەرەققىيات فوندى ئۈچۈن دېھقانچىلىق رايونىدا ھەر بىر مو يەردىن 20 يۈەن، چارۋىچىلىق رايونىدا ھەر بىر تۇياق چارۋا مالدىن 20 يۈەن، مائارىپ قوشۇمچە ھەققى ئۈچۈن 2.5 يۈەن يىققان. پۈتۈن يېزا بويىچە جەمئىي 1 مىليون 30 مىڭ يۈەن يىغىلغان. 1995-يىلى يەنە 920 مىڭ يۈەن قوشۇلغان.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى قانۇنسىز سېلىق سېلىش، قانۇنسىز ھەق ئېلىش، قانۇنسىز مەبلەغ توپلاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «يېزا ئىگىلىك قانۇنى» نىڭ 18-ماددىسى 3-تارمىقىدا: «ھەرقانداق ئورگان ياكى ئورۇننىڭ ھەرقانداق شەكىللەر بىلەن دېھقانلار ياكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرغۇچى تەشكىلاتلارغا سېلىق سېلىشقا يول قويۇلمايدۇ. قانۇن، قائىدە-نىزاملاردا ئايرىم بەلگىلىمە بولغانلىرىدىن سىرت، ھەرقانداق ئورگان ۋە ئورۇننىڭ ھەرقانداق شەكىللەر بىلەن دېھقانلاردىن ياكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرغۇچى تەشكىلاتلاردىن ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ سېلىق سېلىش بولىدۇ. دېھقانلار ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرغۇچى تەشكىلاتلار ھەرقانداق شەكىلدىكى سېلىقنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن. 19-ماددىسىدا: «دېھقانلار ياكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرغۇچى تەشكىلاتلاردىن مەبلەغ توپلاشتا ئىختىيارلىق پرىنسىپىنى يولغا قويۇش كېرەك. ھەرقانداق ئورگان ۋە ئورۇن مەجبۇرىي مەبلەغ توپلىغان بولسا، دېھقانلار ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرغۇچى تەشكىلاتلار ئۇنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ بەلگىلەنگەن. بىزنىڭ دېھقان-چارۋىچىلىرىمىز ئىشلەشنىلا، بېرىشنىلا بىلىدۇ، ئۇلار شۇنىڭغا ئۆگىنىشىۋېتىلگەن، ئۇلار قاقشاپ تۇرىدۇ، لېكىن ئاخىرى يەنە بېرىدىغىنىنى بېرىپ تۇرىدۇ، ھەتتا بەرمەيدىغىنىنىمۇ بېرىۋېتىدۇ. دېمەك، ئۇلارمۇ بېرىۋېرىپ بىزنى ئۇلاردىن ئېلىۋېرىشكە ئۆگىنىشىۋەتكەن، ئۇلار ھەممىسىگە «شۈكرى» دەپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەنكى، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنىڭ نېمىلىكىنى

بىلەلمىگەن، ھەرقانداق ئىشقا قانۇنىي ئاساس ئىزدەشنى بىلەلمىگەن. بۇنىڭدا ئۇلار چوقۇم گۇناھسىز، پەقەت بىلدۇرمىگۇچىلەرلا گۇناھكارلاردۇر.

مەن مۇنداق بىر مەسىلە ھەققىدە پات-پات ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. نادانلىق ھەققىدە گەپ ئېچىلغاندا، بىز ئەڭ ئاۋۋال دېھقان-چارۋىچىلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز، ئۆزىمىزچە ئۇلارنى قارا قورساق، يىراقنى كۆرەلمەيدۇ، مەينەتچىلىكتە كۈن ئۆتكۈزىدۇ، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بەرمەيدۇ، ئىدىيىسى قالاق دەپ ئەيىبلەيمىز. لېكىن «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالنى قويۇش خىيالىمىزغا كەلمەيدۇ. بىز ھەمىشە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن، مەدەنىيەت جەھەتتىن ئارقىدا قالغانلىقىمىزنى سۆزلەيمىز. تۈنۈگۈن شۇنداق سۆزلىگەنىدۇق، بۈگۈنمۇ شۇنداق سۆزلەۋاتىمىز. ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كۆزىگە سىغمىغاننىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ «تۈرلۈك سەۋەبلەر»گە دۆڭگەپ كېلىۋاتىمىز. دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ نادانلىقى، قالاقلىقىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، بۇنداق ئەھۋال زادى قاچانغىچە داۋاملىشار؟ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ بېرىش ۋەزىپىسى ۋە بىزنىڭ ئېلىش ۋەزىپىمىز ئۇنتۇلۇپ قالمايدۇ، ھەسسىلەپ ئالىمىز. ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، بىزنىڭ ئۇلارغا بېرىش ۋەزىپىمىزنىڭ بارلىقىمۇ ئۇنتۇلۇپ قالمىساق بولاتتى. مېنىڭچە، بىز دېھقان-چارۋىچىلارغا قەرزدار. ئۇلار بىزدىن ئاش-نان تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇلار مەنىۋى ئوزۇققا، ئادەمدەك ياشايدىغان ئاڭغا، ئۆزلىرىنى قوغدايدىغان مەنىۋى قورالغا موھتاج. خاتىرجەم، راھەت، باياشات تۇرمۇشقا موھتاج. بەلكى ئۇلارنىڭ يىل بويى تەر تۆكۈپ ئىشلەپ تارتقان جاپالىرىغا ئاشۇ ئارزۇلار يوشۇرۇنغان بولغىيدى. ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئۇلاردا يېتەرلىك ماددىي بايلىق بولۇشى، تۇرمۇشى ياخشىلىنىشى كېرەك. لېكىن بىز ئۇلارنىڭ مەنىۋى موھتاجلىقىنى قاندۇرۇش، ئۇلارغا بىلىملەرنى ئۆگىتىش، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى قاراڭغۇلۇقنى تۈگىتىش قاتارلىق ۋىجدانىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلماي تۇرۇپ، كۆتۈرەلمىسەك ساڭگىلىتىۋال دەپ، ئۇلارغا خالىغانچە سېلىق سېلىپ، تالاي-تالاي يۈكلەرنى ئارتىپ تىنغۇسىز قىلىۋاتساق، ئۇلاردىن ئېلىشنىلا بىلىپ بېرىشنى بىلمىسەك، ئۇلار ئۇڭ-سىپىنى تاپالمىسا، بىزنىڭ كۆزىمىزگە سىغمىغان، بىزنى بىزار قىلغان نادانلىقى، قالاقلىقى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. بۇ مەسىلە ھەممەيلەننىڭ قايتا ئويلىنىشىغا ئەرزىيدۇ.

**B. تۈرلۈك ھەقلەرنى ئالدىن يىغىۋېلىش، تۇتۇپ قېلىش ۋە «يەرلىك سىياسەتلەر»نىڭ تۇغۇلۇشى**

تۈرلۈك ھەقلەرنى ئالدىن يىغىۋېلىش دېھقانلارنىڭ سېلىقنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن قىسمىدۇر. ھازىر بەزى جايلاردا بۇ ئۇسۇل قوللىنىلىپ خېلى ئوبدان «ئۈنۈم»گە ئېرىشكەن. مەسىلەن، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ X ناھىيىسى 1994-يىلى خىمىيە ئوغۇت سېتىۋېلىش ئۈچۈن 5 مىليون يۈەن پۇلنى دېھقانلاردىن ئالدىن يىغىۋالغان. 1995-يىلى 40 مىليون يۈەن يىغىۋالغان، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كېلەر يىلى 80 مىليون يۈەن يىغىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىشلەش ئۇسۇلى: بۇ پۇلنى يېزىلىق يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش پونكىتلىرى يىغىپ، تەمىنات-سودا كوپېراتىپى بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋېلىش توختامى تۈزۈشىدىكەن، ئايلىق ئۆسۈمى %7.5 بويىچە ھېسابلىغاندا، 40 مىليون يۈەننىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 300 مىڭ يۈەن، يېرىم يىللىق ئۆسۈمى 1 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولىدىكەن. دېھقانلاردىن بىرقانچە ئاي ھەتتا يېرىم يىل بۇرۇن يىغىۋېلىنغان بۇ پۇلنىڭ ئۆسۈمىمۇ ئەلۋەتتە دېھقانلارنىڭ بولۇشى

كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ پۇلنى تەمىنات-سودا كوپېراتىپى ئالىدىكەن، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدىكەن. بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمدىن پۇل قەرز ئالسا، قانداق قىلىپ ئاشۇ قەرزنى ئۆز قەرەلىدە ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ كېچىلىرى ئۇيقۇسىمۇ كەلمەيدۇ. چۈنكى بىزدە «بىراۋغا قەرزدار بولدۇڭ — قۇل بولدۇڭ» دېگەن گەپ بار. خىمىيىۋى ئوغۇت سېتىۋېلىش ۋە باشقا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى سېتىۋېلىش باھانىسى بىلەن دېھقانلاردىن يېرىم يىل بۇرۇن مەجبۇرىي پۇل يىغىۋېلىپ ئۇنى ئوبوروت قىلىپ پايدا ئېلىش دېگەنلەرنى زادى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك...؟ ئىگىلىشىمچە، دېھقانلاردىن ئالدىن پۇل يىغىۋېلىنغان تۇرۇقلۇق، ۋاقتى كەلگەندە بەزى دېھقانلارغا خىمىيىۋى ئوغۇت تەگمەيدىكەن. بۇنداق ئەھۋاللار باشقا جايلاردىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلانغان. مەسىلەن، قەشقەر ۋىلايىتىدە 1995-يىلى كېۋەز غوزىلاش مەزگىلىدە 50 پىرسەنت كېۋەز ئېتىزىغا ئوغۇت يەتمىگەن، ئېتىزغا تېرىلىدىغان قوناقنىڭ 60 پىرسەنتى ئوغۇت تۆكۈلمەي يالا تېرىلغان. لېكىن خىمىيىۋى ئوغۇت دۆلەت ئورۇنلىرىدا كەمچىل بولغان بىلەن يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ قولىدا ھەر خىل خىمىيىۋى ئوغۇت ناھايىتى كۆپ ئىكەن. دېھقانلار ئۇنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ نۇرغۇن مىقداردا ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ساختا ئوغۇتلار ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەچكە ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىغان. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار يەككە تىجارەتچىلەردىكى ئوغۇت ھەتتا دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىنى، سۈپىتىنىڭ ناچارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا پېتىنالمىغان.

ئاچكۆزلۈك، شەرمەندىلىكنىڭ باشلىنىشى ئەمگەكتىن باش كۆتەرمەي، كۈنلىرىنى ئاران-ئاران ئۆتكۈزۈۋاتقان ئاشۇ بىچارىلەرنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە چاڭ سېلىشقا كۆنۈپ كەتكەنلەرنىڭ كۆز-قارنى قاچانمۇ تويار-ھە!

يىل بويى ئىشلەپ، تاپقان-تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋېتىپ، يەنىلا خۇدانى ياد ئېتىپ: «شۈكرى خۇدايىم، بىزدەك جاپاكەش ئەمما بىچارە بەندىلىرىڭگە يەنىمۇ كۆپرەك نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن» دەپ، ئاق كۆڭۈل ۋە ساددىلىق بىلەن خۇدادىن ياخشى كۈنلەرنى تىلەۋاتقان ھەمدە ئاشۇ بىر قىسىم ئاچكۆزلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ تىلەۋاتقانلارنىڭ غېمىنى يېگۈچىلەر ئۆلمىسۇن...

1988-يىلدىن باشلاپ، يۇقىرىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا يار-يۆلەك بولۇش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەبلىغى تەسىس قىلىنغان ھەمدە بۇ مەبلەغنى ئوبوروت، يېزا-بازار كارخانىلىرى ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق ساھەلەردىن غەملەش بەلگىلەنگەن. لېكىن ھازىر يېزىلىرىمىزدا تۈرلۈك «يەرلىك سىياسەت» لەرنىڭ كۈچى بىلەن بۇ مەبلەغ دېھقانلاردىن «تۇتۇپ قېلىش» قا ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەسىلەن، قەشقەر ۋىلايىتىدە 1990-يىلدىن باشلاپ، دېھقانلار تاپشۇرغان چىگىتلىك پاختىدىن يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەبلىغى ئۈچۈن تۇتۇپ قالغان پۇل جەمئىي 280 مىليون يۈەنگە يەتكەن (95 پىرسەنتى دېھقانلار تاپشۇرغان پاختىدىن تۇتۇپ قېلىنغان). بۇنىڭ ئىچىدە 160 مىليون يۈەن ئىش ھەققى تارقىتىش ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىۋېتىلگەن، ھەتتا بىنا سېلىشقا ھەم ماشىنا سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلگەن. بۇ ۋىلايەت 1993-يىلى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەبلىغىنى «پاي تۈزۈمى» گە ئۆزگەرتىپ، يۇقىرىقى پۇلدىن 80 مىليون يۈەن ئىشلىتىپ دېھقانلارغا پاي ھوقۇقى كىنىشكىسىنى تارقىتىپ بېرىش بىلەنلا بولدى قىلغان، قالغان 200 مىليون پۇلنى «داش قازان تامىقى» غا ئايلاندۇرۇپ، باشقا ئىشلارغا ھەقسىز ئىشلىتىۋال-

غان. خوتەن ۋىلايىتى دېھقانلار تاپشۇرغان ھەر بىر كىلوگرام چىگىتلىك پاختىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىش ھەققى» ئۈچۈن 0.20 يۈەن پۇل ئالغان. بەزى ناھىيىلەردە 0.80 يۈەن ئالغان؛ كۇچا ناھىيىسى بۇلتۇر ھەر بىر مو كېۋەزگە ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى ئۈچۈن 100 يۈەن، بىر مو بۇغدايغا 40 يۈەن ئالغان. 1995-يىلى ھەر بىر مو كېۋەزگە ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى ئۈچۈن 200 يۈەن ئالغان. بۇ پۇلنى باشقىلارنىڭ ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىغا يېرىم يىلدەك بولغان بولسىمۇ دېھقانلار ھېچقانداق نەپ ئالالمىغان. ئۇنىڭدىن باشقا بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ X ناھىيىسىدىكى پاختا-كەندىر شىركىتى 1994-يىلى پاختا سېتىۋالغاندا 935 توننا پاختا تىۋىتىنى دېھقانلاردىن ھەقسىز تۇتۇپ قالغان. 1995-يىلى ئۇنىڭ ھەر توننىسىنى 5 مىڭ يۈەندىن ھېسابلىغاندا پاختا-كەندىر شىركىتى نورمىدىن سىرت 4 مىليون 675 مىڭ يۈەن پايدا ئالغان. بۇ ناھىيىنىڭ ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىقنىڭ خوراش قىسمى ئۈچۈن بەلگىلىمىدىن 2-3% كۆپ تۇتۇپ، 5300 توننا ئاشلىقنى تۇتۇپ قېلىپ 530 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پايدا ئالغان؛ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ X ناھىيىسى، «دېھقانلار پاختىنى تاپشۇرغاندا ياغ تارتىشقا ئىشلىتىدىغان چىگىت ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، قالغان چىگىت دېھقانلارغا قايتۇرۇلۇشى كېرەك» لىكىدىن ئىبارەت بەلگىلىمىگە پىسەنت قىلماي، ھەر بىر دېھقانغا ئاران 24 جىڭدىن چىگىت قايتۇرۇپ بەرگەن. 1994-يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىدىن باشقا، دېھقانلارغا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك چىگىت 100 نەچچە مىڭ توننا بولۇپ، ئۇنى بازار باھاسىغا سۇندۇرغاندا، ھەر توننىسى 1300 يۈەن بولىدىكەن. ئەمما پاختا-كەندىر شىركىتى ھەر توننىسىغا ئاران 560-450 يۈەنگىچە پۇل قايتۇرۇپ، ئۆزلىرى بازار باھاسىدا سېتىپ ياكى ياغ تارتىپ پايدا ئالغان، پەقەت مۇشۇنىڭدىنلا دېھقانلارنىڭ كىرىمى 70-60 مىليون يۈەن ئازىيىپ كەتكەن.

يۇقىرىقىدەك ۋە يەنە باشقا تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ قانۇنلۇق كىرىمىنى ئازايتىپ تۇرۇپ، ئېغىزدا دېھقانلارنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزىمىز دەپ داۋراڭ سېلىش تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىش، ئەلۋەتتە.

### c. جەرىمانە قويۇش، ئەمگەكنىڭ ئورنىغا پۇل تاپشۇرغۇزۇش

تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھازىر نۇرغۇن جايلاردىكى يېزا، كەنت كادىرلىرى جەرىمانە قويۇشنى ئۆز خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىۋېلىپ، ھەرقانداق ئىشتا ھە دېسىلا جەرىمانە قويۇپ، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان. جەرىمانىلەرنىڭ نامى ھەر خىل، ھەر ياڭزا بولۇپ، ئادەم ئاڭلاپمۇ باقمىغان جەرىمانىلەر بارلىققا كەلگەن. جەرىمانە قويۇشنى مەزمۇنىغا قاراپ تۈرگە ئايرىغاندا، ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بىرىنچى خىلى، ئىجتىمائىي خىزمەتلەردىكى جەرىمانە. مەسىلەن، پىلانلىق تۇغۇت، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش، بالىلارنى مەكتەپتە ئوقۇتۇش، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، پەن-تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، تۈرلۈك مەبلەغ توپلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى قاتارلىقلار؛ ئىككىنچى خىلى، ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچلىرىدىكى جەرىمانە. مەسىلەن، ئاشلىق، پاختا كۆلىمى، مەھسۇلات مىقدارى ۋە سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى، پىلە غوزىسى ۋەزىپىسى، ئورمان بىنا قىلىش ۋەزىپىسى قاتارلىقلار؛ ئۈچىنچى خىلى، پەن-تېخنىكىنى كېڭەيتىش كۆرسەتكۈچلىرىدىكى جەرىمانە. مەسىلەن، يەم-خەشەكنى سىلوسلاشتۇرۇش، چارۋىلارنى ئورۇقلاندۇ-

رۇش، سۇنى تېجەش، چارۋىلارنى كېسەلدىن ساقلاش، زىيانلىق ھاشارەتلەرنى يوقىتىش، كېرەكسىز سۇلياۋ يوپۇقلارنى يىغىۋېلىش قاتارلىقلار. يۇقىرىقى ئۈچ چوڭ تۈرنىڭ ھەر بىرى دېھقانلار ئۈچۈن قاتتىق كۆرسەتكۈچ بولۇپ، ئورۇنلىيالمىسا جەرىمانە قويۇلغان. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا تۈرلۈك زىرائەتلەرنىڭ كۆلىمى، ئومۇمىي مەھسۇلاتى، بىرلىك مەھسۇلاتى يەنىلا بۇيرۇق خاراكتېرلىك بولۇپ قانۇنلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرسەتكۈچ تەقسىم قىلىشتا، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار بىخەتەرلىك كويفىنسىېنتىنى قالدۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكۈچنى قاتلاممۇ-قاتلام كۆپەيتىدۇ. كۆرسەتكۈچ تەلىپى تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى ئېغىرلىشىپ، ئاخىرى دېھقانلارغا يۈكلىنىدۇ. مەسىلەن، Y ناھىيىسىدە بىر دېھقان پىلە بېقىپتۇ، كەنت بىرلىك مەھسۇلات كۆرسەتكۈچىنى 25 كىلوگرامغا يەتكۈزۈشنى بەلگىلەپتۇ. لېكىن ھېلىقى دېھقان ئاران 14 كىلوگرامغا يەتكۈزگەنلىكى تۈپەيلىدىن كەم قالغان ھەر كىلوگرامى ئۈچۈن 20 يۈەن جەرىمانە تۆلەپتۇ. ئەمەلىيەتتە ھەر كىلوسىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى ئاران 10.80 يۈەن ئىكەن. قىزىق يېرى، ناھىيە بويىچە ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلات سەۋىيىسى ئاران 20 كىلوگرام ئىكەن. بەزى دېھقانلار جەرىمانىدىن قورقۇپ، باشقا جايلاردىن ھەر بىر كىلوگرام پىلە غوزىسىنى 15-20 يۈەندىن سېتىۋېلىپ تاپشۇرغان. Y ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ بۇلتۇر باشقا جايدىن پىلە غوزىسى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن مەبلىغىلا 60 نەچچە مىڭ يۈەنگە يەتكەن. Y ناھىيىسىدىكى بەزى يېزىلار كېۋەزدىكى كۆسەك قۇرتلارنى تۇتۇش جەھەتتە قاتتىق كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ، بىر قۇرتنى ئاز تۇتسا 0.25 يۈەن جەرىمانە قويغان. مەزكۇر ناھىيىنىڭ D يېزىسىنىڭ ھەر قايسى كەنتلىرىدىكى دېھقانلارغا قۇرتنى ئاز تۇتقانلىقى ئۈچۈن 18 مىڭ 769 يۈەن جەرىمانە قويۇلغان. M ناھىيىسىنىڭ بەزى يېزىلىرى 4.5 كىلوگرام كېرەكسىز سۇلياۋ يوپۇق يىغىۋېلىشنى بەلگىلەپ، بىر كىلوگرام كېمىيىپ قالسا 10يۈەن جەرىمانە قويغان. بەزى كەنتلەردىكى دېھقانلارنىڭ كېۋىزى تېخى غوزىلىمىغان مەزگىلدە، پاختا سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغاندا ھېسابلايمىز دەپ، ھەر بىر مو كېۋەزلىككە ئالدىن 100 يۈەن جەرىمانە قويۇشنى، پۇلى يوقلاردىن بۇغداي ئېلىشنى بەلگىلەپ، 200 يۈەن نەق پۇل، 9000 جىڭ بۇغداي يىغىۋالغان. D ناھىيىسىنىڭ مەلۇم بىر يېزىسى بۇلتۇر پاختا سېتىۋېلىشتا بىر كىلوگرام چىگىتلىك پاختىنى ئاز تاپشۇرسا بىر يۈەن جەرىمانە قويۇشنى بەلگىلىگەن. مەزكۇر يېزىنىڭ X كەنتى يەر تېرىش پىلانىنى ئورۇنلىيالمىغانلىقى، بىر قىسىم كېۋەز ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقى ھەمدە كەنتتىكى بىر قىسىم دېھقانلار پاختا سېتىۋېلىش پونكىتىنىڭ پاختا دەرىجىسىنى، باھاسىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىكىگە نارازى بولۇپ پاختىسىنى باشقا يېزىلارغا ئاپىرىپ ساتقانلىقى ئۈچۈن پاختا سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغان قاتارغا چىقىرىۋېتىلگەن. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن دېھقانلار پۇل چىقىرىپ سىرتتىن پاختا سېتىپ بېرىش تالونى سېتىۋېلىپ پاختا سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى ئورنىدا تاپشۇرغان. كەنت بويىچە جەمئىي 42 مىڭ 700 يۈەن خەجلىنىپ، 85 مىڭ 973 كىلوگراملىق پاختا تالونى سېتىۋېلىنغان. نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ پۇلى بولمىغاچقا، كەنت كوللېكتىپى باشلامچى بولۇپ يېزىلىق تەمىنات-سودا كوپېراتىپىدىن يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى 25 پىرسەنتلىك 8000 يۈەن قەرز پۇل ئېلىپ، بىر تۇتاش مال تالونى سېتىۋالغاندىن كېيىن، تالون سېتىۋالالمىغان دېھقانلارغا بۆلۈپ بەرگەن. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئائىلىنىڭ تالون سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 186.78 يۈەن چىقىم قىلىنغان. مەلۇم بىر دېھقان 1315 يۈەن چىقىم قىلىپ، 1535

كىلوگراملىق تالون سېتىۋالغان، بۇ ئائىلە تالون سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيىدىكى بەش قوينى ۋە 200 كىلوگرام قوناقنى ساتسىمۇ يەتمەي باشقىلاردىن قەرز ئالغان. S ناھىيىسىنىڭ مەلۇم بىر نامرات، چارۋىچىلىق كەنتىدە بەزى چارۋىچىلار يېزا بەلگىلىگەن يول ياساش پۇلىنى تاپشۇرالمىغانلىقى، بەزى چارۋىچىلار يەر ئاغدۇرۇش ھەققى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى ۋاقتىدا تۆلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، كەنت ئاھالە كومىتېتى يېزىلىق ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسىگە ئەرز قىلغان، سوت كوللېگىيىسى كېسىم چىقىرىپ مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرغان. بىر چارۋىچى يول ياساش پۇلىنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن 150 يۈەن جەرىمانە قويۇلغان ھەمدە ئۇنىڭدىن قاتناش ھەققى، دېلو بېجىرىش ھەققى دەپ 250 يۈەن ئېلىنغان. بىر چارۋىچى يەر ئاغدۇرۇش ھەققى ئۈچۈن 550 يۈەننى تاپشۇرالمىغانلىقتىن، ئۇنىڭغا قوشۇپ 150 يۈەن جەرىمانە قويۇلغان. يەنە بىر چارۋىچى يول ياساش پۇلىنى تاپشۇرالمىغانلىقتىن ئۇنىڭغا 150 يۈەن جەرىمانە قويۇلغان. شىخو ناھىيىسىدىكى B يېزىسىنىڭ مەلۇم كەنتىدىكى دېھقانلار يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەمگەكنىڭ ئورنىغا پۇل يىغىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، يېزىلىق ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ بۇغداي سۇغىرىدىغان سۇيىنى توختىتىۋەتكەن، دېھقان ۋەكىللىرى ئامال يوق يۇقىرىغا ئەرز قىلغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈكتىڭنىڭ ھاۋالىسى بىلەن دېھقانچىلىق نازارىتى ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن سۇ ئەسلىگە كەلگەن. ئەمما دېھقانلار زور ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىغان، مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ يېزىدىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر بولدى قىلماي، ئەرز قىلغان دېھقان ۋەكىللىرىگە زەربە بەرگەن. ئۇلاردىن ئۈچ ئالغان. بىر نەپەر پارتىيە ئەزاسى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن خاتا ھالدا پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىلگەن. Y ناھىيىسىدىكى بەزى يېزا، كەنتلەر دېھقانلارنى ئەمگەك ئورنىغا پۇل تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاپ، ئۆتكەن يىلى مەلۇم بىر كەنتتىنلا 105 مىڭ يۈەن يىغىۋالغان.

جەرىمانە ئېلىش، ئەمگەكنىڭ ئورنىغا پۇل تاپشۇرغۇزۇش ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى تاپشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش جەريانىدا بەزى جايلاردا دىكتاتۇرا كۈچىنى ئىشقا سېلىشتەك روشەن ھالدا قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنىڭ يۈز بېرىشى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. مەسىلەن، P ناھىيىسىنىڭ مەلۇم يېزىسىدا بولتۇر پاختا ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش داۋامىدا، پاختا سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىغان ئىككى نەپەر دېھقاننىڭ قولىغا كويزا سېلىپ قويغان (ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىغا دەرەخنى قۇچاقلىتىپ كويزا سېلىپ قويغان). كادىرلارنى تەشكىللەپ ئۆيمۇ-ئۆي تەكشۈرۈش ھەتتا ئاختۇرۇش ئېلىپ بارغان. Y ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدا پاختا سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسنى ئورۇنداشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، تۈرلۈك سېلىقلارنى يىغىش، مەبلەغ توپلاش ۋە جەرىمانە قويۇش داۋامىدا پەيچۇسونىڭ كادىر-ساقچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ھەتتا مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ دېھقانلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىگە دەخلى-تەرۇز قىلىنغان.

«يېزا ئىگىلىك قانۇنى» نىڭ 18-ماددىسىنىڭ 3-تارمىقىدا: «ھەرقانداق ئورگان دېھقانلار ياكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرغۇچى تەشكىلاتلارغا جەرىمانە قويغاندا، جازالىغاندا، قانۇن، قائىدە-نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرنى ئاساس قىلىشى كېرەك. قانۇن، قائىدە-نىزاملاردىكى بەلگىلىمە ئاساسىي بولماي تۇرۇپ، ھەرقانداق ئورگان دېھقان ياكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرغۇچى تەشكىلاتلارغا جەرىمانە قويسا، دېھقانلار ياكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرغۇچى

تەشكىلاتلار ئۇنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق » دەپ بەلگىلەنگەن. قانۇننىڭ بەلگىلىمىلىرىنى دېھقان-چارۋىچىلار بىلمەيدۇ. لېكىن دېھقان - چارۋىچىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە ئىگە بولۇۋاتقانلارمۇ بىلمەمدىغاندۇ؟

قانۇن نۇقتىسىدىن ئالغاندا، جەرىمانە قويۇش بىر خىل مەجبۇرلاش تەدبىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق پەقەت دېھقاندىن ئېلىشتىن ئىبارەت بىرلا مەقسەتكە يېتىش مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ دېھقانغا قالدۇرغان جاراھەتلىرى ناھايىتى يامان بولۇپ، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئېغىر بۇھران ئېلىپ كېلىدۇ. جەرىمانە ئاڭسىزلىق بىلەن قوللىنىلغان ۋاستە بولغاچقا، بۇ ۋاستە ئارقىلىق بىز دېھقاننى قاشاقلىققا، ئاڭسىزلىققا ئۆگىتىشمىز مۇمكىن. دېھقانلار بىزنىڭ سۆيۈملۈك خەلقىمىز، بىزنىڭ مالىيىمىز ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەمگىكى، ئۇلارنىڭ بىز ئۈچۈن ياراتقان قىممىتى شۇ قەدەر ھالال. بىزنىڭ ئۇلارنى تەربىيىلەش (ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ تەربىيىلەپ)، ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى ئاچارچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش، ئۇلارنىڭ ھالال ئەمگىكىگە يارىشا باياشاتلىققا باشلاش مەجبۇرىيىتىمىز بار. بىز مۇشۇ ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىش، ئۇلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئارقىلىقلا ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئازاد قىلالايمىز. كۆڭلىنى ئالالايمىز، شۇ چاغدىلا ئۇلار بىزگە رازىمەنلىك بىلەن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بېرەلەيدۇ.

### D. « ئىككى خىل ئېتىز تۈزۈمى »

بىز يۇقىرىدا پاكىتلار ۋە ئەمەلىي مىساللارنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نۆۋەتتە يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ باي بولۇشىغا ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان ھەر خىل سېلىق، جەرىمانە، مەبلەغ توپلاش، ھەق ئېلىش مەسىلىلىرىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. مۇشۇ قاتاردا يەنە دېھقانلارغا بېسىم بولۇۋاتقان، ئۇلارنى بىزار قىلىۋاتقان، ئۇلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاۋاتقان بىر مەسىلىنىمۇ ئويلىنىشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارايمەن. ئۇ بولسىمۇ شىنجاڭدا يېقىندىن مەيدانغا كەلگەن « ئىككى خىل ئېتىز تۈزۈمى » دىن ئىبارەت.

« ئىككى خىل ئېتىز تۈزۈمى » ئەڭ ئاۋۋال تارباغاتاي ۋىلايىتىدە يولغا قويۇلغان بولۇپ، ھازىر باشقا جايلارغا تارقالماقتا. ئىگىلىنىشچە تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا « ئىككى خىل ئېتىز تۈزۈمى » نى، يەنى يەرلەرنى « تەمىنات ئېتىزى »، « ئىجارە ئېتىزى ياكى ھۆددىگەرلىك ئېتىزى » غا ئايرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. مەسىلەن، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ X ناھىيىسىدىكى مەلۇم بىر كەنت 1993-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ بۇ خىل تۈزۈمنى يولغا قويغان. ئۇلارنىڭ ئىشلەش ئۇسۇلى مۇنداق: كەنت بويىچە ئادەم بېشىغا 2-1 مودىن « تەمىنات ئېتىزى » قالدۇرۇپ، قالغان يەرنى ھۆددىگەرلىك ئېتىزى قىلغان، 1-دەرىجىلىك يەرنىڭ ھۆددىگەرلىك ھەققىنى 52 يۈەن، 2-دەرىجىلىك يەرنىڭ ھۆددىگەرلىك ھەققىنى 47 يۈەن، 3-دەرىجىلىك يەرنىڭ ھۆددىگەرلىك ھەققىنى 42 يۈەن قىلىپ بېكىتكەن. يەنە 600 مو يەرنى زاپاس قالدۇرۇپ، ئىجارىگە، ھۆددىگە بەرگەن. ھەر موسىنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 80 يۈەن قىلىپ بېكىتكەن. دېھقانلارغا قالدۇرغان « تەمىنات ئېتىزى » نىڭ ھەر موسىدىن 20 يۈەن ئالغان. ھۆددىگە بېرىپ بولغان يەرلەرنى قايتىدىن تەقسىم قىلىپ، « چەك تاشلاش » ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاۋۋال پۇل تاپشۇرۇش، ئاندىن تېرىش چارىسىنى قوللانغان. نەق پۇل تاپشۇرالمىغانلار ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىدىن قەرز ئېلىپ، بىر قېتىمدىلا

تۆلەپ ئاندىن يەرگە ئىگە بولۇپ تېرىغان. «ئىككى خىل ئېتىز» تۈزۈمى زورمۇ-زور يولغا قويۇلغاچقا 80% دېھقان ئائىلىلىرى ھۆددىگەرلىك ھەققىنى قەرز ئېلىپ تۆلىگەن، 30 ئائىلىدىن كۆپرەك دېھقان مەبلىغى ئاز بولغانلىقتىن يەرنى ئاز ھۆددىگە ئالغان، 20 دىن كۆپرەك ئائىلە ھۆددىگە ئالالمىغان. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن دېھقانلار يەرلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. بۇنىڭغا ئوخشاش يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك يېرىنى ئۆز ئالدىغا كەڭ كۆلەمدە تەگشەيدىغان قىلمىش، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئۇزاققىچە ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەن سىياسەتكە خىلاپ بولۇپ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. نامراتلىق بىلەن بايلىقنىڭ پەرقىنى ئاسانلا چوڭايتىپ، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ئۇسۇل ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان 2-، 3-كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى تېز بولغان، خەلقى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن جايلارغىلا باب كېلىدۇ.

### E. سېلىق سېلىش = نامراتلىق

مەن تارىم دەرياسى بويىغا جايلاشقان بۇ يېزىدا ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ يۈرەك قېنىنى قارا تۇپراققا سەرپ قىلىپ، تۈنلەرنى تاڭلارغا ئۇلاپ، يىللارنى قېرىتىپ ياشاۋاتقان بىر دېھقان بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ نامراتلىقىغا، بىر ئېشەك، بىر كالىدىن باشقا تۈزۈكرەك مال-مۈلكى يوقلۇقىغا، بەش بالىسىنىڭ بىرسىنىمۇ مەكتەپتە ئوقۇتمىغانلىقىغا قاراپ ھەيران قالدىم.

— ھال-ئەھۋالىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ، بالىلارنى نېمە ئۈچۈن مەكتەپكە بەرمىدىڭىز؟

— سۆزلىسە گەپ بولىدۇ، سۆزلىمىسە دەرد. ئۇكام، قەددىمىزنى رۇسلايدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر دەپ تېنىمسىز ئىشلەۋاتىمىز. ئۆزۈڭنى خارلىغۇچە كۈچۈڭنى خار قىل دەپتىكەن. جاپاغا ئادەم ئۆلمەيدىكەن، خۇداغا شۈكرى، جېنىمىز ئامان تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن بالىلىرىمىزنى ئوقۇتالمىدىم. نامراتلىق نۇرغۇن ئىشلاردىن مەھرۇم قىلىدىكەن.

— كېۋەز تېرىپ بېيىمىدىڭىزمۇ؟

— يېزىمىزغا كەلگەن سىزدەك كادىرلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ سوئالنى سورايدۇ. كېۋەزنىڭمۇ تېرىدۇق، ئۇنىڭ دەردىمۇ يەتكىچە بارئىكەن. ھوسۇلمۇ ئاندىكە نىمز. لېكىن تۈرلۈك سېلىقلارنى ھېسابلىغاندا قولىمىزغا بىرنەرسە قالمايدۇ. مەن سىزگە بىر ھېساب كۆرسىتەي، مېنىڭ ئائىلەمنى ئالساق، 1994-يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 800 يۈەن بولدى. لېكىن كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سېلىق 320 يۈەن، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات فوندى 280 يۈەن بولدى. ساپ كىرىمدىن بۇلارنى چىقىرىۋەتسەم ئاران 200 يۈەن قالىدۇ. شۇ 200 يۈەن بىلەن بىر يىل جاننى جان ئېتىش كېرەك. مېنىڭ بالىلىرىم ئالدى بىلەن ھايات ياشىشى، ئاندىن ئوقۇشى كېرەكقۇ؟ شۇڭا ئۇلارنى ئوقۇتالمىدىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن تەبىئىي ئاپەتلەر كۆپىيىپ، يەرنىڭمۇ تۈزۈك تايىنى قالمىدى، ھوسۇلمۇ تازا دېگەندەك بولمايۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ بىزگە يۈكلەنگەن سېلىقلار بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى...

دېھقان گېپىنى توختىتىۋالدى، ئۇنىڭ چىرايىدا ئادەم چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر خىل روھىي ھالەت ئىپادىلەندى. مەن ئۇنىڭغا نېمىدەپ تەسەللىي بېرىشنى بىلەلمەي، ئاخىرى بىر ئېغىز: «بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر» دەپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشقا مەجبۇر بولدۇم. دېھقان بىلەن خوشلىشىپ كېتىۋېتىپ، ئىككى يىل ئىلگىرى بىر موڭغۇل رەھبەر بىلەن

قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەلۇم بىر يېزىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بىر مەنزىرە كۆز ئالدىمغا كەلدى: بىز بىر يېزىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى موڭغۇل رەھبەر يېزىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرقانچە كەنتكە باشلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بىز يېزا باشلىقلىرى ۋە بۇ يېزا تەۋە بولغان ناھىيىنىڭ ھاكىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر كەنتكە باردۇق. زىرائەتلەرنى كۆردۇق. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ ئۇلارنىڭ ھال-ئەھۋالىنى ئىگىلىدۇق. بەزى ئۆيلەردە يەرگە سېلىنغان بىر پارچە كىگىز، بىر كونا جۇۋىدىن باشقا ھېچنېمە يوق. بەزى ئۆيلەردە ئەمگەك كۈچى يوق بوۋاي-مومايلار كونا ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا بېشىنى قويۇپ (بېشىغا قويغۇدەك تۈزۈكرەك ياستۇقمۇ يوقكەن) كېسەل ئازابىدا يېتىۋاتقان. بەزى ئائىلىدىكىلەرنىڭ قورسىقى ئاچ قالغان، جۇل-جۇل كىيىملىرى ئۇلارنىڭ بەدىنىنى تۈزۈكرەكمۇ ياپالمىغان...

بىزنىڭ موڭغۇل رەھبەر بۇ چاغقىچە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارمىغان بولسا كېرەك. يۇقىرىقى مەنزىرىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە لىقىدە ياش ئالدى ۋە ئالدىمىزدا گىدىيىپ تۇرۇشقان ھاكىم ۋە يېزا باشلىقلىرىغا قاراپ ناھايىتى تەمكىن ھالدا:

— مەن خوشۇت ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسىدا ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىدا چوڭ بولغان. خوشۇت ناھىيىسىدە بەزى يېزىلارنىڭ باشلىقى ۋە ناھىيىنىڭ ھاكىمى موڭغۇل، شۇ ئەھۋالدىمۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ بۇنداق كۈنگە قالغىنىنى مەن كۆرۈپ باقمىغان. سىلەر ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارغا ھاكىم، باشلىق بولۇپ تۇرۇپ ئۇلارنى مۇشۇ كۈنگە قويغۇچە ئۆلۈۋالساڭلار بولمامدۇ؟ سىلەر نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر؟ — دېدى.

ھاكىم ۋە يېزا باشلىقلىرى بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ ئۈن-تىنسىز تۇرۇپ قېلىشتى.

بۇ بىر ئاددىيلا ۋەقە بولسىمۇ تاكى ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

مەن سېلىق، سېلىش بىلەن نامراتلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويدۇم. ئەسلىدىنلا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئاساسىي ئاجىز دېھقان-چارۋىچىلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئۈزلۈكسىز شۇغۇللىنىپ، يېزا، كەنتلەردىكى كادىرلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھەرقانداق چاقىرىققا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، دۆلەتكە تاپشۇرىدىغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى جاندىل بىلەن ئورۇنلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئېغىر سېلىقلار تۈپەيلىدىن قەددىنى دېگەندەك كۆتۈرەلمەي، نامراتلىق ئازابىدىن قۇتۇلالمايلا قالماستىن، بەزىلىرى تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۈگۈنكى كۈندە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىق پاتقىقىدىن چىقالماسلىقىغا ئاشۇ ئېغىر قانۇنسىز سېلىقلار سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. دېھقان-چارۋىچىلار خۇدا ھەممىگە قادىر، دېيىشىدۇ، قارىغاندا، خۇدامۇ ئادەملەرنىڭ زېمىنغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ قادىرلىقى بىلەن ئادەملەرگە ئامەتنىمۇ، ئاپەتنىمۇ تەڭ ئاتا قىلىدىغان ئوخشايدۇ. تەبىئەت بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئائىلىمىز ئىدى، لېكىن بۇ ئائىلىنىڭ مېھرىگە شۇ قەدەر قېنىپ تۇرۇپ يەنە ئۇنى ۋەيران قىلىۋاتىمىز. ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەر بىلەن يېشىل مەخمەلدەك ئەلا سۈپەتلىك يايلاقلارنى بۇزۇۋېتىش، ئورمانلارنى ئاچكۆزلۈك بىلەن كېسىش، تەبىئىي يايلاقلارنى ئېچىشتا ئىلمىي باھالاش-مۆلچەرلەش بىلەن كارى بولماي، قالايمىقان پارتلاش سەۋەبىدىن سۇ مەنبەلىرى ئۈزۈلۈش، ئېقىنلار قۇرۇپ كېتىش، پاك ھاۋا بۇلغىنىش، ھەتتا مېۋە-چېۋە، سۇ ۋە باشقا يېمەك-ئىچمەكلەر زەھەرلىنىپ تەبىئەتنىڭ، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ مىجەز-تەبىئىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇشتەك ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقماقتا.

مەن ئۈگەن دەرياسى بويىغا جايلاشقان بىر يېزىدا قەددى سۇسىز قۇرۇپ ئېگىلىپ قالغان، قوۋزاقلىرى بوران زەربىسىدە ئۇچۇپ يۈرگەن توغراققا ئوخشاش بىر تېخنىك خادىم بىلەن سۆزلىشىپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنگەندىن كېيىن سۆزلەپ كەتتى.

— ھازىر دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى توغرۇلۇق قاقشىمايدىغان ئادەم يوق. ئۇلۇغ تەڭرى مۇشۇ كۆنلەردە غەزەپكە كەلدىمۇ ياكى بەزى كادىرلار بىلەن بىرلىشىۋالدىمۇ بىلەلمىدۇق، ئىشقىلىپ تەڭرىمۇ يېڭىدىن يېڭى سېلىقلارنى سېلىۋاتىدۇ. مەن لوپنۇر كۆلىنىڭ قۇرۇپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدىم، ئەمدى ئۈگەن دەرياسىمۇ قۇرۇپ كەتتى. ئۈگەن دەرياسى قۇرۇپ كەتكەندىكىن تارىم دەرياسىمۇ قۇرۇپ كېتىدۇ. سۇ بولمىسا نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟ ئۈگەن دەرياسى بويىدا بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى بار تەبىئىي ئورمانىنىڭ 40 پىرسەنتى قۇرۇپ كەتتى. مارالبېشى ناھىيىسىدە تەبىئىي ئورمانىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر ئاغىنەم بار. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ناھىيە تەۋەسىدە ئەسلىدە 2 مىليون 700 مىڭ مو توغراقلىق بار ئىكەن. سۇغا قارىماي قانۇنسىز بوز يەر ئېچىش، سۇ مەنبەسىنى ئۈزۈپ قويۇش قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەب بىلەن ھازىر ئاران بىر مىليون 500 مىڭ مولا توغراق قالغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، قار سىزىقى تۆۋەنلەپ كېتىش، سۇ-تۇپراق ئېقىپ كېتىش، ئېقىنلاردا سۇ بولماسلىق، يەرلەر قۇملىشىپ ياكى شورلىشىپ كېتىش ئاپەتلىرىنى كەلتۈردى. دېھقانلارنىڭ يەردىن ئالىدىغىنى تايىنلىق بوپقالدى. ھەتتا بىر يىل سىڭدۈرگەن ئەجرى بىكارغا كەتتى. مانا بۇ تەڭرىنىڭ سېلىقى. بۇنىڭغا «كادىر» نىڭ سېلىقىنى قوشساق نېمە بولىدۇ؟ زىرائەتلەر ئاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، دېھقانلارنى مەجبۇرىي دېگەندەك ئىستىراخۇۋانىيىگە قاتناشتۇرۇپ پۇلىنى يىل بېشىدا يىغىۋالغان غوجاملارنى دېھقانلار بەزىدە تاپالماي قالىدۇ...

بۇ ساددا كىشىنىڭ سۆزلىرى مېنى قايىل قىلدى، ئۇ ھەممىنى تەڭرىگە دۆڭگەمدى. بەلكى ئۇ «تەڭرىنىڭ سېلىقى» دەۋاتقان ئاپەتلەرنىڭ تەبىئەتتىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىزنىڭ خېلى-خېلى ئىلمىي ئادەملىرىمىزمۇ بىلمىگىنىگە ئوخشاشلا بىلمىسە كېرەك.

دېمىسىمۇ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن يەرلەرنىڭ قۇملىشىپ ياكى شورلىشىپ كېتىشى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يەرلەرنىڭ ئازىيىشى، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ كۆپىيىشى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئازىيىشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسە-تىۋاتىدۇ ھەمدە ئىنتايىن ئاز بولغان يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىغا زور زىيان ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن دېھقانلارغا سېلىنىۋاتقان سېلىقلار ئازايغىنى يوق، ئەكسىچە داۋاملىق كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئۆزى نامراتلىقنىڭ تۇغۇلۇشى-دىن دېرەك بەرمەمدۇ؟ مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بۇ قۇرۇلۇش دەل نامراتلىق سەۋەبىدىن قاراڭغۇلۇقتا يۈرگەن باللارنىڭ دىلىنى يورۇتۇش، يەنى كەلگۈسى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈش مەقسىتىدە بارلىققا كەلدى. لېكىن ماغدۇرىمىز ئاز بولغاچقا، يەنە قانچىلىغان باللارنىڭ سەبى قەلبىدە تاڭ ئاتماي، نادانلىق ۋە ساۋاتسىزلىقنىڭ ۋارىسى بولماقتا. دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئۆز باللىرىنى ئوقۇتقۇسى يوقمۇ؟ ئاشۇ باللارنىڭ مەنىۋى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلغۇ-سى يوقمۇ؟ ساۋاتسىزلىقنىڭ نامراتلىق ئىكەنلىكى-نى ئاتا-ئانىلار بىلمەمدۇ؟ ئەپسۇس، ھازىر نامراتلىقتىن ساۋاتسىزلىق كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. نامراتلىق بولۇپ، پۇل بولمىسا مەكتەپتە ئوقۇغىلى بولمايدىغانلىقى ھەممىزگە ئايان. «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» نى قويۇپ تۇرۇپ،

ھۆكۈمەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن قۇرۇلغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بىر مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ باقايلى:

بۇ يېزا — جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدىكى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ يېزىلاردىكى مائارىپنىڭ دېھقانلار سېلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا ئىختىيار-سىز كۈلۈۋەتتى.

— يېزا دېگەندە دېھقانلاردىن تەمە قىلمايدىغان ئىش بولمايدۇ. مائارىپمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ناھىيىمىزدىن يېزىنىڭ مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن مەبلەغ پەقەت شتات ئىچىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىغىلا يېتىدۇ. بىزنىڭ مەكتەپتە يەنە 85 نەپەر خەلق ئوقۇتقۇچىسى بار. ئۇلار ئايلاپ-يىللاپ مائاش ئالالمايدۇ. دەرسخانىلار يېتىشمىگەچكە ئون سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇشقا كېلەلمىدى. يېڭى دەرسخانا سېلىش، دەرسخانىلارنى رېمونت قىلىش، پارتا-ئورۇندۇق ئېلىش ۋە باشقا ئوقۇ-ئوقۇتۇش خىراجەتلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يەنىلا دېھقانلارغا قولىمىزنى سوزماي، سېلىق چاچماي، مەبلەغ توپلىماي ئامالىمىز يوق. شۇنداق بولغاچقا ھازىر دېھقانلاردىن بەلگىلىمە بويىچە مائارىپ قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئېلىش، چەكسىز ھەق ئېلىشقا ئۆزگىرىپ كەتتى. دېھقانلار بەرمەي قۇتۇلالمايدۇ. بەرمىگەنلەرنىڭ بالىلىرىنى بەزىدە سىنىپتىن چىقىرىۋېتىپتۇ قالىمىز. بىز يەنىلا ئۈمىدۋار، ئىشلار ھامان ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

توغرا، ئۈمىد بىلەن ياشاش كېرەك. بىزنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىمىز نامراتلىق سەۋەبىدىن تېخىمۇ كۆپ بالىلار «ئۈمىد قۇرۇلۇشى» دىن ئۈمىد كۈتۈپ، ئاخىرى ساۋاتسىزلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ!...

قىسقىسى، دېھقان-چارۋىچىلارغا سېلىق سېلىش ئۇلارنىڭ نامراتلىقىغا تەڭ!

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەييۈەنجاڭى، جۇڭگو ۋە دۇنياغا تونۇلغان ئاتاقلىق جەمئىيەتشۇناس ۋە مىللەتشۇناس ئالىم فېي شاۋتۇڭ: «ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مائارىپ كېيىنكى ئەسىردىكى ئىككى چوڭ تېما، 56 مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مائارىپ ئاساس. مىللىي مائارىپقا نىسبەتەن ئېيتقاندا جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تارماقلار زور كۈچ چىقىرىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرى تېخىمۇ چارە-ئامال تېپىشى كېرەك. ساقلاپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۆزلىرى ئالدىرىشى كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىمى ئۆزىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلىش كېرەك. ئاپتونومىيە دېگەنلىك ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ مەسئۇل بول دېگەنلىكتۇر. ياخشىراق ئويلاپ باقايلى، يەنە 50 يىلدىن كېيىن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھالى قانداق بولار؟ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ رەھبىرى بولغان يولداشلار بۇ مەسىلىنى چوقۇم كۆرۈپ يېتىشى، يىراقنىراق كۆرۈشى كېرەك» * دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

بىز ئەگەر ئويدانراق ئويلانساق بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ تېگىگە يېتەلەيمىز. «بالا-قازادىن ساقلىنالىغايسەن خۇدايىم» دەپ قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ بىلگىنىنى قىلساق بولمايدۇ. بىلىشىمە-چە، خۇدايىم ئەسلىدە «بالا-قازادىن ساقلانغانىنى ساقلايمەن» دېگەنىكەن... دېمىسىمۇ جاھاندىكى ئىشلارنىڭ شۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز...

### F. ئۇلارمۇ ئادەمغۇ؟

مەن ئۇلارنى نەشپۈتلۈك باغدىن تاپتىم.

— سىلەرنى تاپماق تەسكەن، — دېدىم مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ، — دېھقانلار سىزنى تاش ئۆستەڭنىڭ بويىدا دېگەنىدى.

* «خەنزۇچە مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1995-يىللىق 12-سانى 24-بەتكە قاراڭ.

ئاخىرى باغدا ئۇچرىشىپ قالدۇق.

— دېھقانىنىڭمۇ باي بولىدىغانلىقىنى، بايلىقنىڭ ئۇلارغىمۇ يارىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرىمىز. بۇ ئىشلارغا ھەقىقىي ئوغۇل بالا كېرەككەن دەڭا.

— دېھقانلاردىن تەرىپىڭلارنى كۆپ ئاڭلىدىم. قىلغان ئىشلىرىڭلار ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىكەن.

— باشقىلارنى سۆيۈندۈرگىدەك ئىشلارنى بۇنىڭدىن كېيىن قىلارمىز. ھازىرغىچە ئېغىزغا ئالغۇدەك ئىش يوق. بىز پەقەت دېھقانغا سېلىق سالماسلىق، ئۇلارنىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ياشىيالايدىغان قىلىش نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدۇق. دەسلەپتە دېھقانلىرىمىز نامراتلىق دەردىدە ئىڭرايتتى، بىز ئۇلارغا قاراپ چىداپ تۇرالمىدۇق. «سەۋەب قىلساڭ سەۋەتتە سۇ توختاپتۇ» دېگەن گەپ بار. بىز ئالدى بىلەن بىر يۈرۈش تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، يېزا ئىگىلىكىگە سېلىنىدىغان سېلىنمىنى ئاشۇرۇشنى پىلانلىدۇق. بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل كېرەك. ئەگەر دېھقانلارغا قول سوزساق بۇ خۇددى ئۇلارنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەنگە ئوخشاش ئىش بولىدىكەن. بۇنداق قىلىشقا يۈزىمىز چىدىمىدى. ئاخىرى ناھايىتى تەستە 60 مىڭ يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ بىر ئۇن زاۋۇتى قۇرۇۋالدۇق. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. خېلى كۆپ كىرىم قىلدۇق. بۇ پۇلنى چېچىۋەتمەي ئىشلىتىپ، كەنت بويىچە بەش كىلومېتىردىن ئارتۇق زەيلەك چاپتۇق. 10 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسىدۇق. بۇنىڭ بىلەن 600 مودىن 800 موغىچە شورلۇق يەرنى ئۈنۈملۈك يەرگە ئۆزگەرتىپ، دېھقانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ھۆددىگە بەردۇق. ئۇلار يەرنىڭ ئۈنۈمىنى كۆردى. ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قىزغىنلىقى زور دەرىجىدە ئاشتى. بىز يەنە مەبلەغ ئاجرىتىپ 300 مودىن ئارتۇق نەشپۈتلۈك باغ بەرپا قىلدۇق. مەھسۇلاتىمىز جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك خېرىدارلارنى جەلپ قىلدى. ھەر يىلى مۇشۇ باغدىنلا قىلغان كىرىمىمىز 300 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. 1994-يىلى 180 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ 60 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، يەتتە توننا سۇلياۋ يوپۇق، 3500 كىلوگرام سورتلۇق ئۇرۇق سېتىۋېلىپ دېھقانلارغا بىر تىيىنسىز ... تارقىتىپ بەردۇق. يۇقىرىقى ئىشلاردا بىز دېھقانلارغا ھېچقانداق سېلىق چاچمىدۇق ھەق ئالمىدۇق ياكى مەبلەغ توپلىمىدۇق. بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار ئۆزلىرى سىڭدۈرگەن ئەجرىگە يارىشا ھوسۇل ئېلىپ، ئۆزلىرىنى ئانچە-مۇنچە ئوڭشىۋالدى. 1994-يىلى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 1391 يۈەنگە يېتىپ، 1993-يىلدىكىدىن 240 يۈەن ئاشتى. 92 ئائىلە ھاللىق سەۋىيىگە قەدەم قويدى. بىز كوللېكتىپ كىرىمىمىزنى كۆپەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلارغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە باشلىدۇق. 1994-يىلى 100 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ 230 گاز ئوچاق سېتىۋېلىپ دېھقانلار ئائىلىسىگە ھەقسىز تارقىتىپ بەردۇق. سۇ تۇرۇبىلىرىنى ھەقسىز ئورنىتىپ بەردۇق. 1994-يىلدىن باشلاپ 50 ياشتىن ئاشقان ھەر بىر پارتىيە ئەزاسىغا (ھەممىسى دېھقان) ۋە ئەمگەك كۈچى يوقلارغا يىلىغا 300 يۈەندىن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بەردۇق. 18 ياشتىن يۇقىرى ھەرقانداق ئەمگەك كۈچى ئۆلۈپ كەتسە 300 يۈەندىن نەق پۇلى بېرىشنى يولغا قويدۇق. بىزنىڭ پىلانىمىز 1995-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر بىر دېھقان ئائىلىسىگە بىردىن كىر يۇيۇش ماشىنىسىنى ھەقسىز تارقىتىپ بېرىش، دېھقانلارنىڭ داۋالىنىش پۇلىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشنى بىردەك ئىشقا ئاشۇرۇش...

بۇلار، باشقىلارغا ئوخشاشلا مۇشۇ زېمىندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياشايدىغان كۆزلىرىدىن ئۈمىد نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، ۋۇجۇدى گۆش-قاندىن پۈتۈلگەن ئادەملەر — كورلا شەھىرىگە قاراشلىق قارا يۇلغۇن يېزىسىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن ۋە قارا يۇلغۇن كەنتىنىڭ رەھبىرى قاھارلار. بۇلارغا ئوخشاش كىشىلەرنى ئىزدىسەك بەلكىم يەنە تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلار ئاز، تولىمۇ ئاز، شۇنداقتىمۇ ئۇلار بىز ئۈچۈن، دېھقان-چارۋىچىلار ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك، ئەڭ قەدىرلىك كىشىلەردۇر.

مەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن يېزىلارغا بارغان. نۇرغۇن يېزا، كەنت باشلىقلىرى، كادىرلار بىلەن تونۇشقانمەن. ئاساسەن ھەممىسىنىڭ يېزىدا ياكى كەنتلەردە ياتاقلىرى بار، سىز ھەر بىر كارىۋاتنىڭ بېشىغا قارىسىڭىز بىردىن ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسىنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنمەڭ، ئۇلار «ئەتىدىن-كەچكىچە قىلغىلى ئىش يوق»، «زېرىكتۇق»، «ناھىيىدىن كەلگەن ئۆمەكلەرنى كۈتتۇق» دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن سېپىق ھاراقنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆلگۈدەك ئىچىپ، بولالمىغاندا كارىۋىتىدا يېتىپ تومۇرلىرىغا گلىيوكوزىنى ماڭدۇرۇپ ئەسلىگە كېلىپ... يۈرۈشىدۇ. راستىنىلا بەزىلىرىنىڭ جەرىمانە ئېلىش، مەبلەغ توپلاش، سېلىق يىغىش، مېھمان كۈتۈشتىن باشقا ئىشى يوق. ھېلىقى «قارا يۇلغۇنلۇقلار» مۇ ئادەمغۇ؟ ئۇلار بىلەن بۇلارنىڭ نېمە پەرقى باردۇ؟

مەن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى بىر يېزىنى كۆرگەن. يېزىدا ئىككى كىچىك ماشىنا بار ئىكەن. شۇجى ۋە ئىككى يېزا باشلىقىنىڭ ئۆيى بۇ يېزىدا بولمىغاچقا، ھېلىقى ئىككى كىچىك ماشىنا ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ئۇلارنى ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويۇپ، يېنىپ كېتىپ يەنە ھەر دۈشەنبە كۈنى بېرىپ يېزىغا ئەكىلىدىكەن. يېزىنىڭ نۇرغۇن خىراجىتى مۇشۇ كادىرلارنى توشۇيدىغان ماشىنىلارغا كېتىدىكەن. ئادەتتە بىر ماشىنىنىڭ ماي، رېمونت ھەقلىرى، شوپۇرنىڭ مائاشى، كوماندىروپكا پۇللىرى بولۇپ بىر ئايدا تەخمىنەن ئىككى مىڭ يۈەن كېتىدۇ. قېنى ئويلاپ باقايلى، ئىككى ماشىنىغا بىر يىلدا قانچىلىك مەبلەغ كېتىدىكەن؟ ئاز ھېسابلىغاندا 40 مىڭ يۈەن. بۇنداق بىھۇدە ئىسراپ قىلىنغان پۇللار ئەلۋەتتە ئاسماندىن چۈشمەيدۇ! ... خىراجەت تۈگىسە، ئۇلار ئەلۋەتتە خۇدانىڭ بوزىكى دېھقانلاردىن ئۈندۈرۈۋېلىش كويىدا بولۇشىدۇ...

جەنۇبىي شىنجاڭدا بەزى يېزا كادىرلىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ، دېھقانلار بىلەن كارىڭلار يوقكەن دېسىڭىز، ئۇلار قىلچە ئىككىلەنمەي «ھازىر جاھان شۇنداق بولۇپ كەتتى، كىم بىلەن كىمنىڭ كارى؟ بۈگۈنكى كۈندە دېھقان دېگەن ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئۆزى قىلىدۇ. ئارىلىشىۋالساق بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېنىق. ھېلىقىدەك ئوكۇل بوتۇلكىلىرىنى ئېسىۋېلىپ، كەلگەن «مېھمان» لارنى رازى قىلغىنى، سانلىق مەلۇماتلارنى يالغان-ياۋىداقلىق بىلەن قاتۇرۇپ يوللىغىنى، دېھقان-چارۋىچى ئارقىلىق ئورۇندايدىغان ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدان چىقالىغىنى... ئۇلارنىڭ جاپالىق شارائىتتا، ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ ئوبدان ئىشلەپ خىزمەت كۆرسەتكىنى بولۇپ سانىلىدۇ. بۇلارنى دېھقان-چارۋىچىلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، «كادىر سانىنى ئۆستۈرىدۇ، كادىرنى سان ئۆستۈرىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزنى ئىجاد قىلغان.

ئەسىرىمنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇنداق بىر مەسىلىنى قىستۇرۇپ قويۇشنى لايىق تاپتىم: لياۋنىڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوجىڭچى بېنشى شەھىرىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە «پارتىيىلىك كادىرلار پاك، ئىنتىزامچان بولسا جەمئىيەت مۇقىم بولىدۇ. بەزى يۇقىرىلىرىمىز

قورساق قايغۇسىدا بولۇۋاتسا، كادىرلىرىمىز ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ يۈرۈۋاتىدۇ. ھەتتا بەزىلەر قىز-چوكانلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ كېتەلمەي چۆرگىلەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە جەمئىيەت مۇقىم بولمايدۇ. خەلقىمىز تېخى قىيىنچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتسا، سەن ئالىي دەرىجىلىك پىكاپتا ئولتۇرۇۋالساڭ قانداق بولىدۇ؟ نۇرغۇن ئىشچى-خىزمەتچىلەر تېخى كوللېكتىپ ياتاقلاردا يېتىۋاتسا، سەن ئۆيلىرىڭنىڭ كۆلىمىنى ھەددىپ كېڭەيتىۋەرسەڭ، بۇ ئەلۋەتتە چىرىكلىك بولىدۇ. بۇ كىچىك مەسىلە بولماستىن، بەلكى كوممۇنىستىك پارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملەشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. شۇڭا بۇ مەسىلىنى قەتئىي ھەل قىلماي بولمايدۇ، دېگەنىدى. بۇ مىسال شىنجاڭلىقلارنى تېخىمۇ بەكرەك ئويغا سالماسمۇ؟ شىنجاڭدا «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز» دېگۈچى تالاي-تالاي كادىرلارنىڭ قايسىبىرى پارتىيىسىزدۇ؟

يۇقىرىقى مىسالغا قوشۇپ، مۇنۇ سانلىق مەلۇماتنى جامائەتچىلىككە كۆرسىتىپ قويسام ئارتۇق كەتمەس: «7- بەش يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈلگەن نۇقتىلىق يۆلەيدىغان نامرات ناھىيە مەملىكەت بويىچە 592 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكىسى 295 ناھىيە. بۇ ئومۇمىي ساننىڭ 49.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىغان 80 مىليون ئادەمنىڭ 40 مىليوندىن ئارتۇقراقى ئاز سانلىق مىللەت رايونىدا. دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 400 يۈەندىن تۆۋەن بولغان نامرات ناھىيىلەر 175 بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكىسى 131 ناھىيە. بۇ ئومۇمىي ساننىڭ 74.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ساپ كىرىمى 300 يۈەندىن تۆۋەن بولغىنى 79 ناھىيە بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونىدىكىسى 64 ناھىيە، بۇ ئومۇمىي ساننىڭ 81 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ... ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نامراتلىق دەرىجىسى جەھەتتىن قارىغاندا، نامراتلىق دەرىجىسى قانچە چوڭقۇر بولغان نامرات ناھىيىلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى سانى شۇنچە يۇقىرى... ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان نامرات رايونلاردا قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش سۈرئىتى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولۇپلا قالماستىن، يەنە قايتا نامراتلىشىش نىسبىتىمۇ مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولماقتا...» *

شىنجاڭنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىغا بېرىپ، شۇ يەردىكى كادىرلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايدىغان بولسىڭىز، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە بىردەك ئاتلىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايسىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى خىزمەت كۆرسىتىش، ياخشىچاق بولۇش. ئاخىرى بېرىپ خەلقنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلدۈرمەسلىك دوكلاتلىرىدىن ئىبارەت. بۇ تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى يوشۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار بىزگە نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

سەۋرى-تاقەتىڭمۇ چېكى بولىدۇ. مۇشۇ كۈنگە ئۈمىد بىلەن ياشىغان قەيسەر دېھقىنىم، يەنىلا ئۈمىدۋار بول. سېنىڭ غېمىڭنى يەيدىغانلارنىڭ، تۇرسۇن، قاھار، گوشۇجىدەك كادىرلارنىڭ بارلىقىغا ئىشەن!

※ ※

ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر مەركىزىگە جايلاشقان خەلق مەيدانىغا بارغىنىڭىزدا مەيدانغا تولىمۇ ياراشقان، ھېچقانداق ۋىۋىسكا ئېسىلمىغان ھەيۋەتلىك، كۆركەم بىر بىنانى كۆرىسىز. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، جۇڭگونىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، جۈملىدىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۈرۈمچىگە سەيلە-ساياھەتكە كەلگەن سانسىزلىغان كىشىلەر

*خەنزۇچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرنىلى» نىڭ 1995- يىلللىق 12- سان 42- بېتىگە قاراڭ.

نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغان بۇ مەيداننى ۋە بۇ مەيدانغا ياراشقان ئاشۇ بىنانى كۆرمەي كەتمەيدۇ. قانچىلىغان كىشىلەر ئۆزلىرىگە سىرلىق بىلىنىدىغان ئاشۇ بىنانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ھەتتا ئۇنىڭ تاملىرىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ سۈرەتكە چۈشۈپ گۈزەل خاتىرىلەرنى قالدۇرۇۋالىدۇ. بۇ بىنا پۈتۈن دۇنيا ئۈمىد بىلەن كۆز تىكىۋاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىن ئىبارەت ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولغان خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت بىناسى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھەر ئىككى ئايدا مۇشۇ بىنادا يىغىن ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا قاتارلىق تۈرلۈك ساھەلىرىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى نازارەت قىلىدۇ.

1995-يىلى 26-ئۆكتەبىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 17-قېتىملىق يىغىنى 4-كۈنىگىچە قەدەم قويدى. بۈگۈن بۇ يەردە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش نىزامى» نىڭ لايىھەسى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «يېزا ئىگىلىك قانۇنى» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرگەنلىك ھەققىدىكى دوكلات مۇزاكىرە قىلىنماقتا.

سۈكۈتتىن قۇتۇلۇش — ئۈمىدنىڭ نۇرلىرىغا قايتا چۆمۈلۈشتىن دېرەك بېرىدۇ. سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدا رېكورت يارىتىلغان بۇ زېمىندا، بۈگۈن كومىتېت ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ خەلق ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سۈكۈت قىلىۋېرىشنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىق ئىكەنلىكىنى خۇددى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىشقاندەك قىياپەتتە پىكىر بايان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئىپادىلەشتى:

— دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، كۈنى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بەزى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ھەممىدە تۈرلۈك كوللېكتىپ تەشكىلاتلار قانۇنلۇقمۇ ئېلىۋاتىدۇ، قانۇنسىزمۇ ئېلىۋاتىدۇ، ھەر خىل يەرلىك سىياسەت تۈزۈپمۇ ئېلىۋاتىدۇ. دېھقان-چارۋىچىلار-نىڭ بۇنىڭغا نارازىلىقى بەك كۈچلۈك.

— نۆۋەتتە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، قانۇن ئېڭى ئاجىز بولغاچقا، ئۇلار قانۇن قورالى بىلەن ئۆز مەنپەئىتىنى قوغدىيالمايۋاتىدۇ. بەزى يېزا-كەنت كادىرلىرى ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۇلارنى بېسىپ، بوزەك قىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا دېھقان-چارۋىچىلار بەزى بيۇروكرات كادىرلار-دىن بىزار بولۇپ: «بىز ئۆتمۈشتە بىر كەنتتە بىر يومبىچكىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغاندۇق، بۈگۈنكى كۈندە شەكلى ئۆزگەرگەن نۇرغۇن يومبىچكىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچراۋاتىمىز» دېيىشمەكتە. ھۆكۈمەت خەلقنىڭ ھۆكۈمىتى، ھاكىمىيەت خەلقنىڭ ھاكىمىيىتى. شۇڭا بىز ھەر ۋاقىت خەلقنى ئويلىشىمىز، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشىمىز، خەلقنى غەم-ئەندىشە-دىن خالاس قىلىشىمىز لازىم.

— دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش شۇئارى بىلەن قارىمۇ-قارشى بولۇپ قالدى. بەزى كادىرلار خەلق بەرگەن ھوقۇقنى خەلقنى قاقشىتىدىغان ۋاستە قىلىپ، ئۆز خەلقىنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىشنىڭ ئورنىغا قانداق قىلىپ خەلقتىن كۆپرەك يۇلۇۋېلىپ، ئاندىن يوقنى بار قىلىش، بىرىنى ئون قىلىش ماھا-رىتىنى ئىشقا سېلىپ ئۆزلىرىنىڭ كىچىككىنە ئەمىلىنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىگە يەتمەكتە. بىز بۇنىڭغا ئېچىنماي تۇرالمايمىز.

— ھازىر بەزى جايلاردىكى بىر قىسىم كادىر-لارنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن،

سياسەت ۋە ئەڭ ئەقەللىسى كىشىلىك ھوقۇق دېگەنلەردىن خەۋىرى يوق. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز خەلقىگە ئۈمىد، يورۇقلۇق ئاتا قىلىش روھى يوق، شۇڭا ئۇچۇنمۇ دېھقان-چارۋىچىلارغا خالىغانچە سېلىق سېلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، خوتەن ۋىلايىتىدە پىلە بېقىش دېھقانلارنىڭ چوقۇم ئادا قىلىدىغان مەجبۇرىيىتىگە ئايلىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە پىلە قۇرتىنىڭ تەننەرخىنى ھېسابلايدىغان بولساق، ئېشكى ئون تەڭگە، توقۇمى ئوتتۇز تەڭگە بولۇپ دېھقانلار زىيان تارتىدۇ. لېكىن ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغاندىن كېيىن ئۇلارغا زورلۇق ۋاستىسىنى قوللىنىپ ئېغىر جەرىمانە قويۇلىدىكەن. بىچارە دېھقانلار جەرىمانە تۆلەش ئۈچۈن ئائىلىسىدە ئاران تەستە باققان مال-چارۋىلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، خوتەن ۋىلايىتىدە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى بۇلتۇرقىدىن 11 ھەسسە كۆپەيگەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىز خەلققە نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمىز؟!

— 1993-يىلى ئەمىر-پەرمان، بۇيرۇقلار چۈشۈرۈلۈپ، نۇرغۇن سېلىقلار، ھەق ئېلىش تۈرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى. لېكىن مەسىلە بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. بىز بىر تەرەپتىن نىزام، بەلگىلىمە، قارار دېگەنلەرنى چىقارساق، يەنە بىر تەرەپتىن دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ سېلىقى ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتىدۇ. ھەتتا يېڭى-يېڭى سېلىقلار چىقىۋاتىدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ سېلىق سېلىۋاتقانلار زادى قايسى ئىقلىمنىڭ بەگزادىلىرى؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا قىپقىزىل بايراقنى سەجدە قىلىپ، ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ، خەلقنى ئېغىزىغا ئېلىپ تۇرۇپ قەسەم بەرگەندە نېمىلەرنى دېگەن بولغىيدى؟

— كىچىكىمدە ئائىلىمىزنىڭ نامراتلىقىنى، ئاتا-ئانامنىڭ تېنىمسىز كالىدەك ئىشلەۋاتقانلىقىنى، كىيىم-كېچەكلىرىمىزنىڭ جۇللىقىنى، قورساقلىرىمىزنىڭ تويمايۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە كۆڭلۈم يېرىم بولغانىدى. ئۆزۈمچە، ئاتا-ئانام يارامسىز ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. خېلى ئۇزۇن چىغىر يوللاردا مېڭىپ، قومۇشلۇقلاردىن، قوناقلىقلاردىن... ھالقىپ ئۆتۈپ بازارغا كىرگىنىمىزدە، بازاردا كىشىلەرنىڭ يېڭى ۋە چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرگىنىنى، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ دادامدىن: «بىزمۇ ئاشۇ كىشىلەردەك يۈرسەك بولمامدۇ؟» دەپ سورىسام، دادام ھېچ ئىككىلەنمەي: «ئۇلار دېگەن كادىر، بىز بولساق دېھقان، ئۇلارغا قانداقمۇ ئوخشىغىلى بولسۇن؟» دېگەنىدى. ئارىدىن 40 نەچچە يىل ئۆتتى. قارىسام، تا ھازىرغىچە دېھقانلار ئاشۇ «بازارلىقلار»غا ئوخشىيالماپتۇ. يەنىلا شۇ يەر، يەنىلا شۇ كەتمەن، ئورغاق، يەنىلا شۇ ئۆي، يەنىلا شۇ ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشكەن ئەسكى كىيىملەر، يەنىلا شۇ نۇرسىز، خۇنۈك چىرايلار...

ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسەك، دېھقاننىڭ سېلىقى ئاجايىپ بىر ئىشكەن. ئۇلار يىل بويى تۆلىگەن بەدىلگە قارىغاندا ئېرىشىدىغىنى تولىمۇ ئاز بولىدىكەن. مېنىڭچە، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىز كەلتۈرۈپ چىقارغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇنىڭدا قۇلچىلىققا ئۆگىنىپ كەتكەن، نېمىلا دېسە «لەببەي!» دەپ قول قوشتۇرۇپ تەزىم بىجا كەلتۈرىدىغان، قات-قات قورۇق چۈشۈپ كەتكەن خۇنۈك چىرايلىرىغا زورمۇزورو كۈلكە يۈگۈرتۈپ، سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى چىقىرىپ خۇشامەتلىك قىياپەتتە تۇرىدىغان جاپاكەشلەرنىڭ ئالدىدا كېرىلىپ، غادىيىپ جان بېقىۋاتقان «كادىر»، «باشلىق»لارنىڭ جاۋابكارلىقى بار. ئۇلار تالاي-تالاي ئالماشسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ كونا چاپىنى يېڭىغا ئالماشمىسا، بۇ ھال بىزنى ئەجەبلەندۈرمەسمۇ؟

.... ... ...

يۇقىرىقى بايانلارنى ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇ كىشىلەرنىڭ سەممىي ئىلتىجاسى دېيىشكە بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىدىن ئىبارەت ئاپەت خاراكتېرلىك زور ئىجتىمائىي مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، خەلققە مەسئۇل

بولۇشنى، مۇشۇ گۆھەردەك زېمىننى قەدىرلىشنى ئۇلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دېيىش كېرەك. چۈنكى ئۇلار خەلقنىڭ ۋەكىللىرى، ئۇلارنى خەلق ئەتىۋارلاپ ئۈستۈرۈپ ئاشۇ قاتارغا قوشقان. خەلقنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ياشاۋاتقانلارنىڭ خەلقنىڭ ساداسىنى ئاڭلىماسلىقى، ئاڭلاشنى خالىماسلىقى ھەتتا ئاڭلاشقا پېتىنالماسلىقى بىزدىكى بىر بەختسىزلىك. خۇداغا شۈكرى، ئۇلارنىڭ دېھقان-چارۋىچىلارنى قانۇنسىز سېلىقلاردىن ئازاد قىلىش كويىدا چۇقان سېلىشى بىزنى چەكسىز سۆيۈندۈرىدۇ.

ئۇلارنىڭ خەلققە ۋە بۇ قىممەتلىك ماكانغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىپادىلىگەن يۈرەك سۆزلىرى بىزنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ، شىنجاڭدا بىر ئۆمۈر كەتمەن چېپىپ، تېنىمسىز ئېغىر ئەمگەك قىلىپ بىزگە ئاش-نان بېرىپ قورسىقىمىزنى تويغۇزۇۋاتقان، ئەمما تا ھازىرغىچە ئۈك-سېپىنى تاپالماي، ھەتتا تۈزۈكرەك ئاشقا ئىگە بولالماي گاداي ھالەتتە ياشاۋاتقان دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ.

راست، بۇگۈنگىچە سالا-سالا ئېتىزلاردىن، بىپايان يايلاقلاردىن ئاشۇ جاپاكەش دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ھېسابسىز سېلىقلار دەستىدە ئىڭراشلىرى ئاڭلىنىپ كەلدى. لېكىن ئاشۇ ئىڭراشلارنى ھەقىقىي ۋىجدان بىلەن ئاڭلايدىغانلار كۆپ بولمىدى. بەزىلەر قىلچە خىجىل بولماستىن، دېھقان-چارۋىچىلارنى شۇلۇپ يەپ ئۆزىنى سەمرىتىپ، يۇقىرىنى ئالداپ كەلدى. ئەتە، ئۆگۈن ئۇلار يەنە قانچىلىك قىلار؟ نېمىلەرنى قىلار؟

بىزدە تۆھپە يارىتىدىغانلارغا قارىغاندا، قورساق تويغۇزۇپ جان باقىدىغانلار كۆپ. ئەگەر، بالىلىرىمىزنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ بىلىم بېرىدىغان تۈزۈكرەك مەكتەپ تاپالمساق، ھەتتا بارلىق مەكتەپلەر تاقىلىپ كەتسە، زاۋۇتلار ئىشتىن توختىسا بىزنىڭ كارىمىز يوق، شۈكرى دەپ ئولتۇرۇۋېرىشىمىز مۇمكىن، پۈتكۈل چىراغلار ئۆچۈپ قاراڭغۇلۇقتا قالساق، خۇدا بۇيرۇسا ئەتە يەنە تاڭ ئاتىدۇ، دەپ ئۇخلاپ قېلىشىمىز مۇمكىن. لېكىن قورسىقىمىز بىر كۈن ئاچ قالسا، ئۇنى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر قىلىپ، شۇ ھامانلار ئالەمنى-مالەم قىلىشىمىز تۇرغانلا گەپ. ھازىرغىچە قورسىقىمىزنى ئاچ قويماي، گاھىدا ئۆزلىرى ئاچ قالسىمۇ مىننەت قىلماي ئىشلەپ بىزگە ئاش-نان بېرىۋاتقان ئاشۇ خىزىردەك كەڭ قورساق دېھقانلىرىمىزنى، كەڭ دالىلاردا، تاغ قاپتاللىرىدا ماكان تۇتۇپ بىزنى قۇۋۋەتلىك گۆشلەر بىلەن تەمىنلەۋاتقان چارۋىچىلىرىمىزنى ئويلايلى، ئۇلارنى قاقشاتمايلى، ئۇلارنى ئاسرايلى. چۈنكى ئۇلار مۇشۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرى... ئادەملەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن تۈزۈلگەن تالاي-تالاي قانۇنلار ئەلۋەتتە ئۇلارغىمۇ تەدبىقلىنىشى كېرەك. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون 1993-يىلى ئېنىق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ چىدىغۇچىلىكىنى قويمىغان سېلىقلارنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئەپسۇس، ئاشۇ سېلىقلار بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ، ھەتتا يېڭىدىن-يېڭى سېلىقلار تۇغۇلۇپ، شۈكرى-قانائەتكە ئۆگىنىپ كەتكەن ئاشۇ جاپاكەشلەرنى قىيناۋەرسە، ئەمدى ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيمىز. چۆل كېمىسى دەپ ئاتالغان تۆگىنىڭمۇ يۈكنى ئېغىر قىلىپ سەپەرگە ئاتلانساق ئېغىرلىققا بەرداشلىق بېرەلمىسە، بىزنى قارارگاھىمىزغا يەتكۈزمەستىنلا يېتىۋالىدۇ-دە، چۆلدە قويۇپ ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقتىن ھالاك قىلىدۇ. سەپەرگە چىققانلارنىڭ يېتىۋالغان تۆگىلەرنى يۆلەپ ماڭغۇزۇشى ناتايىن.

دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغدايدىغان «نىزام» خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋە كومىتېت ئەزالىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئوبدان تۈزۈلۈپ، پات يېقىندا يەرلىك قانۇن سۈپىتىدە ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر ماددىلىرىنى دېھقان-چارۋىچىلارغا رازىمەنلىك بىلەن بىلدۈرەلىسەك، ئىزچىل ئىجرا قىلالىساق ئوبدان ئىش بولاتتى.

دېھقان ۋە ئۇنىڭ ئەمگىكى تولىمۇ ئۇلۇغ، ھەممىدىن ئۇلۇغى ئۇلارنىڭ تىنىقىدۇر.

# شېئىرلار

بوغدا ئابدۇللا

## زىېدە قەبرىلەر

ئاخىرقى قەبرىنى چۆشىنەر كىملەر،
ئاچچىق توپىسىنى توزۇتقان ھەر يان.
بۇ جاڭگىلى مازەندەراندا
تاكى ئۇچار قاناتلار ھەيران.

بۇ گۇمبەزگە كەلگەن نىمە دەرد،
بۇندا قايىدۇ ئەنسىز شامال.
كىم زارىقار گۇگۇمغا،
ئىزدەرمىزمۇ بۇ يەردىن ۋىسال.

## نىيەت

دەريا ياقىسىدا — مېغىز تۇپراقتا،
توغراق كۆچىتى ئۆسۈپتۇ شىپ-شىر.
تۆرەلگەن ياۋايى ئۇرۇقتىن،
خۇددى دۇئا بەرگەندەك خىزىر.

كۆك مۇزلۇقنىڭ يۈرىكى
توڭلىمايدۇ، رىتىمى ياپياش.
يەر ئۈستىدىن، يەرنىڭ ئاستىدىن
لاتقا ئاتسا تامچىسى قۇياش.

## دەرد

تىلى يوقنىڭ يوقمۇ يىغىسى،
كۈنى بىر كۈن تۇتار ئەلىمى.

ھەسرەت ئۇرسا بوغۇزغا خەنجەر،
پەلەك-پەلەك، ماتەم-ماتىمى.

## مەرگ

— بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىگە

جاھان ئۇزۇن، مۇراد بەك قىسقا،
ئاتا-ئانانىڭ ئەسلى بىر ئىبقىن.
شور ئۆرلىمەس مۇھەببەت نەدە،
بىر كۈن چاقىقان تورۇستا چېقىن.

ئۈزۈلگەندە بالدۇرقى رىشتە،
ئاغرىنىشتىن تالدى پەرىشتە.
تاي ئات بولدى، ئوغۇل ئەر،
شىۋاق قەبرە قايسىبىر چۈشتە؟!

## ياۋايى رەيھان

قەدىم ھاسىلاتى تاغلىمۇ-تاغلار،
قىيادا ئېچىلغان ياۋايى رەيھان.
خۇش پۇراقلىرى قالماس دەسسىلىپ،
ئىچكەن سۈيى مېھرىگىياھ يالىغان.

ئۇلۇغ-ئۇلۇغ چوققىلار ئاندا،
ئۇ ئىشىقتا كۈن-تۈنى ھەلەك.
تاش يىلتىزى، گىياھ يىلتىزى
تۇتاش ئاخىر پەقەت بىر يۈرەك.

www.uyghurkitap.com

# ياختەك رىۋايىتى

**ھاشىمجان قادىرى**

بۇنىڭدىن بۇرۇنقى قەدىم زاماندا،
بىر ئۆيىنىڭ كېلىنى ئىكەنمىش پاختەك.
ئىكەنمىش غۇنچە بوي، قاشلىرى قەلەم،
گۈزەللىك بابىدا تەڭدىشى يوقتەك.

ھەسەتتە يۇرەركەن تالاي قىزلارمۇ،
يىگىتلەر بىر ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ.
بەھرىدىن شامماللار ئالاركەن ھۇزۇر،
ھەر قېتىم مەڭزىنى ئۆتكەندە سۆيۈپ.

بىر كۈنى ئۆستەڭگە سۇغا بېرىپتۇ،
پات كىرىك دەپ ئۇنى قېيىن ئانىسى.
ئۇ چىقىپ ئۆتۈپتۇ بىر ئاش پىشىمدەك،
ۋە لېكىن كۆرۈنمەي قاپتۇ قارىسى.

تىت-تىت بوپ ئاخىرى بۇ قېيىن ئانا،
چىقىپتۇ ئەنسىرەپ ئۆستەڭ بويىغا.
تۇرغۇدەك جۈپ قاپاق بۇندا قىل ئارقان،
كېلىن قىز سېپ چىققان ئۇنى بويىنغا.

ھەممىز ئەزىزلەپ يۈرگەنتۇق ئۇنى،
بولمىغان ئىدىڭۇ بىرەر ئىختىلاپ.
بۇ خىلۋەت ئۆستەڭگە ئۆزۈم چىقسامچۇ؟
كەتتىمۇ يا ئۇنى بىر بۇزۇق بولاپ؟

ئېقىتىپ كەتكەنمۇ ۋە ياكى ئۆستەڭ،
سۇمۇ ئاز تۇرىدۇ ئۆستەڭدە بىراق.
ئېھتىمال بىر بۇزۇق ئازدۇردى ياكى،
بۇزۇلۇپ ئۇ ئۆزى كەتتىمۇ يىراق.

ئاشۇنداق خىياللار بىلەن بۇ ئانا،
ئۆيىگە كىرىپ زەم ئاچقان ئىكەنمىش.
قارىسا رەمگە، بۇ ئىپلاس كېلىنچەك،
بىر بايغا بۇزۇلۇپ قاچقان ئىكەنمىش.

شۇندىن سوڭ كېلىن قىز ئۆيدىن يوتۇپتۇ،
ۋە قېيىن ئانىمۇ غەمگە پېتىپتۇ.
قارغاپتۇ ئاخىرى بىتاقەت بولۇپ،
كېلىننى ھايالسىز قارغىش تۇتۇپتۇ.

بەختىخان ئىسملىك بۇ گۈزەل كېلىن،
شۇندىن سوڭ كۆك پاختەك بولۇپ قالغانمىش.
بويىندا قېپ قالغان قارا بەلگىسى،
سۇ قاپاق چېگىلگەن قارا ئارقانمىش.

# تەنھا قۇش

**ئوسمان ھوشۇر**

تۇمانلىق كۆكۈمدا ئۇچار تەنھا قۇش،
قىلالماي ئېگىزگە، يىراققا پەرۋاز.
شىۋىرغان ئۈچۈرەر تىنىقلىرىنى،
ئاڭلانماس چۇقانى، پەر قاققان ئاۋاز.

ئۇچىدۇ يالغۇز قۇش سىڭىپ كۆكۈمگە،
يۇلقۇنار ساداقەت قۇچاقلىشىدا.
پىلىلدار ئۇپۇقتا يورۇق بىر چېكىت،
سىلكىنەر تۇن قوينى ھەر چاقنىشىدا.

ئۇچىدۇ يالغۇز قۇش تىپىرلاپ تەنھا،
چۈشىدە ياپيېشىل بىر ساھىل ئايان.
بارىدۇ كېچىنى تاشلاپ ئارقىغا،
ئۇپۇقتا سوزۇلۇپ ئاقارغان تۇمان.

# پۇل، رەزىللىك، مۇھەببەت

(ئەدەبىي ئاخبارات)

قۇربان توختى

## پاجىئە مۇشۇ جايدىن باشلىنىدۇ

ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن ياسىنجان، ئۆزى كوچا ئاپتوبۇسى دەپ چىققان بولكىۋاي يەكەن ناھىيە تەۋەسىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىنى سەزدى. لېكىن ئۇنىڭ، ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ قالغانلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ، تۇرۇپ قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان ئەتراپقا، تۇرۇپ يېنىدا ئولتۇرغان تاغىسى مەمتىمىن ياقۇپقا قارايتتى.

— ئاكا، بىز ھازىر قەيەرگە كېتىۋاتىمىز؟ — دەپ سورىدى ياسىنجان تەئەججۈپ بىلەن.

— كۆڭۈل ئاچقىلى، سېنى ئوينىتىپ كېلىمەن.

— قەيەرگە ئاپىرىپ؟

— ئۈرۈمچىگە ...

— نېمە؟ ئۈرۈمچىگە دېدىڭىزما؟ مەن ئەتە مەكتەپكە بارمىسام بولمايدۇ ئاكا.

— ھېچ نەرسە بولمايدۇ. تولا ۋالاقلىماي شۇك ئولتۇر.

ياسىنجان تاغىسىنىڭ بىر خىل ھىيلىگەرلىك بىلەن ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە خېلى بىر ھازاغىچە تىكىلىپ قارىدى. لېكىن ئارتۇقچە بىرنەرسە دېيەلمىدى. غەزەپ ۋە ئاچچىقتىن ئۇنىڭ گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

— ياسىنجان، سىرتقا چىقە ئۇكام، گېپىم بار، — دېدى بۇ يىل 4-ئاينىڭ 6-كۈنى كەچ سائەت بەش ئەتراپىدا ئەمدىلا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ، هويلىسىدا بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ياسىنجاننى تاغىسى مەمتىمىن ياقۇپ سىرتقا چاقىرىپ، — يۈر، بازار ئايلىنىپ كېلەيلى. كىيىمىڭمۇ كونىراپ قاپتۇ. ساڭا بىرەر قۇر يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرەي دەۋاتىمەن: بولامدۇ؟

ياسىنجان تاغىسىنىڭ بۇ سېخىيلىقىدىن سۆيۈنۈپ، ئۈن-تىنسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار ناھىيە بازىرىنىڭ كونىشەھەر قىسمىنى تولۇق بىرقانچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. نېمىشقىدۇر مەمتىمىن ياقۇپ ئىنىسى ياسىنجانغا كىيىم ئېلىپ بېرىشكە ئالدىرىمايتتى. ئۇ، كۆرگەنلا كىيىمدىن قانداقتۇر بىر ئۇۋەنلەرنى چىقىرىپ «باشقىسىنى كۆرۈپ باقايلى» دەيتتى. ئاشۇ تەرىزدە ئىككى سائەت ئەتراپىدا ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ھارغىن قۇياش غەربكە باش قويۇپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولغان شەھەر، ئاسمىنىغا گۇگۇم پەردىسى يېپىلىشقا باشلىدى.

— يۈر، يېڭىشەھەر تەرەپكە ئۆتۈپ باقايلى، — دېدى مەمتىمىن ياقۇپ، ياسىنجاننىڭ قولىدىن يېتىلەپ.

كەچ بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا ياخشىراق كىيىم تاپقىلى بولماسمىكىن ئەمدى.

— ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ بېرىپ باقمامدۇق. بىردەملىكلا ئىشقۇ بۇ، — مەمتىمىن ياقۇپ شۇنداق دەۋېتىپ، ياسىنجاننى كونىشەھەر غەدىگەرلىكتىكى كوچا ئاپتوبۇسلىرىنىڭ ئاخىرقى بېكەتتىدىن بىر بولكىۋايغا ئېلىپ چىقتى.

— ئەپكىلىك قىلمىسىڭىز بولارمىكىن، — دېدى ياسىنجان تاغىسىغا قاراپ تۇرۇپ

كېيىن، — سىز زادى مېنى نەگە ئاپارماقچى؟ سىزنىڭ بۇندىن بۇرۇنمۇ ئىچكىرىگە كىرىپ چىققىنىڭىزنى، قانداقتۇر بىر يامان ئىشلارنى قىلغىنىڭىزنى ئۆيدىكىلەردىن ئاڭلىغان. بۈگۈنمۇ سىز مېنى بىرەر ئەسكى ئىش قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتىسىز. سىز دېگەن مېنىڭ تاغام، ئۆز ئىنىڭىزگە ئەسكىلىك قىلمىسىڭىز بولارمىكىن، دادام تەييار پۇل تېپىپ خەجلىسۇن دەپ ياماقچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگەتتى. سىزگە تۈزمۇ بەردى.

— تولا كوتۇڭشىما! — دېدى مەتىمىن ياقۇپ بىراقلا قاپىقىنى تۈرۈپ، — يەنە شۈك ئولتۇرماي كوك-كوك قىلىدىغان بولساڭ مۇشۇ جايدىلا ئاپتوبۇستىن چۈشۈرۈۋېتىمەن. ئۆيگە بارالامسەن، بارالامسەن كارىم يوق. يولدا ئاچلىقتىن ئۆلسەڭ ئۆزۈڭگە. ئەگەر شۈك ئولتۇرۇپ مەن بىلەن بىرگە بولساڭ ھەر ھالدا زىيان تارتمايسەن.

كۈچسىزلىك، يوقسۇزلۇق ھامان ئادەمنى بىچارىلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ياسىنجان تاغىسىنىڭ مۇشتۇملىرى ئالدىدا يەنە ئېغىز ئېچىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇ ئەمدى بارلىق ئۈمىدىنى تاغىسىنىڭ «مەن بىلەن بىرگە بولساڭ زىيان تارتمايسەن» دېگەن سۆزىگە باغلاپ، ئۈن-تىنسىز ئولتۇردى.

ئايرىلىش، بىرگە بولۇش پۇرسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئادەمنىڭ شۇ مۇھىت، شۇ جىسىم، شۇ كىشىلەر ئۈستىدىكى چۈشەنچىسى چوڭقۇرلىشىدۇ. ياسىنجان تىنجاڭدىن ئىچكىرىگە ماڭىدىغان پويىزغا ئولتۇرغاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ بىر خەتەرلىك سەپەر ئۈستىدە بارغانچە ئىچكىرىلەپ كېتىپ بارغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئالدىنىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىش بىلەن بىرگە، مۇشۇ بىر قېتىمدا يەكەندىن ئالداپ ئېلىپ چىقىلغان بالىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالماي، يەنە ئالتە ھەمراھىنىڭمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە كەلگەنلىكىنى، تاغىسىنىڭ قايسىبىر «خوجايىن» نىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئۆزىنى ئالداپ ئېلىپ چىققانلىقىنى چۈشەندى ۋە «خوجايىن» بىلەن تاغىسىنىڭ مەخپىي گۇدۇڭ-گۇدۇڭلىرىدىن بىر شۇملۇقنى سېزىپ، بىراقلا ئاچچىقى تۇتتى.

— سىز مېنى نەگە ئېلىپ بارماقچى زادى؟! — دېدى ئۇ تاغىسىغا كۈچى يېتىدىغاندەك كىچىككىنە مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ تۇرۇپ، — سىز مېنىڭ تاغام تۇرۇپ قىلغان ئىشىڭىز مۇشۇما؟ سىز مېنى پويىزدىن چۈشۈرۈۋېتىڭ. ئۆيگە قايتىپ كېتىمەن. ئانام، دادىلار مەندىن ئەنسىرەپ قالىدۇ. يولدا نېمە بولۇپ كەتسەم مەيلى. لېكىن سىزنىڭ مېنى ئىچكىرىگە ئەكىرىپ، يانچۇقچىلار توپىغا سېتىپ بېرىشىڭىزگە ئۇنىمايمەن.

— ئاغزىڭنى يۇم، لالما كۈچۈك! — دېدى مەتىمىن ياقۇپ ياسىنجاننىڭ ئاغزىغا بىر شاپىلاق سېلىپ.

— ئۇرە يەنە، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت. سەندەك ئادەمنىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئەسكىلىك كېلىدۇ. — دېدى ئۇ بىر تەرەپتىن كۆزىدىن ئاققان ياشنى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن سۈرتكەچ يەنە بىر قولى بىلەن مەتىمىن ياقۇپقا ئېسىلىپ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، بازار ئىگىلىكىنىڭ جانلىنىشى بىلەن پۇل تېپىش ئاساسىي تېمىغا ئايلىنىپ، سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ كۆزى پۇلغا تىكىلدى. پۇلنىڭ رولى، قەدىر-قىممىتى تەڭداشسىز بولۇپ كەتتى. پۇل ھەممىگە قادىر ھەل قىلغۇچ ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى. بەزى پۇل مەستانىلىرى پۇلنى ھەممىدىن مۇھىم بىلدى. لېكىن پۇلنىڭ قەدرىنىڭ چەكلىك بولىدىغانلىقىنى، پۇلغا تاۋار سېتىۋالغىلى بولىغان بىلەن ۋىجدان، ئەقىل، مېھىر-شەپقەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنى سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشمىدى. بۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىدى. ئۇلار پۇل ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قان-قېرىندىشى، ئىنسانىي خىسلىتى

ۋە ۋىجداننى سېتىشتىن قىلچە ئۇيالمىدى. مەتىمىن ياقۇپ ئەنە شۇنداق پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق رەزىللىكنى قىلىشتىن يانمايدىغانلار توپىدا ئېقىپ يۈرگەنلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ، ئىنىسىنىڭ بىراقلا ئاچچىقلىنىپ، يىغلاپ، قاقشاپ، كىشىلەر ئارىسىدا سىرنى پاش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، بىراقلا ئەسەبىيلەشتى.

— ئاغزىڭنى يۇم شۇمتەك. ئۇر دېسەڭ، ئۇرغان دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ، — ئۇ، شۇنداق دېگىنىچە ياسىنجاننىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، بېشىنى پويىز گىرۋەكلىرىگە ئۇستۇرۇشكە باشلىدى. قاتتىق ئاغرىق ئازابىدىن ياسىنجاننىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلىپ، بېشىنىڭ دوقۇلداپ ئۇستۇرۇشلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى سەزمىدى. پەقەت ياسىنجاننىڭ يېرىلغان بېشىدىن سىرغىپ چۈشكەن قىپقىزىل قانلار ئۇنىڭ كىيىمنى، ئورۇندۇقلارنى بۇلغاشقا باشلىغاندا، مەتىمىن ياقۇپ ياسىنجاننىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەردى.

جىڭجۇدىكى سەرگەردان بالا

يامان نىيەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن يەكەن ناھىيىسىدىن ئالداپ ئېلىپ مېڭىلغان يەتتە نەپەر بالا ئىچىدىكى ياسىنجان ئىسىملىك بۇ بالا جىڭجۇ پويىز ئىستانسىسىدا «قوشۇن» بىلەن ئازغىشىپ كەتتى. بالا تۇرۇپلا يەنە قورقاتتى. ناتونۇش مۇھىت، ناتونۇش كىشىلەر، ئۆزى چۈشەنمەيدىغان تىل ھەقىقەتەنمۇ ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

ئۇ شىنجاڭغا قايتىپ كەتسەم. چوقۇم تونۇش كىشىلەرنى تاپالايمەن. ھېچ بولمىغاندا گېپىمنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئارىسىغا بارىمەن. چوقۇم شىنجاڭغا قايتىشىم كېرەك، — دەپ ئويلىدى-دە، ئارقىسىغا يېنىپ، يەنە بىر پويىزغا چىقتى. بىرەر سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، بالا ئولتۇرغان پويىز شىنجاڭغا كېلىدىغان پويىز بولماي قالدى. ئۇ، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە يەنە جىڭجۇ پويىز ئىستانسىسىغا قايتىپ، شۇ جايدىن شىنجاڭغا كېلىدىغان پويىزغا ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ھايات تولىمۇ رەھىمسىز، تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ ھىدى كەتمىگەن بۇ بىچارە بالا تۇرمۇشنىڭ ئۆز ھاياتىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان سىناقلىرىغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ، پويىز كۆزنىكىدىن سىرتقا تەلمۈرەتتى. بىرلا قېتىم كۆرگەن پويىز ئىستانسىسىدىن ئۆتۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئەتراپتىكى ھەر بىر جىسىمغا زەن سېلىپ قارايتتى. پويىز رادىئوسىدىن چىقىۋاتقان ھەر بىر چۈشەنمىگۈدەك سۆزلەرنى گويا چۈشىنىدىغاندەك دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. ئۆزىگە ياردەم قىلالايدىغان بىرەر كىشىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن ئەتراپنى كۆزىتەتتى.

ياسىنجان نائۈمىد قالمىدى. ئۇ جىڭجۇ پويىز ئىستانسىسىغا كېلىۋالدى. لېكىن كۆتكەن نىشانغا يېتەلمىدى. شىنجاڭغا كېلىدىغان پويىزدىكى خىزمەتچى خادىملار بېلەتتى يوق بۇ بالىنى پويىزغا چىقارمىدى. ئەنە شۇ تەرىقىدىكى تەمتىرەش، ھودۇقۇش، چېپىشلار بىلەن بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ياسىنجانغا ھارغىنلىق ۋە ئاچلىق ئازابى يەتتى. ئاخىر ئۇ ئۈمىدسىز بىر كەيپىيات ئىچىدە پويىز ئىستانسىسىدىن چىقىپ، بىرەر قېتىم قورساق تويغۇزۇشنىڭ، ئازراقلا ئارام ئالىدىغان ئورۇن ئىزدەشنىڭ غېمىگە چۈشتى. ئۇ ماڭاتتى. ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە تەلمۈرەتتى. ئۇ، ئەنە شۇ يوسۇندا ئىلگىرىلەۋېرىپ، ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپتىن كەلگىنىنى، نەگە بارماقچى بولغىنىنى بىلەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئاچلىق، ھودۇقۇش ھەقىقەتەنمۇ ئۇنى مەڭدىتىپ قويغانىدى.

ياخشى كىشىلەر ھەر جايدا تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ يىغلاپ-قاقشاپ يۈرگىنىنى كۆرگەن كوچا ئاپتوبۇسىدا خىزمەت قىلىدىغان بىر خەنزۇ ئايال ئۇنىڭ «ۋو، ۋۇيۇۋۇر، ۋودا

شىنجاڭدا رېن» دېگەن سۆزلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئون نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ، ئۇنى يەنە پويىز ئىستانسىسىغا ئەكىلىپ، يولۇچىلار ئارام ئېلىش ئورنىغا ئەكىرىپ قويدى. ياسىنجان يەنە شۇنداق ئاچلىق ئىلكىدە بىر كېچىنى داق يەردىلا ئۆتكۈزدى. تاڭمۇ يورىدى. لېكىن ئۇ شىنجاڭغا بارىدىغان پويىزغا چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ھارغىنلىق ۋە ئاچلىق ئۇنى بارغانچە ئازابلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ئەڭ مۇھىمى يېگۈدەكلا بىرنەرسە بولسا بولاتتى. لېكىن ئۇ، ئۇنداق نەرسىنى نەدىن تاپىدۇ. ئۇنىڭغا كىممۇ يېگۈدەك بىرنەرسە بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئەتراپقا تەلمۈرۈش، يىغلاشلا بولدى شۇ، خالاس. دېمەك ئۇ ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغان بىر ئەھۋالدا يىراق دىياردىكى بىر سەرگەردان بالىغا ئايلىنىپ قالدى.

## قېنىمىز ئوخشاشلا قىزىل، ئوخشاشلا قىزىق

بۇ سەرگەردان بالا ھامان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمىدى. ئۇنىڭ يوشۇرۇنچە ياش تۆكۈپ، كۆزلىرىنى قىزارتىپ يۈرگىنىگە خېلىدىن بېرى دىققەت قىلىپ تۇرغان بىر كىشى ئاستاغىنە بالىنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزماي تۇرۇپ گەپ ئاڭلاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ، «تاماق يەمسەن؟» دېدى. بالا خەنزۇچە سۆزنى تولۇق چۈشەنمىسىمۇ، ئۇنىڭ سەزگۈلىرى قانداقتۇر بىر ياخشى تۇيغۇنى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ماقۇل» دېگەن مەنىدە باش لىڭشىتتى.

بايىقى ئادەم بالىنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئاشخانىغا باشلاپ بېرىپ، «نېمە يەيسەن» دېگەن مەنىدە بىرمۇنچە تاماق تۈرلىرىنى كۆرسەتتى. بالا موما بولسىلا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بۇنداق يۈرسەڭ بولمايدۇ، — دېدى بايىقى كىشى ئاشخانىدىن چىققاندىن كېيىن بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، گويا بالا خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغاندەك ۋەزمىن ئاھاڭدا، — يامان نىيەتلىك كىشىلەر سېنى ئالداپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغدا ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىسەن. مەن سېنى ئۆز ئۆيۈمگە ئېلىپ كېتەي. ئەگەر خالىساڭ ماڭا ئۆمۈرلۈك ئوغۇل بولساڭمۇ بولىدۇ. پۇرسىتى كەلگەندە يۇرتۇڭغا قايتىمەن دېسەڭمۇ مەيلى. يېقىندىلا مېنىڭ سەن دېمەتلىك بىر ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتكەنىدى، سەن ماڭا شۇ ئوغلۇمنى ئەسلىتىپ قويدۇڭ. مەن سېنى شۇ ئوغلۇمنىڭ ئورنىدا بالا قىلىۋالاي دەۋاتىمەن. سەن ئۇيغۇر، مەن خەنزۇ بولساممۇ ھېچ نەرسە بولمايدۇ. ئىككىلىمىز ئوخشاشلا جۇڭگولۇق، بەرىبىر ھەممىمىزنىڭ قېنى ئوخشاشلا قىزىل، ئوخشاشلا قىزىق. قانداق، بولامدۇ؟

ياسىنجان بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنمىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان سەممىيەتتىن ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرىنىڭ قانداقتۇر بىر ياخشى گەپلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك قىلدى-دە، ھېچبىر ئىككىلەنمەي تۇرماستىن «ماقۇللۇق» بىلدۈردى.

ھايات ھامان ئادەم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان، چۈشىنەلمەيدىغان ھادىسىلەرگە باي. شۇنداق قىلىپ ئەھۋالنى بىز بىلىپ تۇرغان جىڭجۇدىكى بۇ سەرگەردان بالا ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خېبېي ئۆلكىسىنىڭ بودىڭ ۋىلايىتى گوياڭ ناھىيىسىدە يېڭى بىر ئائىلىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ خەنزۇ دادىسىنىڭ ئىسمى جاڭ يەنجۈن، ئانىسىنىڭ ئىسمى شى دالىڭ بولۇپ، تولىمۇ سەممىي، ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئىدى. جاڭ يەنجۈننىڭ بىر قىزى، بىر ئىنىسىمۇ بولۇپ، ئۇلارنى ياسىنجان ئىسمىنى سورۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايلا «جېجى»، «ئەرشۇ» دەپ ئاتاۋەردى. جاڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىرقانچە كۈن باش قاتۇرۇپ يۈرۈپ بۇ ئوغلىغا «شومىڭ» دەپ ئىسىم قويدى. شۇنىڭ بىلەن ياسىنجاننىڭ ئىسىم-فامىلىسى — جاڭ شومىڭغا ئۆزگەردى.

كۆڭلەرنىڭ ئۆتتۈشىگە ئەگىشىپ جاڭ شومىڭ بۇ يېڭى ئائىلىگە خېلىلا كۆنۈپ قالدى ۋە خەنزۇ تىلىنىمۇ خېلىلا چۈشىنىدىغان بولدى. كەچتە پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى شومىڭنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ئۇنى، بۇنى سورىشاتتى. ئۇنىڭ بارا-بارا «تىلى چىقىپ» قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇرسەن بولۇپ كۈلۈشەتتى. ئوغلىنىڭ ئەقىللىق، ئوماقلىقىنى ماختاشتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەر بىر خۇشلۇقى شومىڭ بىلەنلا بولىدىغان بولدى. لېكىن بۇ ئوغۇلنىڭ تاماق جەھەتتە مومىدىن باشقا نەرسىنى يېگىلى ئۇنىماسلىقتەك كاجلىقى جاڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلاتتى.

شومىڭ بۇ يېڭى تۇرمۇش مۇھىتىغا خېلىلا كۆنۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنە ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق دەرد-ئەلەملىرى بار ئىدى. ئۇ، ئاتا-ئانىسى ئىشقا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەھەللە سىرتىدىكى دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىنىڭ زادى قايسى تەرەپتە قالغانلىقىنى خىيالىي پەرەز قىلاتتى. شۇ تەرەپكە قاراپ ناسىراخۇن دادىسىنى، ئانىسىنى، ئوماق، كەپسىز ئۇكىلىرىنى ئەسلەپ، سېغىنىپ يىغلايتتى، قاقشايتتى. بىراقلا بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، ئۆزىگە بىر جۈپ قانات ئۈسۈپ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئەگەر شۇنداق بولغاندا ئۇ ھەممە ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتەلەيتتى. قىسقىسى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ياسىنجان دەپ ئاتىشىغا مۇھتاج ئىدى.

## پەرزەنت مېھرى تەشنالىسىز

ياسىنجان (شومىڭ) ئاشۇ يىراق دىياردىكى يېڭى مەھەللىسىدە تۇرۇپ، قەدىمىي دىيار يەكەندە قالغان ئاتا-ئانىسىنى، ئۇكىلىرىنى، ئۆزى بىلەن بىرگە توپىغا مىلىنىپ ئوينايدىغان ساۋاقداشلىرىنى، دوستلىرىنى ئەسلەپ، سېغىنىپ كۆز يېشى قىلىۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا، ئاتا-ئانىسىنىڭ زادى قايسى ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

ھايات شۇنداق. نۇرغۇن نەرسىلەر كۆز ئالدىمىزدا! تۇرغاندا ئۇنىڭ رولىنى، ئەھمىيىتىنى ۋە بىزگە ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن بېرىدىغان ئوزۇقىنى تولۇق ھېس قىلالمايمىز. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىزنىڭ قەلبىمىزدە زادى قانچىلىك ئورنى بارلىقىنى ئاندىن چۈشىنىپ يېتىمىز. لېكىن بىز ئاللىقاچان كېچىككەن بولۇپ چىقىمىز. ئاشۇ ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويغىنىمىز ئۈچۈن ياش تۆكىمىز. ياسىنجان ئائىلىسىدىكى چاغدا ئۇ ئائىلىسىنىڭ ئاددىي بىر ئەزاسى ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىدە ئانچە چوڭ رولىمۇ يوق ئىدى. لېكىن ئۇ ئائىلىسىدە يوق بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ خاتىر-جەملىكى، ئىناقلىقى، خۇشلۇقى جەھەتتە ئوينايدىغان رولىنىڭ ئاجايىپ چوڭلۇقى ئاندىن نامايان بولدى. ئۇنىڭ ئانىسى مۆگىلىنىپ ئولتۇرۇپ ياسىنجاننىڭ ئۇكىلىرىنى قاقشىتىشىنى، تېرىكتۈرۈشىنى، دادىسىغا ئەركىلەپ قېچىشلىرىنى بىر خىل ئامراقلىق تۇيغۇسى بىلەن ئەسلىدى. ئۇنىڭغا كايىغان، ئاچچىقلانغان، ھەتتا بەزىدە تاياق كۆتۈرۈپ قويغانلىرىنى ئەسلەپ پۇشايمان ئىلكىدە كۆزلىرىگە ياش ئالدى. بۇ كىچىككىنە بالا ئائىلىسىدە يوق بولۇۋېدى، پۈتۈن ئائىلىسىدىكى كۈلكە-چاقچاق، ئۇچۇق كۆڭۈللۈكنىڭ ھەممىسى يوقالدى. ئۇنىڭ دادىسى ئاشۇ ئائىلە كىرىمىنىڭ ئاساسىي بولغان كەسىپ — ياماقچىلىقىمۇ بارالمىدى. ئانىسىنىڭ قولى تاماق ئېتىشتىن، تىكىش قىلىشتىن قالدى. ئۇلارنىڭ دائىملىق ئىشى ئۆيىگە كىرىش، سىرتقا چىقىش، ھازىر ئوماق ئوغلى ھەققىدە بىرەر خەۋەر يېتىپ كېلىدىغاندەك ئۇيان-بۇيان چېپىپ تىڭتىڭلاپ كۆرۈپ، ئۈمىدسىز بىر كەيپىيات ئىچىدە ئۆيىگە قايتىپ كېلىش، پۈتۈن كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈش... تۇۋا، بىر بالىنىڭ مېھرى شۇنچە چوڭ بولسا-ھە؟!

ئانىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى كۈنسايىن يامانلىشىپ بېرىش ناسىراخۇن ئۇستامنى تەمتىرىتىپ قويدى. ناسىراخۇن ئۇستام ئايالىدىن ئەنسىرەيتتى، ئۇ، ياسىنجاننىڭ ساۋاقداشلىرى، دوستلىرى توپلىشىپ

ئۇيناۋاتقان جايغا بېرىپ، ئىلگىرى ياسىنجاننى ئائىلە ئىشلىرىغا قارىغىلى قويماي چاقىرىپ ئەچىقىپ كەتتى، دەپ رەنجىگەن باللارغا ئەمدى ئامراقلىقى كېلىپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا ئېڭىكىنى تىرەپ قاراپ ئولتۇراتتى. كېچىلەردە مەڭدەپ قوپۇپ، «ئوغلۇم، ياسىنجان ئوغلۇم قېنى سەن» دېگىنىچە سىرتقا ئوندەرەپ چىقىپ كېتەتتى. ناسىراخۇن ئاكىنىڭ تۇتۇۋېلىشى، تەسەللى بېرىشى، ئانىنىڭ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا بۇقۇلداپ يىغلاشلىرىغا، چاچلىرىنى يۇلۇشلىرىغا ھېچ قانداق تەسەللى بېرەلمەيتتى.

تۇرمۇش بىر ئالدامچى، ئالدامچىلىقنى تۇرمۇشقا ئادەملەر ئۆگەتكەنمۇ ياكى ئادەملەر ئالدامچىلىقنى تۇرمۇشتىن ئۆگەنگەنمۇ بۇنىسى نامەلۇم. لېكىن ھەممىلا جانلىق ئاشۇ ئالدامچىلىق ئىچىدە ياشايدۇ. مانا بۇنى ناسىراخۇن ئاكىنىڭ ئائىلىسىدىن تولۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يىغلاۋاتقان ئانىغا دادا، دادىغا ئۇرۇق-تۇغقان، قەۋمى-قېرىنداشلار تەسەللى بېرىدۇ. تەسەللى بېرىۋېتىپ ئۆزلىرىمۇ قايغۇرىدۇ، ھەسرەتلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدۇ. ئاشۇ ئالداش، ئاشۇ ئالدىنىشلار ئارقىلىق بۈگۈننى، بۈگۈنكى دەرد-ئەلەمنى، قايغۇ-ھەسرەتنى ئۇنتۇشقا، ئېسىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىدۇ. ئەتىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئەتە چوقۇم بۈگۈندىن ياخشى بولىدۇ دەپ ئۈمىد كۈتىدۇ. ناسىراخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىدىكى ھايات ئۇدا 70 كۈن شۇنداق ئۆتتى. ئۇلار ئۇدا 70 كۈن ئەتىگە ئۈمىد باغلىدى. ئەتە چوقۇم ياسىنجان ئوغلىمىزدىن بىرەر خەۋەر كېلىپ قېلىشى مۇمكىن دېيىشەتتى. ئەنە شۇ ئۈمىد ئۇلارنى ساقلاپ قالالىدى. ئۇلارنى سالامەت قىلالىدى. لېكىن ئۇلارمۇ ئوغلىنىڭ نەدە، قايسى ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپالماي ياش تۆكەتتى.

## كاجلىقتىن تۇغۇلغان قايىللىق

بىراۋنىڭ ماقۇللۇقى ئۆزگىگە خۇشاللىق ئاتا قىلغانىنىڭ ئەكسىچە، بەزى كاجلىقمۇ باشقىلارنىڭ قايىللىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ. شومىگىنىڭ تاماق جەھەتتىكى كاجلىقى جاك يەنجۇننىڭ ئىنىسىدە بىر خىل قايىللىق تۇيغۇسىنى تۇغدۇردى. ئۇ: «بۇ بالا بىز بىلەن تۇرۇشقا ماقۇل بولغاندەك قىلغان بىلەن ھامان ئۆز يۇرتىنى سېغىنىۋاتىدۇ، ئۇنداق بولمىغاندىمۇ ئۇنى تاماق جەھەتتە بۇنچە قىيناپ ئوغۇل قىلىۋالغانىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟» دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ئاكىسىدىن ئوغرىلىقچە شومىگىدىن بىرمۇنچە گەپلەرنى سورىدى، بىرمۇنچە نەرسىلەرنى شەرەتلەر بىلەن ئۇقتۇردى. ئاخىر ئۇ بىر پارچە قەغەزگە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىرقانچە قۇر خەتنى شومىگىغا ئۆز قولى بىلەن يازدۇرۇپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ 35 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى لىشيەن ناھىيىسىنىڭ يۇڭ-تېرە توپ سېتىش بازىرىغا بېرىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە قولىدىكى قەغەزنى كۆرسەتتى. بەزىلەر قاراپ ھېچ نەرسە ئۇقالماي كېتىپ قالدى. بەزىلەر پەرۋا قىلمىدى. ھەتتا بەزىلەر ئۇنى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. بىر ئۇيغۇر بالىسىنىڭ ھەققىي بەختىنى ئويلىغان جاك يەنجۇننىڭ ئىنىسى بۇ ئىشلارنىڭ ھېچ قايسىسىغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇ، ئۇدا بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ بۇ بازارغا كېلىپ، قولىدىكى خەتنى ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە كۆرسىتىشنى داۋاملاشتۇردى. تىرىشچان ئۈزار، تاشقا مىخ قاقار دېگەندەك، ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلەنمەي ئۇدا بىرقانچە كۈن ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى ئاخىر ئۈنۈم بەردى. 6-ئاينىڭ 2-كۈنى ئۇ يەكەندىن بارغان تىجارەتچى راخمان قادىرغا يولۇقتى. ئالدىراش سودا ئىشى بىلەن بولۇۋاتقان راخمان قادىر بىر خەنزۇ يولداشنىڭ قولىدىكى ئۇيغۇرچە خەتنى ئالدى-دە، ئۇنىڭدىكى «ساچەنشەن، ياسىنجان. 2995» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇدى. ئۇ ئاخىر بۇ يەكەندىن كەلگەن بىرەرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئارىغا تەرجىمان سېلىش ئارقىلىق مۇشۇ يەردە ئالداپ ئېلىپ كېلىنگەن بىر بالا بار، شۇ بالىنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەيمەن دېگەننى ئۇقتى. بۇ ئىش راخمان قادىرنى قىزىقتۇرۇپ قالدى. لېكىن خەنزۇ يولداش بالىنىڭ

ھەقىقىي ئاتا-ئانىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ بالىنى كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭلىق بىلەن راخمان قادىر قويۇپ بەرمىدى. ئۇ، بالا- ئوغرىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇپ كۆزىنى يۇمۇپ يۇرۇۋەرگۈسى كەلمىدى. ئاخىر ئويلا-ئويلا خەتنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا يېزىلغان «2995» دېگەن رەقەمگە قىزىقىپ قالدى. «بۇ زادى نېمە ساندۇ؟ تېلېفون نومۇرىمىدۇ-يە؟ تېلېفون نومۇرى بولسا زادى قەيەرنىڭ تېلېفون نومۇرى؟ يەكەننىڭ بولۇپ قالسىچۇ؟ ياق، يەكەننىڭ تېلېفون نومۇرى ئالتە خانىلىق سان ئىدىغۇ؟ توختاپ تۇر.» دېدى راخمان قادىر ئۆز-ئۆزىگە. ئۇ ئەمدى بىر ئەقىل تاپقانىدى.

خەتلەتلىك سان «2995».

راخمان قادىر «بۇ يەكەننىڭ تېلېفون نومۇرى تۆت خانىلىق مەزگىلدىكى رەقەم بولسا كېرەك» دېگەننى غىل-پال خىيالىدىن ئۆتكۈزدى-دە، «2995» نىڭ ئالدىغا «51» رەقەمنى قوشۇپ «512995» قىلىپ، بىر ئامموۋى تېلېفون بوتكىسىدىن «512995» كە تېلېفون ئۇرۇپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

بەزىدە ئۆزۈڭ تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ھالدا كىچىككىنە ئىشلار تۇيۇقسىز بىرمۇنچە مۆرەككەپ ئىشلارغا چېتىلىپ قالىسەن. راخمان قادىر دەل شۇنداق ئىشلارغا يولۇققانلارنىڭ بىرى. ئۇ تېلېفون ئۇرۇپ بولۇشى بىلەن تەڭ تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ «ۋەي» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋەي، سىلەر قەيەر؟ ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ — دەپ سورىدى راخمان قادىر ئالدىراپ.

— مەن يەكەن ناھىيە يەكەن بازار ياكوچا باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى تۇۋسۇنخان سىدىق بولىمەن، — دېدى بايىقى ئاۋاز.

— سىلىنىڭ مەكتەپتىن ياسىنجان ئىسىملىك يوقاپ كەتكەن بالا بارمۇ؟

— ۋەي، ۋەي، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى بىردىنىلا جىددىيلىشىپ. — بار، بىزدىن شۇنداق ئىسىملىك بىر بالا ئىككى ئاي ئاۋۋال يوقاپ كەتكەن. ھازىرغىچە تېپىلمىدى. ئۇ بالا ھازىر قەيەردە؟ ئۆزلىرى كىم بولىلا...

ئاۋارىگەرچىلىك ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى. راخمان قادىرنىڭ شۇ كۈندىن كېيىنكى ئىشى بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشۈش. ھېلىقى خەنزۇ يولداشقا بالىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش، يېلىنىش، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چېپىشلار بولۇپ كەتتى. ھېلىقى خەنزۇ يولداش بالىنىڭ بار يېرىنى ئېيتىپ بېرىشنى رەت قىلدى. ئۇنىڭ: «بالىنى ئالداپ ئېلىپ كەلگۈچىمۇ ئۇيغۇر، سەنمۇ بىر ئۇيغۇر. كىم بىلىدۇ، سەنمۇ ئۇ بالىنى بىر يەرگە ئالداپ ئاپىرىپ سېتىۋېتەمسەن-تېخى!» دېگەن گەپلىرى راخمان قادىرنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئاخىر ئۇ يەكەن ناھىيىلىك ج ح ئىدارىسىگە تېلېفون ئېلىپ، ئۇلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ھېلىقى خەنزۇ يولداشنىڭ ئالدىدا كاپالەت بېرىشنى ئۆتۈندى. ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن ھېلىقى خەنزۇ يولداش بالىنى تېپىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. لېكىن ئۇ، ئۆزىنىڭ مۇنداق بىر ئەندىشىسىنى بارلىقىنى راخمان قادىرغا ئېيتتى.

— ئاكام شومىگىنى رەسمىي ئوغۇل قىلىۋالماقچى، مۇنداقلا بارساق ئۇ بالىنى بەرمەسلىكى مۇمكىن. بەرگەن تەقدىردىمۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويۇپسەن دەپ رەنجىيدۇ، شۇڭا بۇ ئىشقا بىر تاكتىكا ئىشلىتەيلى.

بالىنى ئەمدى قولۇمغا ئالدىغان بولدۇم دەپ تۇرغان راخمان قادىرنىڭ جۇدۇنى تۇتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن قانداق قىلىش لازىملىقى ھەققىدە خەنزۇ يولداشقا تىكىلدى. ئۇلار بىرھازا مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، بودۇڭ ۋىلايەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىگە ئالداپ ئېلىپ كېلىنگەن بىر بالىنىڭ مۇشۇ ئەتراپقا كەلگەندە يوقاپ كەتكەنلىكى، بۇ بالىنى ئالداپ ئەكەلگۈچىنىڭ ئىقرارى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن بىر پارچە بالا ئىزدەش ئېلانى بەردى.

## مۇھەببەتنىڭ بېغى چىلەك

ئىلان بېرىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن راخمان قادىر ھەممە ئىشنىڭ پۈتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر تاپشۇرۇپ ئالدى-دە، ئەتىگەندىلا بۇ خۇش خەۋەرنى بىر ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقان 20 نەپەر ئۇيغۇر تىجارەتچىگە ئېيتتى.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۈگۈنكى ئىجتىمائىي مۇھىتنى قاقشاپ: «ئىجتىمائىي كەيپىيات ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتتى، كىشىلەردە ئۆز ئارا كۆيۈنۈش، غەمخورلۇق، ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشى ئاجىزلاپ، نەپسانىيەتچىلىك، شەپقەتسىزلىك، ياۋۇزلۇق، ساختىپەزلىك ئەدەپ كەتتى» دېيىشىدۇ. بۇ راست. شۇنداق بولدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئاكا تۇرۇپ ئىنىسىنى ئالداش، ئاتا تۇرۇپ بالىسىنى ئالداشتەك پاجىئەلەر يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھر-- مۇھەببەتنى پۈتۈنلەي يوقالدى دېيىشكە بولمايدۇ. مۇھەببەت، مېھرىبانلىق يوقالمايدۇ. ئۇ، كۆل دۆۋىلىرى ئارىسىدىكى بىر پارچە چوغ دانچىسىدەك، نەچچە يۈز مېتر تۇپراق ئاستىدىكى بۇلاق سۈيىدەك ھەممىگە ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي ياشايدۇ. پۇرسىتى كەلگەندە بىراقلا ئۇچقۇنى يالقۇنغا، شىلدىرلاشلىرى شاۋقۇنغا ئايلىنىپ، ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ.

پۇل تېپىش ئۈچۈن يۇرت كېزىپ، جاپا چېكىپ يۈرگەن تىجارەتچىلەر بىر قېرىندىشىنى، بىر يۇرتدىشىنى، بىر مىللەتدىشىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن بىر كۈنلۈك تىجارىتىنى توختىتىپ، راخمان قادىر بىلەن بىرگە لىشيەن ناھىيىسىدىن گوياڭ ناھىيىسگە ئاپتوبۇس بىلەن يېتىپ كەلدى. ئاشۇ بىر كۈن جاڭ يەنجۈن ئائىلىسى ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈلسىز بىر كۈن بولدى. ئۆيدە لىقىدە مېھمان، ھەممە كۆزلەردە ياش. جاڭ شومىڭ ئۆزىنى ياسىنجان دەپ چاقىرىدىغانلارغا ئۇچرىغىنى ئۈچۈن خۇشال. ئۇنىڭ كۆزىدە ئېقىۋاتقىنى خۇشاللىق يېشى. جاڭ يەنجۈن بىلەن شى دالىڭ شومىڭدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولغىنى ئۈچۈن خاپا. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئېقىۋاتقىنى جۇدالىق يېشى. ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر بىر نارسىدەنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولۇشقىنىدىن خۇشال. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئېقىۋاتقىنى ئىككى مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىر ئائىلە كىشىلىرى ئارىسىدىكى مېھر-مۇھەببەتتىن تۇغۇلغان تەسىرات يېشى.

راخمان قادىر ئېغىر-بېسىق، ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك يىگىت. بىرھازادىن كېيىن ئۇ جاڭ يەنجۈن، شى دالىڭلارغا بىر-بىرلەپ كۆڭۈل قويدى ۋە ئاز بولسىمۇ كۆڭلۈمگەن دەپ 500 يۈەن قىممىتىدىكى سوۋغا-سالام، 1000 يۈەن نەق پۇلنى جاڭ يەنجۈننىڭ ئالدىغا قويدى.

— ماۋۇ ئىش قاملاشمىدى، — دېدى جاڭ يەنجۈن سەممىي يوزنىسيە بىلەن، — مەن شومىڭنى سىلەردىن ھەق ئۈندۈرۈۋېلىش ئۈچۈن باقمىدىم، بالا قىلىۋېلىش ئۈچۈن باقتىم. پۇل دېسەڭلار مەندە بار. كىچىك بولسىمۇ بىر لوڭگە زاۋۇتىم بار. مەن شومىڭنى تىل بىلمەسلىك ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ كەتسە، ياخشى ئوقۇتۇپ، ئاشۇ زاۋۇتنىڭ خوجايىنى قىلىپ تىكلىمەكچى ئىدىم. ئەپسۇس، سىلەر كەپسىلەر، ئەمدى ئامال يوق، پەقەت شومىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ قولىغا ساق-سالامەت تەگسىلا مەن شۇنىڭغا خۇشال. سوۋغىلىرىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار. ئوغلۇمغا بولغان مۇھەببىتىمنى پۇلغا ساتمايمەن.

ئۇلار مىڭبىر قىيىندا سوۋغا-سالامنى جاڭ ئائىلىسىدە قالدۇرۇپ، ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدىمۇ، يەردىمۇ يىغا، شومىڭ يىغلاپ تۇرۇپ دادىسى جاڭ يەنجۈن، ئانىسى شى دالىڭ ۋە ئاچىسى، ئاكىسى بىلەن خوشلاشتى. ئۇلارغا چوڭ بولغاندا يوقلاپ كېلىدىغانلىقى، ھازىر بېرىپ ياخشى ئوقۇيدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى. جاڭ يەنجۈن بىلەن شى دالىڭ شومىڭنىڭ ياش يۈزى مەڭزىگە يىغلاپ تۇرۇپ سۆيۈپ قويدى.

— ئاۋۇنىڭغا قاراڭلار، بۇ ئەمدى نېمە

ئىش، — دېدى بىرى ئەندىشە بىلەن. ھەممە تەڭ ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئارقىسىدىن جاڭ يەنجۇننىڭ ئىنىسى موتسىكلىت بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.

— مۇنداق ئىش، — دېدى قوغلاپ كەلگۈچى ئاپتوبۇسنى توسۇپ توختاتقاندىن كېيىن ئاپتوبۇسقا چىقىپ. مۇھەببەت دېگەننىڭ بېغى چىڭ بولىدىكەن، سىلەرمۇ ئەنە شۇ مۇھەببەت تۈپەيلى بىرمۇنچە جاپا چەكتىڭلار، مەنمۇ شۇ مۇھەببەت تۈپەيلى ئارقاڭلاردىن قوغلاپ كەلدىم. ئۇتتۇنسەم، ئىنىم شومىڭنى ئاتا-ئانىسىنىڭ قولىغا ساق-سالامەت تەگكۈزسەڭلار. ئۇ يول ئۈستىدە قىينىلىپ قالمسا. جاڭ جەمەئەتى سىلەردىن خۇش بولۇپ قالساق.

راخمان قادىر باشلىق ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر بىر ئېغىزدىن ۋەدە بېرىشتى. ۋەدە بېرىۋېتىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. مانا بۇ بىر مۇھەببەت مېلودىيىسى ئىدى.

— مانا بۇ ئاز بولسىمۇ، — دېدى جاڭ يەنجۇننىڭ ئىنىسى يانچۇقىدىن 200 يۈەن پۇل چىقىرىپ، — ئىنىم شومىڭغا يوللۇقۇم بولۇپ قالسۇن، — دېدى يىغلامسىراپ. ياسىنجان پۇلنى ئېلىۋېتىپ يىغلاپ تاشلىدى. شۇ زاماتلا يەنە ئاپتوبۇستا يىغا قايىندى. تىجارەتچىلەرمۇ ياسىنجانغا پۇل ئىئانە قىلىشقا باشلىدى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدىلا ياسىنجان ئۈچۈن 2000 يۈەن ئىئانە توپلاندى. شومىڭ ئاكىسى بىلەن خوشلاشتى. ئاپتوبۇس يۈرۈپ كەتتى.

خاتىمە ئورنىدا!

پەزىلەتلىك ئۇيغۇر يىگىتى راخمان قادىر، شومىڭ (ياسىنجان) يازغان ھېلىقى خەتنى كۆرۈپ، توپتوغرا 19 كۈن بولغاندا ياسىنجان بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشتى. بىر ئاي بولدى دېگەندە ئۇنى گۈلباغ يېزا تىراباغ كەنت 7-ئائىلە 3-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق دادىسى ناسىراخۇن ئاكىنىڭ قولىغا ساق-سالامەت تاپشۇرۇپ بەردى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە تىجارىتىدىن قالغاندىن سىرت، ئۆز يېنىدىنلا 1200 يۈەن زىيان تارتتى. لېكىن ئۇ، بۇ پۇلنى زىيان دەپ قارىمىدى. ئەكسىچە ئەڭ ئورۇنلۇق خەجلەنگەن پۇل دەپ سۆيۈندى. ئۇ ئۆز تاغىسى تەرىپىدىن ئالدانغان بىر بالىنى قۇتقۇزۇپ چىقىش يولىدا بىر ئايغا يېقىن جاپا چەكتى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ ھاردى، چارچىدى. لېكىن، بالىنى ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ قولىغا ساق-سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ھەقىقىي خۇشاللىقىنى كۆرۈپ، پايانسىز چۆل-جەزىرىلەرنى بېسىپ، ھەيۋەتلىك تاغلاردىن ئېشىپ، تالاي بوران-چاپقۇنلاردا قالغان كارۋان كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكەندە يول بويى تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىنى بىراقلا ئۇنتۇپ، شادلىق ئىلكىدە ئەللەيلەنگەندەك بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلىرىنى بىراقلا ئۇنتۇدى. ياسىنجاننى ئاتا-ئانىسى بىلەن بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇرراق كۆرۈشسۇن دەپ خېيىي ئۈلكىسىدىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلاندا ئېلىپ كەلگىنىگە چەكسىز شادلاندى. بىز ئۇلار ئۈچۈن بىز خۇشال. لېكىن بىز شۇنى سەمىمىيلىك بىلەن ئويلاپ بېقىشىمىز كېرەككى، بىزدە راخمان قادىردەك يىگىتلەر زادى قانچىلىك؟ ياسىنجاننى ئالداپ ئېلىپ ماڭغاندەك قارا نىيەتلەر زادى قانچىلىك؟ بىز قاچانغىچە ئاشۇ قارانىيەتلەرنىڭ بىشەملەرچە ئېلىپ بارغان شۇملۇقلىرىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرىمىز؟ ياسىنجاننىڭ يەنە قالغان ئالتە نەپەر ھەمراھىنى كىم قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ؟! ئۇلارنىڭمۇ ياسىنجانغا ئوخشاش تەلىيى ئۇڭدىن كېلىپ، جاڭ يەنجۈنشى دالىڭلاردەك ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئۇچرىغاندىمۇ ياكى...

بىز ئۇلارغا ئامەت تىلەيلى، ئۆز يۇرتىغا ساق-سالامەت قايتىپ كېلىش ئۇلارغا نېسىپ بولغاي.

# ئىككى شېئىر

ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

## تاللاش

يۈرىكىمدە لۆمشىگەن شاۋقۇن
كۆزلىرىمدە لەپىلدىتەر تۇغ.
نېمانچە كۆپ بۇندىكى يوللار؟
ئۆتىشىدۇ ھەممىسى چۆلگە.
يۈرەكلەر چۆل، دۇنيا ئۇندىن بەك
خارابىدۇر. مەن خارابىدە
ساقلانغان بىر تارشا پۈتۈك، سەن
قاچان ئوقۇپ چىقىسەن مېنى؟

بۈيۈكلۈك — مېيى تۈگىگەن سائەت.
ئۆلدى ۋاقىت بۇدەم. ئۆملەر
ھايات بىسى ئۆلۈم گېلىدا.
مەن — گۈل شامال ئارا توزۇغان
خۇش پۇرىقى. ساقلايمەن كىمگە
غۇنچىسى يوق غول، ياپرىقىمنى؟
بەردى جاۋاب ئۆيۈم: كىر ماڭا
مەندە يوقتۇر رەقىبىڭ، دوستۇڭ.
باردۇر پەقەت ساڭىلا مەنسۇپ
ئەركىنلىك. سەن مۇستەسنا ئاندىن
ۋاقىت، ماكان چەمبىرىكى ۋە
جېدەللەردىن. ئۆتسەن تەنھا
ئۆزۈڭگىلا ۋەكىللىك قىلىپ.

بەخت ئۆلۈپ قالارمۇ راستلا
ئۇچراشقاندا سەن، مەن ۋە بىراۋ
بوياقلارنىڭ قۇترىشلىرىدا؟

## ناۋايى شىركىتى

دۇنيادىن خىزىرسىز ئۆتكەن خىزىرسەن
ئۆتمىشتىك تۆت كوچا دوقمۇشى
ئۇسسۇزلۇقتىك — ۋاپا ساسلىقى...

1

يىغا
قاچقاندا ئېغىزلار سىپىلدىن يول خېتىسىز
بىر ناخشىنى ئۆگىنىپ ئالدى قارلىغاچ
ئۇچرىدى ۋۇجۇدقا ئەڭ سادىق يۈرەك ئاداققى قېتىم
بوشۇك شولىسىدىن چاچرىغان جاۋاھىرات دەۋرىدە.
سەتەڭنىڭ پىلدىرلىغان بىر جۈپ كۆزىدەك
كۆرۈندى ئەبجەق دۇنيا سەبىي كۆزنەكتىن
نوھ كۆلىدە بىلىق ئەركى بىلەن ئوينىغاندا روھ.
سايىۋەنسىز باشلاردا ئۆزۈردى كۈن
قىسقىردى ئېگىز تۇرا دەريانىڭ سەتھى

سەلتەنەتى بىخسىرىلغان دۇمباقلار
ئۇرۇلغاندا يىلتىزلار مۇڭگۈزىگە
زىرقىرىدى تۇياقلار يەر تەۋرەش مەركىزىدىكى،
قومۇش بولۇپ ئۈنۈپ چىقتى دىنازاۋىر سۆڭىكى
بىر بۆيۈكلۈك چۆكۈپ كەتتى زۇمچەك-زۇمچەك خىياللارغا
كۆرۈنمەس سەبىيلىك ئەمدى كوچىدا
بۇندا كېتىپ بارغىنى سەن يا ئۇ ئەمەس، مەن!
ۋە شۇ مەنگە شۇڭغۇغان گۇناھ.
كۆيۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا-ئاستا نۇرلار باشقى
دوزاخ تېشىپ كەتتى
كىرىشۋالدى ئۇششاق-ئۇششاق ئۇرۇقلىرى
ئاق كۆكۈل جەننەتنىڭ پىدائىيلىقىغا.

2

چاقماقلار چېقىلدى تالاي-تالايلاپ
كېسىلدى مۇساپىسى
كېلەلمىدى نىگاھى يەرگىچە قونۇپ
پەقەت ئېسىلىپ قالدى .قۇلاقلارغا يىرتىق ئاۋازى
مانانلار كۆرۈپ قالدى پەرۋاسىز چۆپلەرنى
چۆپلەر يالىڭاچ تېنى بىلەن قۇچاقلىدى مانان قېنىنى
چاقتى چاقماق، ياغدى يامغۇر، كۈلدى ھاۋا
خامۇش ھاۋا. ناتىق چاقماق، تىم-تىم بەدەن...
يەڭدى نۇۋەتلىشىپ، يىگىلدى شۇنچە
بولالمىدى بىراق ھېچكىم غالىب، ھېچكىم شەرمەندە.
تۇرخۇنلاردىن چوغقا ۋەدە بېرىپ ئۆرلىگەن تۈتۈن
چاقماقلارنىڭ ئەمەس ئاۋۇتتى نوپۇسىنى مانانلارنىڭ.

3

سەھەردە تۇرۇشمىزدىن مەقسەت
كۆرۈش ئىدى كۈننى بالدۇرراق.
توپ-توپ بولۇپ قاچتۇق مۇدھىش ھۇزۇرغا
پارچىلاندى ھايات پەيزى ئۆركەشلىگەن گىلەم
ئېقىپ كەتتى ئوت كالللار بۇلاق-بۇلاقتىن
سىڭدى ھەم شىۋاقلار ئارامىغا.
كۆتتۇق پۇتىمىزنى چىلاپ ئېقىنغا
لەيلەپ چىقار دەپ ئەڭگۈشتەرنى ئۇرۇقىغا يۆگىگەن ئالما
يۇمشاپ كېلەر دەپ چوپان پوتىسىدىن چۇشۇۋالغان نان.
ئەسلىمىگە يۆگىشىپ بەردۇق قۇلاقلارنى ياستۇققا
ئىپتىدائىي ئورمانلار كۆچكەن بۇدەم يىراقلارغا

چىقىپ كېلەر ساسلىقلاردىن ئۇۋلار ئەمەس —
قىسمەتكە ئۇۋلانغان غەمسىز بالىلار...
كۈندۈزگە ئېسىلدى قاراقلار خامۇش
يۈرگەندە خىياللار قېدىرىپ كۆمۈك جاراھەتلەرنى
ئۆتۈپ كەتكەن كۈندۈز بېرىپ بىر سىگنال
ماشىنا توختاش مەيدانى يوق ئىشكلەر تۈۋىدىن.
چىراغلاردا قېپقالغان ئۇششاق-چۇششەك نۇر
قوغلاپ قاراڭغۇنى كۆزنەك-كۆزنەكتىن
كېچىچە سۈت تېرىپ چىقار ئالەمگە.
سەۋدالىقلار سوزۇلغان ئۈزۈندىن-ئۈزۈن
باغلاپ مېۋىسىزلىك ئۇمۇرتقىسىغا
ئاتلىرىنى قاقاس ساۋابىنىڭ...

4

كۆردۇق مۇشۇ شىركەتتە
يەرنىڭ قانداق چاغدا تەۋرىگىنىنى
تېتىپ باقتۇق مۇشۇ شىركەتتە
ھاياتتىن بىر قوشۇق، پەقەت بىر قوشۇق
كۈتتۇق نېمىندۇر ئاشۇ كۆزنەكتىن
كەلمىدى بىرەر قۇش يۈندا تۈز چىشلەپ
ساقلىدۇق جەزىرىنى ئاش ساقلىغاندەك
ئۇ كېڭەيدى تېنىمىزگە تاپىنىمىزدىن
كېڭەيدۇق بىزمۇ چەكسىز جەزىرىدەك
سۈرسىزلىق سەلتەنەتىنى كۆتۈرۈپ
شور ئۇۋۇلۇپ چۇشۇۋاتقان باتۇر يەلكىمىز بىلەن.
قۇياشتا يويۇندى تاشلار ئېغىرى
تەر بىلەن چىڭدالدى يۇتلار يىغىرى
يۇلتۇز پىلىلدايدۇ ساما تۆشۈكلىرىدىن
ئۇ بىزگە ھېچ نەرسە قىلمىدى سوۋغا
سوغۇق كۈلۈمسىرەش، ئۆچۈشتىن باشقا.
بىز كېڭەيدۇق ئۇپۇققىچە، كېڭەيدى ئۇپۇق
تاقاشمىدۇق تېخى بىر يەرگە
كېچىنىڭ قارا لايدا سوققان تېمىدىن بۆلەك.
كۆردۇق مۇشۇ شىركەتتە
ئارمانلارنىڭ خارابىلاردا تۈنىگەن چاغلىرىنى
يۇمدۇق كۆزىمىزنى ئويىمىزدا خاسىيەتلىك نەرسە كۆرۈنگىچە تا
تۈز قانىتىدا ئۆملىگەن بىر نۇر جىلۋىسى
تالاي تولدۇردى قاچىمىزنى غازنىڭ شورپىسى بىلەن

كۆتۈردۈق ئىشتىھادا، كۆتۈردۈق كۆچەپ
قولىمىزدا كۆرۈنمەس ئاۋۋالقى ئاشۇ
قاغجىراق تاۋاقتىن باشقا نېسۋە.
بىزگە ھەمراھ ئۇچرىمىدى بۇ ۋەيرانە كۆڭلۈكتە
مەھبۇبە ۋە قەلەمدەك ئاتلىق.

5

ئۆيلەر كۆپەيگەنچە كەتكەچ تارىيىپ
بولمىغان نېسىپ
ھەممىمىزگە بىر ئۆيدە يېتىش
ئېلىمېنتلاردەك ئېلىمېنتلار جەدۋىلىدىكى.
ئۇچرىشىش —
بۇندىكى ئەڭ يوچۇن مەنە بىردىنبىر
تەنھا دەرەخ يىلتىزىدىن ئۆت شوراۋاتقان
قان ئارىلى كۆكلىگەن كۆلدە.
كۆلەڭگىلەر دەرياسىدا ئاقمەن تەنھا
قىرغاق قاچتى يىراق دەۋر خەزىنىسىگە
يەتتىم ئاخىر ئىشىككە، ئۇھ... ئۇندا بىراق
قۇلۇپ كۆرۈنمەيدۇ يا دەرۋازىۋەن
ئىشتىرىپ ئىشىكنى كىردىم بىمالال
ئىشەنمىدى كۆزۈم ئۆيگە ئۆي كۆزۈمگە ھەم:
كۆكۈللەرگە بىر ئۇلۇغۋار غىبىربىلىق چاچار
مېنى ئەڭ بالدۇر كۆرگەن سۇپا چۆللۈكىدە
تۆت بۇلۇڭغا دۈۋىلەنگەن قاتار-قاتار
يارىدا ئەستەرلەنگەن تۇنجى زاكام...

※　　※

دۇنيادىن خىزىرسىز ئۆتكەن خىزىرسەن
پەيلەر غېمىڭ سۆيگۈ ئالىمىنى ۋىسال قاراڭغۇسىدا
پەيلىمەس سېنى بىۋاپالىق زەنجىرىنىڭ قوچۇشىدىن باشقا بىر لەززەت.

# ئۈچ شېئىر

ئەخەت كەلپىن ئىنسانى

## روھ كىيىمى

يالىڭاچلىق نومۇس ئەمەس تۇر،
زورلاپ تۇرار كىيىم ھەر ۋاقىت...

ئەي تەن!
شۇنچە خىجىل بولۇپ كەتكۈدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەن ئۆزۈڭنى يالغاچ دەمسەن؟!
يىرگىنىشلىك دەمسەن ۋە ياكى؟
يالىڭاچلىق شۇ قەدەر گۈزەل،
روھ ئالدىدا سەن دېگەن نىمە...
كۆرسەڭ ئەگەر روھنى ناۋادا

سەن شۇ چاغدا ئويلايتتىڭ ھامان:
گۈزەللىكنى يوشۇرۇپ تۇرغان
يۆتكەپ كىيىش مۇمكىن بولمىغان
بىر بەخشەندە
كىيىملىكىڭنى...

## زەئىپلىشىپ كەتسەڭ ناۋادا

گويا ئاچىل داستىخان بولۇپ
يېيىلمەن ئالدىڭدا تەكشى.
يولۇقدۇ كۆزۈڭگە ئاۋۋال
ئىنسانىنىڭ ئىسسىق يۈرىكى.

سەن يۈرەكنى ئۇچۇملاپ ئېلىپ،
ئېرىشسەن تېنىڭگە تولۇق.

قالار تېنىم زۇلمەت ئىچىدە
بىر تائامسىز داستىخان بولۇپ.

سېنىڭ سۇلۇپ بارغان تېنىڭگە
شىپالىقى يۈرەكتۇر پەقەت.
يېيىلمەن ئالدىڭدا شۇڭا
دورىسىنى ئېلىۋالسۇن دەپ...

## قىز ۋە دېڭىز

سۈزۈك تەن، ھېسسىيات دولقۇنى ھەمدە
چايكىلار قاتارى، سۆيۈملۈك شامال؛
بىر گۈزەل تەقدىرنىڭ ئەركان كۈنىدە
يالىڭاچ ھالدا ئاھ... ئۇچراشتى ئۇلار.

ئاھ، ئۇلار ئۇچراشتى... ئاندىن كېيىنچۇ؟
ھۆزۈرگاھ سەيلىسى باشلاندى بىردىن.

يالىڭاچ تۇسكە ئايلىنىپ ساھىل،
مۇھەببەت تىلىدى ئانا دېڭىزدىن.

قىز ھىدى يامرىدى تەكشىلىك ئارا،
چوڭقۇرلۇق قاينىمى كۆچتى تەنگە ھەم —
مۇھەببەت سولاندى... قويۇۋېتىلدى،
تۇغۇلدى زېمىنغا تۇنجى پاك ئادەم...

## ئۈچ شېئىر

قەيسەر تۇرسۇن

### كوچا ئاپتوبوسىدا ئۇخلاپ قېلىش

بۇ يوللار تونۇماس مېنى ھەر كۈنى،
تونۇماس ئادەملەر ۋە ياكى خۇدا.
ناتونۇش ئاۋازلار ئارا ئۇخلىماق،
ئاخىرقى، ھەقىقىي ئەركىنلىك گويا.

ياتىسراپ سۆيمەكتە مۇھتاجلىق مېنى،
قەلبىمنى قايتىدىن چۈشەنمەكتىمەن.

گۈزەللىك يىراقلاپ بارماقتا چەكسىز،
ئىسمىلا ساقلانغان كۆڭلىمىز بىلەن.

ئەڭ ئاددىي ئادەتتۇر پۇشايمان قىلىش،
ماشىنا ھەسرەتكە ئەگىشىپ بارار.
قورقۇپ ھەم ئېچىنىپ سۆيدۈم ھەممىنى،
ئاھ، جېنىم سۆيگەنىدەك سېنى باشقىلار.

## يامغۇردا مۇھەببەتلىشش

بز ئككمز ھەر ۋاقتلا خيالچان،
سۆيگۈ ئۈچۈن خيالسزلا ياشايمز.
ۋاپاسزلق تۇيغۇسغا يېقنلاپ،
قەسەملەردىن بولۇپ قالدۇق گەۋدسز.

مۇزلاتماقتا مۇھەببەتنى ئككى تەن،
كۆيدۈرمەكتە بر پاجئە قولۇمنى.

بر ئەجەلسز بەختسزلك ئالددا،
دۇنيا بزدىن مۇھەببەتكە ئېرشتى.

ۋە لېكن بز رېئاللقتا ئەڭ يېقن،
ئسپات ئاڭا قەلبمزنڭ يارسى.
بز بلمەيمز، بلىپ تۇرار قەلبمز،
بر قەبرستان ئككمزنڭ ئارسى.

## ئالي مەكتەپ خاترسى

بز ئەڭ زۆرۈر، بز ئەڭ تەقەززا،
قەلبمزگە ھامان ئۆزئارا.
قەلبمزدە تۇرسمۇ ئۆلۈم،
قەبرە ئزلەپ يۈرىمز خاتا.

لەيلەپ تۇرار بزنڭ سۆيگۈمز،
كۆڭۈل ئەمەس ئشك ئالددا.
ھېس قلدۇرۇپ ئۆتتى ياشلقم،
كۆڭۈل دېگەن بر كېسەلخانا.

## خاتالق

**شرئەلى ھوشۇر**

توزۇپ كەتكەچ ئشنشنڭ گۈللرى،
خرەلەشتى كۆلكلەرنڭ شولسى.
ھايات دېگەن ئەڭ سۆيۈملۈك سەۋەنلك،
يغا ئەمەس ئۆكسۈشلەرنڭ ھەممسى.

ۋەدلەرنڭ قاناتلرى بوغۇلغان،
راست سۆزلەشنى خالمايدۇ ھېچكممۇ.

گۈگۈم بەلكى سەھەردىنمۇ چرايلق،
ئالدىنشقا كۆنۈپ كەتكەن كېچمۇ.

ساختلقنڭ ئۇدارلرى يېقملق،
ھېچنېمگە ئوخشمايدۇ مۇھەببەت.
بىراۋدىنمۇ سورىمايلى ئىزاھات،
خاتالق ئۇ ئەسلى گۈزەل رېۋايەت.

## ئىلاھى دەرەخ

**ئابدۇرېشت ئېلى**

بر تالمۇ قۇش ئۈچۈپ كەلمدى
بارچە دەرەختىن ئېگز بولساڭمۇ
سارغايمايدۇ يوپۇرماقلرىڭ
ساڭا بالدۇر يۈز ئاچار تاڭمۇ.

مېۋەڭ پشپ تۇرىدۇ دائم
كەلمەس ئۇنى يېيشكە پەقەت
كەچ كرگۈچە بىرەرمۇ ئىنسان
تۆكۈلمەيدۇ تۆۋڭگە زىنھار
تۆكمەس ھەم زامانمۇ-زامان.

# قەلبىمدىكى ئادەمگە

ئەخمەتجان تۇرۇپ

ئېپ كېتەي زۇلمەتنىڭ باغرىدىن سېنى،
كەلگىنە قېرىنداش، كەل قولۇڭنى بەر.
قالمىسۇن قەلبىڭدە ھەسرەت تامچىسى،
قۇچاقلاپ ئالغاندەك سۈزۈك بىر سەھەر.

نىگاھلار تۇنجۇقماق بولسا مۇبادا،
ئەتىگە قارىغىن، ئەتىگە قارا.
ئەقىدە گەر سولسا ئېزىتقۇلاردا،
ئۇنى سەن مېھرىڭدە كۆكلەتكىن قايتا.

# كۆز

مۇتەللىپ مەخسۇر

سارغايغان ۋە ياكى سارغىيىپ قالغان،
تۇمان ياكى باشقا نەرسىلەر
ئەنە ئاسمان ئەنە يەر ئاۋۇ بولسا دەرەخ
مەن ھەممە سەن ئارلىقىمىز ئۈزۈن سوزۇلغان.
بىر يولۇچى ئۆتۈپ كېتەر كۆكۈم ئىچىدە،
بىر يۇلتۇز ئاسماندىن سىرغىيدۇ پەسكە.
تۇرىدۇ ئالمىلار ھاراق پۇرىتىپ

مەن سېنى قىينىلىپ ئالمەن ئەسكە.
كىملەر ئۇ؟ ئۆيلىرىدىن يامانلاپ چىقىپ
خازانلىق دۇنياغا سەرسان قارىغان؛
كىملەر ئۇ ئالتۇنرەڭ كۆز ئاپتىپىدا
قەدىمكى ھاسسىنى ساز قىلىپ چالغان؟
باللار يىراقلىشىپ ئالدىمدىن ئەنە
بىر كۈينى ئوقۇشتى گويا چۈشسىمان.

# يۈجۈن شەھەر خاتىرىسى

ئالىمجان ياسىن

كەڭ، پايانسىز كەتكەن چۆللۈكنىڭ،
ئوتتۇرىسىدا بىر سۇ تۆگمىنى
چۆرگىلەيدۇ قۇرۇق ۋە قۇرۇق.
ھېچكىم بارماس ئۇ يەرگە پەقەت،
ئۇن تارتقىلى ھەتتا دېھقانمۇ
ئەمما تۆگمەن قۇرۇپ قويۇقلۇق.

ئۇچۇپ ئۆتمەس ئۇ يەردىنمۇ قۇش،
بېرىپ قالماس ياۋا توشقانمۇ
ئۆتۈپ قالماس ھەتتاكى كارۋان.
مەۋجۇت پەقەت بىر سۇ تۆگمىنى
ئەسىرلەردىن بۇيان توختىماس
ئۇچراتمىغان ھەتتا ماگىللان.

ئۆكۈت باردەك قىلىدۇ ئەمما
ئەتراپىدا دۆۋە-دۆۋە قۇم،
كۆپىيىدۇ كۈندىن كۈنسېرى.
دەريا يوقتۇر ئۇ يەردە لېكىن
بۇلاق يوقتۇر كۆلمۇ، ئېرىقمۇ
توختاپ قالماس ئۇ سۇ تۆگمىنى.

كەڭ، پايانسىز كەتكەن چۆللۈكنىڭ
ئوتتۇرىسىدا بىر سۇ تۆگمىنى
چۆرگىلەيدۇ قۇرۇق ۋە قۇرۇق.
ھېچكىم بارماس ئۇ يەرگە پەقەت،
ھېچكىم بىلمەس گۈزەل شەھەرنىڭ
ئۈستىگىلا قۇرۇپ قويۇقلۇق...

# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بىلەن سۆھبەت

(سۆھبەت خاتىرىسى)

ئابدۇقادىر جالالىدىن

مۇھەررىردىن: 1989-يىلى ئالىم ۋە ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى 11-ئايدا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى يازغۇچى ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى بىر قىسىم ياش ئاپتورلار مۇئەللىپ بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بارغانىدى.

مەزكۇر سۆھبەت گەرچە «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 2-قىسمىغا ئائىت مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمما روماندىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر توغرىسىدا كىتابخانلارغا بىرقەدەر ئەمەلىي ۋە بىۋاسىتە بىلىملەرنى بېرىدۇ. مەزكۇر سۆھبەت بۇندىن ئالتە-يەتتە يىل بۇرۇن ئېلىپ بېرىلغان بولغاچقا بىر قىسىم ئۇقۇملار ۋە چۈشەنچىلەر ھازىرقى رېئاللىقىمىزدا بىر قەدەر كونا بولۇشى مۇمكىن. بىز كىتابخانلارنىڭ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئىجادىيىتىنى رېئال، ئەتراپلىق چۈشىنىشىگە بەلگىلىك ياردىمى بولۇشىنى كۆزلەپ، مەزكۇر سۆھبەتنىڭ يىغىنچاق خاتىرىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا تونۇشتۇرۇشنى لايىق تاپتۇق.

ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي بۇرچ تارىخىي مەسىلىلەرگە بولغان تونۇشنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ ۋە بۇ ھەقىقەت مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنىڭ رېئال كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىز تارىخىمىزنى ئاختۇرالايدىغان بولۇپ قالدۇق. بەزىبىر تارىخىي شەخسلەر بەدىئىي نەزەرنىڭ تەبىئىي بىرلىكى ئاساسىدا ياد ئېتىلىشكە باشلىدى. دېمەك، بىزدە سەنئەتلىك تارىخ مەيدانغا كەلدى. ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەمگەكلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا سالماقلىق تۆھپە قوشقان ئۆتكۈر ئەپەندى «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق تارىخىي رومانلىرى ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزدىكى تارىخىي رومانچىلىقنىڭ ئەنئەنىسىنى تىكلىدى.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قەلىمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇن ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ئۈچۈن تۆككەن قىزىل قېنىنىڭ ئىس-تۈتەكلەر ئىچىدىكى سۇس داغلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سۈرەتلەپ بېرەلىدى.

ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ خەيرلىشىشى كېرەكمۇ ياكى يىغلاپ تۇرۇپ خەيرلىشىشى كېرەكمۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن تارىختىن ئىبارەت ئاقىل ئۇستازنىڭ ياردىمىگە تايىنىش كېرەك. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ۋە

ئۈرۈمچىگە كەلگەن بىر قىسىم ياش قەلەم ئىگىلىرى
باش مۇھەررىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى-
دا ئۆتكۈر ئەپەندىنى زىيارەت قىلىپ، سۆھبەت
ئېلىپ باردۇق.
بىز مەزكۇر سۆھبەتنىڭ خاتىرىسىنى ياش
دوستلارغا تەقدىم قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

**ئەبەيدۇللا ئىبراھىم:** «ئويغانغان زېمىن»
رومانى ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر مۇۋەپپەقىيەت.
ئىنكاسلاردىن قارىغاندا، بەزى ياشلار بۇ روماننىڭ
يېزىلىش جەريانى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان بىر قىسىم
تەرەپلەرنى بىلىشكە قىزىقىدىكەن. بۈگۈن بۇ يەرگە
كەلگەن ياشلىرىمىزنى مانا مۇشۇ ھەقتە غۇلغۇلا
قىلىشىۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ ۋەكىلى دېسەكمۇ بولىدۇ.
بۇلار ئەدەبىياتىمىزدىكى ئۈمىدلىك ياشلار. مۇنداقچە
ئېيتقاندا، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان
زاپاس قوشۇنى. بۇلارنىڭ ھازىرقى ئىجادىيەت
پائالىيىتى ئۈنۈملۈك بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يېتىلىش
ۋە تاكامۇللىشىش جەريانىدا يەنىلا پېشقەدەملەرنىڭ
ئىجادىيەت تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلىش كېرەك.
ئەدەبىياتتا، بىرەر يازغۇچىنى مېنىڭ ئۇستازىم
دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، يازغۇچى بولىدىغان ئادەم
كۆپ مەنبەلىك تەسىرلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنداق
بولسىمۇ، مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك
ئۇچرىدىم، دېگىلى بولىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
ئەدەبىياتىمىزدىكى سالماقلىق ئەدىبلەر ئارىمىزدىن
كېتىپ قېلىۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى
كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇش مۇھىم.
ئەمەلىيەت جەريانىدا قولغا كەلگەن
بىلىملەر ھەرقانداق نەزەرىيىدىن ئۈستۈن
تۇرىدۇ. مېنىڭچە، پېشقەدەم يازغۇچىلىرىمىزنىڭ
ئىجادىيەت قاراشلىرىنى ئىجادىيەت بىلەن
شۇغۇللىنىۋاتقان ياشلىرىمىزغا تونۇشتۇرساق،
بۇنىڭ ياردىمى زور بولىدۇ.

**ئۆتكۈر ئەپەندى:** بۇ ناھايىتى ياخشى
بىر باشلىنىش بوپتۇ. ئەۋلادلىرىمىزدا مۇشۇنداق
ئەقىدىنىڭ بولۇشى ئۈمىدنىڭ زور ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىدۇ. بۇرۇنقىلارمۇ مۇشۇنداق ئەقىدە
بىلەن ياشىغان بولسا، مەدەنىيەت دۇنياسىدىكى
ئورنىمىز كۆپ ياخشى بولاتتى.

**ئەزىزى:** يېقىندىن بېرى بىزدە تارىخىي
تېمىلاردىكى بىر قىسىم ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.
بۇنىڭ ئىچىدە «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»
قاتارلىق رومانلار ياخشى ئىنكاسلارنى قوزغىدى. بۇ
پروزىچىلىقىمىزدىكى ئۈنۈملۈك بىر قەدەم. سىز
ئەدەبىياتىمىزدا پىشقان بىر ئەدىب بولۇش بىلەن
بىرگە مىللىتىمىزنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىنى خېلى
پۇختا بىلىدىغان تارىخشۇناس، بۇنى كۆپچىلىك بىلىدۇ.
شۇنداق ئىكەن سىزنىڭ تارىخىمىزدىكى باشقا
دەۋرلەرنى ئەمەس، بەلكى 30-يىللاردىكى مۇرەككەپ
بىر جەرياندا يۈز بەرگەن قۇمۇل دېھقانلار ھەرى-
كىتىنى رومانىڭىزغا ئاساسىي تېما قىلىپ تاللىۋېلىشىڭىزدى-
كى سەۋەبلەرنى قانداق چۈشەنسەك بولىدۇ؟

**ئۆتكۈر ئەپەندى:** ماڭا بۇ ھەقتە
كىتابخانلاردىن نۇرغۇن خەتلەر كەلدى.
بۇلارغا ئايرىم جاۋاب يېزىشقا مۇمكىن بولماي
قالدى. ھازىر دېمەكچى بولغانلىرىم مۇشۇ
خەتلەرگە قارىتا ئورتاق جاۋاب بولۇپ قالار.
1911-يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدىن
1949-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقى فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە
مىلىتارىستلارنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تەڭلىك، ئەركىنلىك،
دېموكراتىيە ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم
كۆرەش يۈرگۈزدى. بۇ كۆرەشلەر كەڭ ئاممىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغان دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن ئىپادىلىنىپ
كەلدى. 1931-يىلى قۇمۇلدا پارتلىغان دېھقانلار
قوزغىلىڭى ئەنە شۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى
ئىدى. بۇ قوزغىلاڭ تېز سۈرئەتتە كېڭىيىپ، پۈتۈن
شىنجاڭغا تارقىلىشى بىلەن ئومۇمىي خەلق قوزغىلىڭىغا
ئايلىنىپ كەتتى. نەتىجىدە، ياڭ زېڭشىن مۇستەبىتلىكى-
نىڭ ۋارىسى ۋە تېخىمۇ ئەشەددىيلەشكەن ۋەكىلى
جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا
بىر قەدەر خەلقچىل بولغان يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ
مەيدانغا كېلىشى بىلەن ئاياغلاشتى. بۇ قوزغىلاڭ
دەسلەپكى مەزگىلدىن باشلاپ سوۋېت ھۆكۈمىتى

ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئىگە بولدى. يېڭى ھاكىمىيەتمۇ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ، شۇنىڭدەك جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. كېيىنكى ئەھۋالدىن قەتئىينەزەر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي، مائارىپ ۋە باشقا جەھەتلىرىدە نۇرغۇن تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلدى. ۋەتىنىمىزنىڭ ياپون تاجاۋۇزىغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدە شىنجاڭ بۈيۈك ئارقا سەپلىك رولىنى ئوينىدى. ئەمما، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قوزغىلاڭ قوشۇنى بولۇپمۇ رەھبەرلىك قاتلىمى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغاچقا، بۇ قوزغىلاڭ تولىمۇ ئەگرى-توقاي يوللار بىلەن داۋام قىلغان ۋە قوزغىلاڭ جەريانىدا يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان ھادىسىلەرمۇ كۆرۈلگەنىدى. شۇڭا، بۇ قوزغىلاڭغا قانداق باھا بېرىش مەسىلىسىدە ھەر خىل قاراشلار مەۋجۇت. ماركسىزم نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارىغاندا، بىرەر ساغلام پارتىيە رەھبەرلىك قىلمىغان دېھقانلار قوزغىلىڭى جەريانىدا يا ئۇنداق، يا بۇنداق ئېغىشلارنىڭ يۈز بېرىشى، ھەتتا قوزغىلاڭنىڭ پاجىئە بىلەن ئاياغلىشىشى تەبىئىي ھالدۇر. مېنىڭ قارىشىمچە، قانداق ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر ئۇ قېتىمقى دېھقانلار قوزغىلىڭى شىنجاڭ خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى مۇھىم بىر تارىخىي باسقۇچ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ۋەقە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدا چوقۇم ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى لازىم.

تارىخىي رومان — تارىخىي شەخسلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەر تەسۋىرى ئارقىلىق مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى تۇرمۇش كارتىنىسىنى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى بەدىئىي ۋاسىتە بىلەن قايتا گەۋدىلەندۈرۈش سەنئىتى بولغانلىقتىن، 30- يىللارنىڭ باشلىرىدىن 40- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەبىت مىللەتچىلار زۇلۇمىغا قارشى تەڭلىك، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن يۈرگۈزگەن ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانىمغا تېما قىلىپ ئېلىنغان. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ رومان 30- ۋە 40- يىللاردىكى شىنجاڭ ئىجتىمائىيىتىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ كىچىكلىتىلگەن بىر كارتىنىسىدۇر. ئەمما، خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «تارىخنىڭ ھەرىكىتى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن كۈلۈپ خوشلىشىش» ۋە «ئۆلگەن ئادەمنى قايتا تىرىلدۈرۈش كونا كۈرەشكە تەقلىد قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، يېڭى كۈرەشنى مەدھىيىلەش ئۈچۈن» بولىدىغانلىقتىن بۇ رومانىنى يېزىشتىكى تۈپ مۇددىئايىم بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت. يەنى كىتابخانلاردا ئۆتمۈشكە قاراپ بۈگۈنكى كۈننىڭ قەدرىنى بىلىش، ئۆتمۈشتىن ساۋاق ئېلىپ، كېلەچەككە تېخىمۇ پۇختا قەدەم تاشلاش تۇيغۇسىنى ئويغىتىشتۇر. لېنىن ئېيتقاندەك: «ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ».

**مۇختار مەخسۇت:** تارىخىي تېمىلاردىكى ئەسەرلەرنىڭ ھازىرقى مەدەنىيەت ربئاللىقىمىزغا نىسبەتەن ئوينايدىغان رولىغا قانداق قارايسىز؟

**ئۆتكۈر ئەپەندى:** مېنىڭچە، تارىخ ھامان كونىرىغان ياكى ئۆلگەن نەرسە. بىراق تارىخ بىلەن بۈگۈنكى كۈن ئوتتۇرىسىدا ئايرىلمايدىغان قانداشلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. تارىخىي رومانلارنىڭ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا مۇئەييەن ئورۇن تۇتالىشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش گەپ. تەرەققىي قىلغان مىللەتلەر ئەدەبىياتىدا تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆنسايىن كۆپ بولۇۋاتقانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلى. بۇ ھازىرنى ئازراق، ئۆتمۈشنى كۆپرەك يېزىش لازىم دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. رېئال تۇرمۇشنى مۇمكىنقەدەر تېخىمۇ كۆپ ۋە ئەتراپلىق يېزىش شەرت. تارىخىي تېمىلارغىمۇ مۇۋاپىق ئورۇن بېرىلىشى لازىم دېمەكچىمەن. ئۆز تارىخىنى بىلمىگەن مىللەت ئاتا-بوۋىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەن بالىغا ئوخشايدۇ.

**باتۇر روزى:** تارىخىي رومان — تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەر ئۈستىدە يېزىلىدىغان بولغاچقا، ئۆزگىچە تەلەپ ۋە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. قەلەم تەۋرىتىش جەريانىدا تارىخىي رومانىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى ھەققىدە نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭىز؟

**ئۆتكۈر ئەپەندى:** مېنىڭ بايقىشىمچە، تارىخىي رومانلار ئىككى خىل ئۇسۇلدا يېزىلىدىكەن. بىرى، تارىخىي پاكىت ۋە ۋەقەلەر قېلىپىنى يېرىپ چىقىپ، ئەسەرنى پۈتۈنلەي رېئال جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ، ۋەقەلىكنى فانتازىيە كۈچى بىلەن قايتا جانلاندۇرۇش؛ يەنە بىرى، تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا، قىسمەن بەدىئىي توقۇلمىلار بىلەن يېزىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەر ئىككىسى بەدىئىي ئەدەبىيات قانۇنلىرىغا تولۇق ماس كېلىدۇ. «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «باھادىر شاھ لى زىچېڭ»، پۇشكىننىڭ «كاپىتان قىزى» پوۋېستى، جۇرجى زەيداننىڭ ئىسلام تارىخىدىن يازغان 20 نەچچە رومانى، ۋ. گ. ياننىڭ «چىڭگىزخان»، «باتۇخان» رومانلىرى، ئايبېكنىڭ «ناۋائىي» رومانى ۋە ھازىرقى خەنزۇ ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن بىرمۇنچە تارىخىي ئەسەرلەر ئەنە شۇنداق ئۇسۇلدا يېزىلغان. مەنمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى تاللىۋالدىم. مەن بۇ رومانىنى يېزىش جەريانىدا ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارغا يولۇقتۇم. تارىخقا دائىر نۇرغۇن نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرگەن، تەتقىق قىلغان بولساممۇ، بىر پارچە زور ھەجىملىك ئەسەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن بۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلمايتتى. بىرقانچە يىللىق ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، كىتاب، ھۆججەت قاتارلىق بولۇپ جەمئىي 300 پارچىدىن ئارتۇق ماتېرىيال توپلىدىم. قۇمۇل تاغلىرىغا چىقىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بوۋاي-مومايلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قولغا كەلتۈردۈم. ئۇلار كىتاب ۋە ھۆججەتلەردىن ئۇچراتقىلى بولمايدىغان ۋەقەلەرنى، ئەمەلىي پاكىتلارنى سۆزلەپ بەردى. مانا مۇشۇنداق باسقۇچلاردىن كېيىن يېزىشقا كىرىشتىم.

**ئىلغارجان سادىق:** تارىخىي تېمىلاردا ئەسەر يېزىشتا، تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىر ئاز قىيىنمىكىن دەپ قارايمەن. سىز بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىڭىز؟

**ئۆتكۈر ئەپەندى:** تارىخىي تېمىلاردىكى ئەسەرلەرنى يېزىشتا، مۇنۇ بىرقانچە جەھەتلەرگە دىققەت قىلىش لازىممىكىن دەيمەن.

①تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر تارىخىي شەخس ۋە ۋەقەلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، مۇئەييەن دەۋرنىڭ تۇرمۇش قىياپىتىنى ۋە تارىخنىڭ يۈنىلىشىنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈش سەنئىتى. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭدا چىنلىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. چىنلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى دېمەكتۇر. سىنىپىي جەمئىيەتتە يازغۇچى ياكى سەنئەتكارلار ئىجتىمائىي ھاياتنى مۇئەييەن سىنىپىي مەيدان، سىنىپىي دۇنيا قاراش بويىچە تونۇيدۇ ۋە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن: «سۇ بويىدا» دىكى 108 قەھرىمان ياكى پۇگاچېۋنىڭ ئىككى خىل ئوبرازى. يازغۇچى ياكى سەنئەتكارلارنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈنىلىشى بىلەن بىردەك بولالىغاندىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە تونۇش ۋە ئىپادىلەش كۈچى بىرقەدەر يۇقىرى بولغاندىلا ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇيالايدۇ ھەم توغرا ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ.

②تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا مۇۋاپىق دەرىجىدە بەدىئىي توقۇلمىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلىدۇ. لېكىن ئاساسلىق شەخسلەر (پېرسوناژلار) ۋە مۇھىم ۋەقەلىكلەر چوقۇم تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا يېزىلىشى لازىم. پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش نېمە بولسا شۇنى يېزىش ياكى ئەسەرنى ماتېرىياللار دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئەمەس، بەلكى تارىخنىڭ ئىچىگە كىرىش بىلەن بىللە سەنئەتنىڭ ئورگانىك بىرلىككەن گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇش دېمەكتۇر.

③ئەدەبىيات تۈپ ماھىيىتى بىلەن ئىنسانشۇناسلىق بولغانلىقتىن، تارىخىي تېمىلاردىكى ئەسەردىمۇ ئادەمنى كونكرېت جانلىق يېزىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما، تارىخىي شەخسلەر ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، تىلى، مىجەز-خۇلقى قاتارلىق جەھەتلەردە بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ

قالماي، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرۇشى، يەنى قايسى دەۋر كىشىسى بولسا ئۇنىڭدا شۇ دەۋرنىڭ روھى ئەكس ئېتىپ تۇرۇشى لازىم، دەپ ئويلايمەن.

④ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە دىققەت قىلىش. يەنى، تارىخىي تېمىدا ئەسەر يازغاندا ئەسەر يېزىش ئۈچۈنلا ئەسەر يېزىش ئەمەس، بەلكى ئەۋلادلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش ئىكەنلىكىنى دائىم ئەستە تۇتۇش مۇھىم.

⑤تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەر يازغۇچىدىن قاتتىق چىدام بىلەن تەكشۈرۈش-تەتقىق ئېلىپ بېرىشنى، مول ماتېرىيال توپلاشنى، ئارخىپ ۋە جانلىق شاھىتلاردىن ئەستايىدىل پايدىلىنىشنى، قىسقىسى، ئادەتتىكى ئىجادىيەتكە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئەمگەك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**ئەركىن ئىبراھىم:** سىزنىڭ ئىجادىيىتىڭىزدە شېئىرىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمدى پروزا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىسىز. بۇندىن كېيىن ئىزچىل شۇغۇللىنامسىز-قانداق؟

**ئۆتكۈر ئەپەندى:** توغرا، مەن بۇرۇن شېئىر بىلەن كۆپرەك شۇغۇللاندىم. پروزىلا تۇرمۇش پاكىتلىرىغا ئەترابلىق ۋە ئىزچىل تەسىر كۆرسەتكىلى بولغاچقا، مەندە پروزا بىلەن شۇغۇللىنىش ئويى تۇغۇلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ يۇقىرىدا دېيىلگەن تارىخىي جەريانلارنى تولۇق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن پروزىنى ۋاستە قىلماي بولمايتتى. ئەمما، مەن پروزىغا كىرىشىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ جاپالىق ئىزدىنىشلەر-نى باشتىن كەچۈردۈم. يولداشلار قانداق قارايدى-كىن، مېنىڭ نەزىرىمدە پروزا قىيىن، مەن بىر پارچە شېئىرنى ئانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا يازالايمەن. ئەدەبىياتىمىزدا پروزىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇۋاتىدۇ. ياشلارنىڭ بۇ جەھەتكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. پروزا بىلەن شېئىرىيەت قوشكېزەك ھالدا تەڭ راۋاجلىنىپ بېرىشى لازىم. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، مەن بۇندىن كېيىن پروزا بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانماق-چى.

**پولات ھېۋزۇللا:** ھازىر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ تىلىدا بىر خىل قاتماللىق بار. مېنىڭچە ئەدەبىياتىمىز ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىللەتتىن قۇتۇلۇشى كېرەكتەك قىلىدۇ. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

**ئۆتكۈر ئەپەندى:** بۇ ناھايىتى چوڭ ئۆتكەل. ئەدەبىياتىمىزدا ئاخبارات تىلىنىڭ تەسىرى كۆپ. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قوللانغان تىلى ئاساسەن دېگۈدەك تەرجىمە تىلى، بىر قىسىم ئەسەرلەردىكى ساۋاتسىز پېرسوناژلار خۇددى داشۆ پۈتتۈرگەن ئەپەندىلەردەك گەپ قىلىدۇ. بۇنداق ھالەتنى تېزرەك تۈگىتىش كېرەك. مەن نۇرغۇن موىيسىپىتلەر بىلەن پاراڭلاشقىنىمدا ئۇلارنىڭ تىلىدىكى ئىپادىلەش كۈچىگە دىققەت قىلدىم. ئۇلار شۇنچە نازۇك پىكىرلەرنىمۇ ئاممىباپ سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدە خەلق تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇشى كېرەك.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** ھازىر زىيالىيلىرىمىز مىللىي ئەنئەنە ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىۋاتىدۇ. سىز ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق چۈشىنىسىز؟

**ئۆتكۈر ئەپەندى:** مەن بۇ ھەقتە بۇرۇن توختالغان. ھەتتا ئايرىم ماقالىمۇ يازغانىدىم. مېنىڭ ئالدى بىلەن دەيدىغىنىم، مىللىي ئىنكارچىلىققا ئىنتايىن قارشى تۇرىمەن. مىللىي ئىنكارچىلىقنى بىر خىل ئاسىيلىق دەپمۇ قارايمەن. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە بۈگۈن ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان نەرسىلەر چوقۇم بولىدۇ. مەيلى مەدەنىيەت جەھەتتە بولمىسۇن، مەيلى پىسخىكا، ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە بولمىسۇن، ياخشى تەرەپلا بولىدىكەن داۋاملاشتۇرۇش لازىم. ئەمما مىللىتىمىزدە نۇرغۇن ئىللەتلەرمۇ بار. بۇ ئەخلاق جەھەتتىكى چىرىكلىكتە روشەن كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ ئىللەتلەر تۈزەلمىگىچە مىللەت تۈزەلمەيدۇ.

ئەدەبىياتنى ئالساق، بەزىلەر ئارۇز ۋەزنىدىكى 19 بەھرنىڭ ھەممىسىنى كۆتۈرۈپ چىقماقچى بولىدۇ. ھازىرقى ئەرەب-پارس ئەدەبىياتىدىمۇ ئۇنىڭ بىرقانچە

بەھرلىرنى ئۇچراتقلى بولىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىمۇ بۇ بەھرلەرنىڭ بىرقانچىسىلا ئەتەنە بولۇپ قالدى. «گۈڭگا شېئىر» مەيدانغا كەلگەندە، بەزىلەر ئۇزۇل-كېسىل قارشى تۇرماقچى بولدى، قاپىيە يوق نەرسىنى شېئىر دېگىلى بولمايدۇ، دېدى. مېنىڭچە بىر پارچە شېئىر قاپىيە بولسىلا ياخشى بولۇپ كەتمەيدۇ. شېئىرنىڭ جېنى پىكىر ۋە ھېسسىياتتا. ياشلارنىڭ ئىزدىنىش روھىنى ھەر خىل ئامىللار بىلەن قوللاش لازىم.

**ئەبەيدۇللا ئىبراھىم:** بىزدە بىر قىسىم نىگىلىزمچىلار يوق ئەمەس. ھەدېسىلا مىللىي مەدەنىيەتنى ئىنكار قىلماقچى بولىدۇ. بەزى يولداشلار مەندىن بۇ ئەھۋاللارغا قانداق قارايسىز، دەپ سوراپ قالدى. مەن، مىللەت ئورۇق، ھازىرچە ئوپېراتسىيىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. ئوپېراتسىيە قىلىش ئۈچۈن سەمرىتمەي بولمايدۇ، دېدىم.

**ئۆتكۈر ئەپەندى:** بۇ ناھايىتى ئوبرازلىق گەپ بوپتۇ.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** ئەمما، كېسەل ئادەمنىڭ سەمرىشى ناھايىتى تەس.

**ئەبەيدۇللا ئىبراھىم:** بەزى ياشلار بىزنىڭ مىللىتىمىز دائىم بىكىنمىچىلىكتە ئۆتۈپتىكەن، دەپ خورسىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار تارىخنى تولۇق بىلمەيدۇ. تارىختىكى ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ۋە شائىرلارنى تونۇشتۇرۇش ياشلارنى تەربىيىلەشتىكى ئالاھىدە بىر تەرەپ.

**ئابلىجان ھېيت:** يۇقىرىقى پاراڭلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ھېس قىلدىم. يازغۇچى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى گەپنى قىلىش ئۈچۈن ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇش لازىم. شۇ چاغدىلا يازغۇچىنىڭ كۆزى باشقىلار كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ. شۇنداقمۇ؟

**ئۆتكۈر ئەپەندى:** ئەلۋەتتە. ياخشى ئەسەر يازالىغان ئەدىبلەرنىڭ تەجرىبىسىگە قارىغاندا ۋە شەخسەن ئۆزۈمنىڭ ھېس قىلىشىچە، يازغۇچى بىلىم ۋە غايىنى رەھنەما، تۇرمۇشنى مەنبە، تەپەككۇر بىلەن تەسەۋۋۇرنى خەزىنە، سەممىيلىكنى ئىجادىيەت پرىنسىپى، ئەستايىدىللىقنى مەڭگۈلۈك ئادەت، تىل ماھارىتىنى قورال قىلىشى كېرەك.

**ۋاھىتجان ئوسمان:** ھازىر بىزدە پەلسەپە نامراتلىقى بار. ئەسەرلىرىمىزدە پەلسەپىۋى پىكىر كەم بولغاچقا، كىتابخانلارنى ئويغا سالالمايۋاتىدۇ.

**يۈسۈپ:** ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ مىفلىرىمىزدا پەلسەپىۋى ئامىللارنى كۆپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. ئەمما ھازىرقى يازغۇچىلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدىكى ئۆگىنىشىمۇ يېتەرلىك ئەمەس، دەپ قارايمەن.

**ئۆتكۈر ئەپەندى:** پەلسەپە بىر مىللەت روھىنىڭ جەۋھىرى. ھايات بار يەردە چوقۇم پەلسەپە بولىدۇ. بىزدە ئۇيغۇر پەلسەپىسىنى سىستېمىلىق چۈشەندۈرىدىغان كىتابلار بارلىققا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما، پۈتكۈل ۋەسىقىلىرىمىز ۋە تۇرمۇشىمىزدىن روشەن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئۈجمىنىڭ باغقا ئەمەس، بەلكى يول بويىغا تىكىلىشى، تۇزنىڭ ئۇلۇغلىنىشى قاتارلىقلاردا خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرى مەلۇم نىسبەتتە ئەكس ئېتىدۇ. شۇنى تەكىتلەپ قويۇش كېرەككى، مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن پەيلاسوپلار چوقۇم چىقىشى كېرەك.

**ئەبەيدۇللا ئىبراھىم:** ياشلار باشقىلار مېڭىپ باقمىغان يوللاردا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىشى كېرەك. بىزدە بوشلۇقلار كۆپ. بۇنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بىر ئادەم ئون ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلالايدىغان بولۇش كېرەك. ئالىملىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئەدىبلەرنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشى دەۋرنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىپى.

**ئۆتكۈر ئەپەندى:** ئىنساننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مەنىۋى كامالەت ھەممىدىن قىيىن. بۇنداق كامالەت ئىگىلىرى چىقمايدىكەن، مەدەنىيەتنىڭ تارىخى ئۈزۈلىدۇ.

# موسكۋا خىياللىرى

نەبىجان تۇرسۇن

(بېشى 1995-يىللىق 5-ساندا)

## ئۇيغۇر ناۋايخانىسىدىكى چۈشلۈك چاي

موسكۋانىڭ مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرى بولغان ۋولگاگراد يولىدا ماشىنىمىزنى سائىتىگە سەكسەن كىلومېتىر تېزلىك بىلەن ھەيدەپ شىمالغا قاراپ مېڭىپ تېكستىلچىكى (توقۇمىچىلار) مېتروسىغا يېقىن كەلگىنىمىزدە يول بويىغا ئورنىتىلغان ئېگىز ئېلان تاختىسىغا كۆزىمىز چۈشمەي قالمايدۇ. بۇ ئېلان تاختىسى يېنىدىن كۈنىگە نەچچە ئون مىڭلىغان ماشىنىلار ئۇچقاندەك ئۆتۈپ تۇرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نەچچە يۈز مىڭلىغان كۆزلەر بۇ ئېلان تاختىسىغا تەڭلا تىكىلىدۇ. مەن گېزىتلەردە نامىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بۇ ئېلان تاختىسى يېنىغا ئاخىر يېتىپ كەلدىم. كۆز ئالدىمدا يوغان رۇسچە خۇش خەت بىلەن يېزىلغان «ئۇيغۇر — خىلىب» دېگەن سۆز چاقناپ تۇراتتى. دېمەك، مانا بۇ مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا خېلىلا مەشھۇر بولۇپ قالغان — موسكۋادىكى ۋە پۈتۈن روسىيەدىكى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا پۈتۈن ياۋروپادىكى بىردىنبىر «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى»نىڭ ئېلان تاختىسى بولۇپ، مەن ئاشۇ ئېلان تاختىسىدا كۆرسىتىلگەن ئىستىرېلكا بويىچە سول تەرەپكە ئالاھەزەل ئىككى-ئۈچ يۈز مېترچە ماڭغاندىن كېيىن ئون قەۋەتلىك كونا پاسوندا سېلىنغان بىنانىڭ ئالدىغا كەلدىم. بۇ بىنانىڭ ئاستىنقى قەۋەتلىرى ماگىزىن بولۇپ، ئۈستۈنكى قەۋەتلىرى ئائىلىلىكلەر ئىدى. مانا بۇ بىنانىڭ ئىككى قەۋىتى «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى»غا تەۋە بولۇپ، ماگىزىنىنىڭ ئىشىكى ئۈستىگە يوغان قىلىپ يېزىلغان «ئۇيغۇر — خىلىب» دېگەن سۆزلەرنى خېلى يىراقتىن تونۇۋېلىش مۇمكىن. مەزكۇر ناۋايخانا شۇ رايوندىكى نەچچە ئون مىڭلىغان ئائىلىلەرنى كۈندىلىك نان ۋە باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەيتتى. مەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىن ئۇرغۇۋاتقان ھۆرمەت، سۆيۈنۈش ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ماگىزىن سىرتىدىكى ئاشۇ «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى» دېگەن سۆزلەرگە تىكىلىپ خېلى ئۇزۇن تۇردۇم. ماگىزىندىن سومكىلىرىغا نان قاچىلاپ كۈنسايىن شىددەت بىلەن ئۆسۈۋاتقان مال باھاسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى، روسىيە زۇڭتۇڭى يېلتسىن ياكى زۇڭلى چېرنامىردىن ۋە ياكى ژىرونوۋسكى قاتارلىقلار توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلغاچ ئۆيلىرىگە قايتىشقان خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. تۇيۇقسىز «ئوغلۇم، نانغا ياردەم قىلىڭ!» دېگەن تېترەك ئۆتۈنۈش مېنىڭ ئوي-خىياللىرىمنى بۆلۈۋەتتى.

يېنىمدا نۇرسىز كۆزلىرى ياشاڭغىراپ

ئوقۇغۇچى كىتاب تورى

تۇرغان، چاچلىرى ئۇچىدەك ئاقارغان بىر موماي خىروستوسقا چوقۇنغان ھالدا ئۈمىد بىلەن ماڭا قاراپ تۇراتتى. يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ كۆڭلۈم بۇزۇلدى. ئۇ شۇ تاپتا كۆزۈمگە رۇس موماي ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مومايدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ بىزنىڭ ئاشۇ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ ۋە ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر تىلەمچى مومايلىرىمىزغا بەكمۇ ئوخشايتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ پەرقى، بىرسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىنى تىلغا ئالسا، يەنە بىرسى ھەزرىتى ئەيسانىڭ نامىنى تىلغا ئالاتتى. بىرسى ئالقىنىنى ئېچىپ دۇئا قىلسا، بىرسى قولىنى ئىككى مۈرىسىگە، پېشانىسىگە ۋە يۈرىكىگە ئاپىرىپ دۇئا قىلاتتى. مەن دەرھال يانچۇقىمدىن ئون مىڭ رۇبلى (بۇنىڭغا ئون نان كېلەتتى) چىقىرىپ مومايغا بەردىم. موماي ماڭا قايتا-قايتىلاپ رەھمەت ئېيتىپ، ئۆز ئادىتى بويىچە دۇئا قىلىپ، ئاللادىن ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە باياشاتچىلىق تىلىدى ھەمدە ماگىزىنغا كىرىپ كېتىپ ئىككى نان كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ مېنىڭ تېخىچە ماگىزىن ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ قورۇق باسقان چىرايىدىن كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا ماڭا قاراپ:

— ئاللا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى. توساتتىنلا كاللامغا بۇ موماي بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىش خىيالى كىردى. مەن:

— موما، بۇ نان يېيىشلىكمۇ؟ — دەپ سورىدۇم.

— بەك يېيىشلىك، بەك تەملىك، مەن بۇ ناۋايخانىنىڭ نېنىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى موماي جاۋابەن.

— سىزنىڭ ئۆيىڭىز مۇشۇ ئەتراپتىمۇ؟ — سورىدۇم مەن يەنە.

— شۇنداق ئوغلۇم.

— ئۇنداقتا سىز بۇ ناۋايخانىنىڭ نېنىنى يەۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بوپتۇ-دە.

— ھەئە، ئىلگىرى بۇ ناۋايخانا باشقا نام بىلەن ئاتىلاتتى. نېنىنىڭ تەممۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، نەچچە يىل بولدى، ناۋايخانىنىڭ نامىمۇ، نېنىنىڭ تەممۇ ئۆزگەردى. مېنىڭچە بۇنىڭغا يېتىدىغان سۈپەتلىك، يۇمشاق نان ھېچيەردە يوق، — دېدى موماي ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ.

— ئۇنداقتا نېمىشقا «ئۇيغۇر خىلىب» دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇر دېگەن سۆز نېمە مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، — دەپ سورىدۇم ئەتەي. مەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ شۇنداق گەپ تەشكەندىم.

— نېمە مەنىنى بىلدۈرەتتى؟ ناننىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ، — دېدى موماي ئېرەنسىزلا.

مېنىڭ غۇررۇڭدە ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى بۇ موماي مېنىڭ ئۇلۇغ مىللىتىمنى ھازىرغىچە يەيدىغان نەرسە دەپ بىلىپ كەپتۇ-ئەمەسمۇ! لېكىن، باشقىلار بىزنى بىلمىگىنى ئۈچۈن ئەيىبلەشكە ئاساسىم يوق. چۈنكى بىز... مەن ئالدىمدا مۆلايىم كۈلۈپ تۇرغان مومايغا سىنچىلاپ قارىدىم. نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۇ بۇ يېمەكلىكنى يەپ ھايات كەچۈرگەن. بۇ يۇمشاق، تەملىك نان ئۇنىڭغا ھايات لەززىتى بەرگەن، ئۇنىڭ ئاجىز تېنىگە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغانىدى. ئۇ قانداقلا بولمىسۇن «ئۇيغۇر» ناملىق بۇ ناننىڭ خاسىيىتىنى تولۇق بىلگەن. شۇڭا مەن يەنىلا مومايدىن سۆيۈندۈم. ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقۇم كەلدى. لېكىن موماي ماڭا يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئەسلىدە رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىكى مەن ئىدىم. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاكى ئۇنىڭ قارىسى يۈتكىچە قاراپ تۇردۇم. توساتتىن مېڭەمدە بىر خىيال، ئاجايىپ بىر پىكىر يالتىندە پەيدا بولدى، «دېمىسىمۇ بۇ ھەزرىتى ئەيسا مۇرتلىرىغا د. بۇ مېنىڭ تېنىم» دەپ ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن ناندەك ناھايىتى ئېسىل، تەملىك ئەمەسمۇ؟»

مەن باش-ئايىغى يوق خىيالغا چۆمگەن كاللامنى سىلكىۋېتىپ ماگىزىنغا كىردىم. ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانىدا مېنى ئۇيغۇر ناۋايخانىسىنىڭ خوجايىنى — موسكۋادا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر يىگىتى نارىمان مۇھەممەد ئوغلى قۇچىقىنى ئېچىپ كۈتۈۋالدى. كۆكۈش كۆزلۈك، ئاق تەنلىك، قاڭشارلىق، يوغان چاسا يۈزلۈك، گەۋدىلىك كەلگەن بۇ ئۇيغۇر يىگىتنى كۆرۈپ كۆز ئالدىمدا بىزنىڭ ئاشۇ باتۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ سىماسى پەيدا بولدى. ئۇ، ئۇيغۇر تىلىنى ئانچە راۋان سۆزلىيەلمىسىمۇ، لېكىن ئىمكانقەدەر ئۇيغۇرچە سۆزلەشكە تىرىشاتتى ۋە ئۇيغۇرچە قائىدە-يوسۇنلار بويىچە مۇئامىلە قىلاتتى.

— سىزنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىز مۇناسىۋىتى بىلەن مەن بۈگۈن ناۋايخانىمىزغا يەنە بىرقانچە موسكۋالىق مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىملارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ قويغانىدىم. مانا ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ سائەتكە قاراپ.

دەل شۇ چاغدا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بەرگەن ھالدا 60 ياشلار چامىسىدىكى سالاپەتلىك بىر كىشى ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۇق.

— بۇ كىشى ھۆرمەتلىك پروفېسسور تېلمان كېرىمباي ئاكىمىز بولىدۇ، — دەپ ماڭا ئۇنى تونۇشتۇردى نارىمان مۇھەممەد ئوغلى ۋە ئارقىدىنلا مېنىمۇ پروفېسسورغا تونۇشتۇردى:

— بۇياق ئۆتكەندە سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن شىنجاڭلىق يىگىت نەبىجان بولىدۇ.

پروفېسسور مېنى چىڭ قۇچاقلاپ ھاياجان بىلەن: «كەلگىنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، يالام، سىز بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن خۇشالمەن» دېدى.

بىز قىزغىن كەيپىياتتا پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. باشقا مېھمانلارمۇ ئارقا-ئارقىدىن كىرىپ كېلىشتى. ئۆي ھەش-پەش دېگۈچە ئون نەچچە ئادەم ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە قىزىق چاقچاقلىرى بىلەن تولدى. مەن ئۆزۈمنى گويا ۋەتەندە، ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ ئۇيغۇر دۇنياسىدا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ھەقىقەتەنمۇ يىراق چەت ئەل شەھەرلىرىدە بىر يەرگە يىغىلىپ مۇشۇنداق ئۆز ئانا تىلىمىزدا ئېچىلىپ-يېيىلىپ، كەڭ-كۇشادە پاراڭ سېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش كەم نېسىپ بولىدىغان ئىش ھېسابلىناتتى. بۇ يالغۇز مەن ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئانا ۋەتەندىن ئايرىلغان پۈتۈن مۇساپىرلار ئۈچۈن ئورتاق تۇيغۇ ئىدى. مەن ھەيران قالغان بىرنەرسە شۇ بولدىكى، بۈگۈن مېنىڭ بىلەن بىر داستىخانغا جەم بولغان بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نەچچىسى موسكۋادا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ھەتتا نەچچىسىنىڭ ئانىسى رۇس، بىرقانچىسىنىڭ موسكۋادا ياشاپ خىزمەت قىلغىنىغا 40 يىللاردىن ئاشقانىكەن. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئانا تىلى — ئۇيغۇر تىلىدا ياخشى سۆزلەيتتى. ھەتتا پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا ئۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەشكە، بىرمۇ رۇسچە سۆز ئارىلاشتۇرماسلىققا تىرىشاتتى، بىرقانچىسى ئۆزلىرىنىڭ كىچىكىدىنلا رۇس مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت ئائىلىسىدىكىلەر بىلەنلا سۆزلىشىپ ۋە كېيىن موسكۋادا ياشاپ يۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەش كۈچى ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىنى، سۆزلىگەندە قىينىلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىن بەك ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى، ۋاقىت چىقىرىپ مەندىن ئۇيغۇرچە ئۆگىنىش ئويلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىشتى. مەن بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم. ئۇلارنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم...

مەن بۇنداق ئەھۋالنى ھەممىلا يەردە ئۇچراتتىم ۋە ئاڭلىدىم. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قېرىنداشلىرىمىز دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىغا چېچىلىپ كەتكەنلىكى ھەممىگە ئايان.

uyghurkitap.com

مەيلى مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولسۇن، مەيلى تۈركىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانى، گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردە بولسۇن بىزنىڭ ئۇيغۇر مۇساپىر قېرىنداشلىرىمىز ھەرقانچە باياشات تۇرمۇش كەچۈرمىسۇن ئۇلارنىڭ كۆڭلى سۇنۇق. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەلبى ھەر ۋاقىت-ھەر مىنۇت ۋەتەن مۇھەببىتى ۋە ۋەتەنسىزلىك ئازابى بىلەن ئۆرتىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرغان-پۈتكىنى، ھەر بىر ھۇجەيرىسى «ۋەتەن» دىن ئىبارەت بىرلا مۇقەددەس ئۇقۇمغا مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. ئەنە شۇنداق سەۋەبلەردىن چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ چوڭقۇر. دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر بۇلۇڭىغا بارسىڭىز بىرەر ئۇيغۇرنى ئۇچراتماي قالمايسىز. ئېنىقكى بۇ ئۇيغۇر ئۆز ئانا تىلىدا ئاددىي بولسىمۇ سۆزلەيدۇ ياكى سۆزلەشكە تىرىشىدۇ. ئۇيغۇر ئانا تىلىغا ئاغزى كېلىدىغان بالىلارنىڭ 12 مۇقام ۋە باشقا ئۇيغۇرچە ناخشىلارنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن دىققەت قىلىپ ئاڭلايدىغانلىقىنى كۆرىسىز. مەن ھەر قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇچراتقىنىمدا دەرھال ئۈرۈمچى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ئاپتوبۇسلاردا، تىياتىرخانىلاردا، يوللاردا قىسقىسى ھەممە سورۇنلاردا ھەر ۋاقىت ھېلىقى يېرىمى ئۇيغۇرچە، يېرىمى خەنزۇچە، ھېچبىر گىراماتىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق باغلىنىشى يوق بولغان، ئادەمنىڭ قوسقۇسىنى كەلتۈرىدىغان ۋە ئېچىندۇرىدىغان جۈملىلەرنى ئاڭلىغىنىمدا شۇ جۈملىلەرنىڭ ئىگىلىرىگە يىرگىنىش ۋە ئېچىنىش تۇيغۇسى بىلەن قارايمەن. ئۇلار ئۆزىچە كالتە-كوسەي خەنزۇچە سۆزلەپ، خەنزۇچە ئىپادىلىيەلمىگەننى ئامالسىز ئۇيغۇرچە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ خۇددى خەنزۇ تىلىنى تولۇق بىلىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىپ كېرىلىپ يۈرىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلگەن تەقدىردىمۇ يۇقىرىراق تەلەپ بىلەن ئېيتقاندا يالغۇز خەنزۇچىغا مۇكەممەل بولۇشنىڭلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇنىچۋالا كېرىلىپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەسلىكىنى بىلمىسە كېرەك. بىزدە ئىشتىن سىرت ئىككى-ئۈچ خىل چەت ئەل تىلى ئۆگىنىپ بولۇپمۇ داۋراڭسىز يۈرۈۋاتقان ياشلىرىمىز ئازمۇ؟ ئەجەبا ئۇلار ئۆزىنىڭ خەنزۇچىنى چالا-بۇلا سۆزلىگىنى ئۈچۈن قىلچە ئۇيالمىسا-ھە؟! ئۆزىنى سۆيمىگەن، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشنى، قەدىرلەشنى بىلمىگەن ئادەمنى ئۆزگىلەرمۇ ھەرقاچان ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا تەڭ قىلمايدۇ. ئۇنى پەقەت ئەخلەت، چاۋار قاتارىدىلا كۆرىدۇ خالاس.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر كۈنى ئۈرۈمچىدە كۆپ يىل تۇرۇپ ئۇيغۇر تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن بىر چەت ئەللىك ئالىم ماڭا «سىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدەك ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك، چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان، شۇنداقلا خەلقئارادا ئەھمىيەتلىك يەنى ئىچكىرى جۇڭگودىن تارتىپ غەربتە تاكى ياۋروپاغىچە مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا مەركىزىي ئاسىيە ۋە كاۋكازىيە، ئىدىل-ئورال، شۇنداقلا كىچىك ئاسىيا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىغىچە بولغان دائىرىدە زور ئىشلىتىش رولى بولغان ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارغا ئىگە تىل ئاز ئۇچرىسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىختىكى خەلقئارالىق ئورنى ۋە ئەھمىيىتى شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى بىر پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇر مىللىتىنى چۈشىنىدىغان ئادەملەرگە ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەرقانداق بىر ئەزاسىغا ئايدىڭ مەسىلە دەپ ئويلايمەن. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە شۇنىڭغا ھەيرانمەنكى، مەن ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا، ئۈرۈمچىنىڭ ھەممىلا سورۇنلىرىدا ئۆز تىلىنى بۇزۇۋاتقان، ئۆز تىلىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋاتقان، ئۇنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتقان

«چالا ئۇيغۇر» لارنى بەك كۆپ ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كىچىكىدىن ئۇيغۇر مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئۇيغۇر تىلىدا داشۆ تۈگەتكەن زىيالىيلار. ئېغىز تىلىنى قويۇپ تۇرۇپ يېزىق تىلىغان، تەرجىمە قىلىنىۋاتقان فىلىملەرگە، ئەسەرلەرگە ۋە ھەر خىل يېڭى ئاتالغۇلارغا قارايدىغان بولساق، ئەھۋال ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. تەرجىمانلىرىمىز، يازغۇچىلىرىمىزمۇ ئەرەب، پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئىشلەتسە، ئەسىرى پاساھەتلىك چىقىتاندەك ھېس قىلىشىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنى ساپلاشتۇرۇش جەھەتتە ئۆزبېك، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق قېرىنداش مىللەتلەرچىلىكمۇ بولالمايۋاتىدۇ. ئالايلۇق، بىر ھاۋارايىدىن مەلۇمات بەرگەندە نۆلدىن تۆۋەن مانچە گىرادۇس، نۆلدىن يۇقىرى مانچە گىرادۇس دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىمىز. قازاقلار بولسا «نۆلدىن تۆۋەن، نۆلدىن يۇقىرى» دېگەندەك مىنۇس، پىلوس (مەنپىي ۋە مۇسبەت) تىن تەركىب تاپقان ماتېماتىكىلىق چۈشەنچىنى چىقىرىپ تاشلاپ، «بۈگۈن مانچە گىرادۇس ئىسسىق بولىدۇ ياكى مانچە گىرادۇس سوغۇق بولىدۇ» دېگەندەك ئاممىباب، چۈشىنىشلىك، جانلىق ئالىدۇ. مېنىڭچە، يېڭى كىرگەن سۆزلەرنى مانا شۇنداق جانلىق، خەلققە يېقىن ئىشلىتىش كېرەك. چۈنكى، خەلقىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يېزا-قىشلاقلاردىكى ئاددىي دېھقانلار، ئۇلارغا بۇنداق مۇجمەل تۇيۇلىدىغان ئىلمىي ئاتالغۇلار ئانچە ياقمايدۇ. بۇنداق سۆزلەر خۇددى «يولداش» دېگەندەك بەزى تېگىشلىگەن سۆزلەردەكلا تىلىمىزغا ھەقىقىي ئۆزلەشمەيدۇ.

يەنە ئالايلۇق، قازاقلار تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرنى ئىخچام، ئوبرازلىق قىلىپ «كۆرەرمەنلەر» دەپ ئىشلىتىدۇ. بىز بولساق «تاماشىبىنلار ياكى تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەر» دېگەندەك قولايسىز ئاتالغۇ بىلەن ئىستېمال قىلىمىز. قازاقلار كىتاب ئوقۇغۇچىلارنى «ئوقۇرمەن» دەپ ئىشلەتسە، بىز «كىتابخان» دەپ ئالىمىز (گەرچە، بەزىلەر بۇ سۆزنى تېخى يېقىندىلا ئاندا-ساندا ئىشلىتىپ يۈرگەن بولسىمۇ) بۇنداق مىساللار تالاي.

يەنە بەزى تەرجىمانلىرىمىزنىڭ ئۆلۈك، جانسىز تەرجىمىلىرىمۇ يېزىق تىلىمىزنى بۇزۇۋاتىدۇ. مەن يېقىندا بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرى كۆرۈۋېتىپ، بىر نەچچە دوستلىرىنى تۇتۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئاتقا مىنىپ دەرھال قېچىشقا دەۋەت قىلغاندا: «ئاتقا چىقايلى!» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. بىر تۇرۇپ كۈلگۈم، بىر تۇرۇپ ئىچىنغۇم كەلدى. بەلكىم ئۇيغۇر ئەمەس، ھەتتا خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىدىغان خەنزۇ تەرجىمانمۇ بۇنداق سۆزلىمەس بولغىيدى.

ئۆز مىللىتىنى سۆيگەن كىشى ئانا تىلىنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدۇ. ئۇنى قەدىرلەيدۇ، ئۇنىڭ ساپلىقى ئۈچۈن كۈرىشىدۇ. موسكۋادىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئەنە شۇنداق ئۆز ئانا تىلىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. لېكىن بىزنىڭ بۇ يەردىكى كۆپىنچە ئۇيغۇر قىزلىرى ھېچ ھاجەتسىزلا ئۆز تىلىنى باشقا تىللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بۇزۇپ سۆزلەيدۇ. ئۇلار ئاشۇنداق ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىگەندە خەنزۇلار مېيىقىدا مەسخىرىلىك كۈلۈشىدۇ. مېنىڭچە بۇ ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى، ئۆزىنىڭ ئىززەت- غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرغانلىق. مەن بەش يىل مابەينىدە نۇرغۇن دۆلەتلەردە بولدۇم. نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشتىم. بۇنداق ئۆز ئانا تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەيدىغان ئەھۋاللار پەقەت بىزنىڭ شىنجاڭدىلا مەۋجۇت ئىكەن. ئەگەر بىز تىلىمىزنى ئاسرىمىساق دىلىمىزنى، روھىمىزنى ئاسرىيالمايمىز. بىر مىللەتنىڭ راۋاجلانغان ئەدەبىي ۋە ئاغزاكى تىلى، ئورتاق ئېتىقاد ۋە ئۆزىگە خاس مىللىي روھى، خاراكتېرى بولۇشى كېرەك. بۇ نەرسىلەر بىزدە مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن. مېنىڭچە بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدە.

سابىق س س س ر دىكى ۋە روسىيەدىكى شۇنچە كۆپ مىللەتلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار رۇس تىلى ۋە رۇس مەدەنىيىتىنىڭ

ئۇلار رۇس تىلى ۋە رۇس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ھەم بېسىمى بىلەن ئۇزۇن مەزگىل ياشاپمۇ يەنىلا ئۆز ئانا تىلىنى ئۇنتۇمىغان. شۇ مىللەتلەرنىڭ، يەنى قازاق، تاجىك، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار، باشقىرت، قۇمۇق، چېچەن، چېركەس ۋە باشقا مىللەت كىشىلىرى ئۆزئارا بىر-بىرى بىلەن ياكى تولۇق ئانا تىلىدا ياكى تولۇق رۇس تىلىدا سۆزلىشىدۇ. مەركىزىي ئاسىيادا تېخىمۇ شۇنداق. ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئۆزبېكلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلىشىشى 98%؛ تۈركمەنلەرنىڭ ۋە تاجىكلارنىڭمۇ 98%، 99%؛ قىرغىز، قازاقلارنىڭ بۇنىڭدىن سەل تۆۋەنرەك ئىكەن. ئەگەر، باللار كىچىكىدىنلا رۇس تىلىدا ئوقۇغان بولسا ئامال يوق، ئۇلار چوقۇم رۇس تىلىدا سۆزلەشمەي مۇمكىن ئەمەس. بىراق ئۇلار ئۆز ئانا تىلىنى ھامان ئىگىلىۋالالايدۇ. بىزدەك ئىككى تىلنى ئارىلاشتۇرۇپ، شالغۇتلاشتۇرۇپ سۆزلىمەيدۇ. ئەلۋەتتە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەت ۋە تىل شارائىتى بىزگە قارىغاندا كۆپ مۇرەككەپ، بۇنىسى ھەممىزگە ئايان.

قىسقىسى ئۆز ئانا تىلىنى قەدىرلەش، باشقا تىللاردىن قانداق پايدىلىنىش بىر ئادەمنىڭ مىللىي ئەخلاقى ۋە ئاڭ سەۋىيىسىگە باغلىق. ئۆز خەلقىنىڭ ئۆتمۈشى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇغان، يۈرىكىدە ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق ئەسلىمىلىرى قالمىغان ئادەم مەڭگۈ گادايلىققا، مەڭگۈ ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر. ئەمەلىيەتتە ھەر بىر ئىنساننىڭ ئۆز خەلقىنى، ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشى تەبىئىي، چۈنكى بۇنداق سۆيگۈ ھەر بىر ئىنساننىڭ تومۇرلىرىدىكى ئىسسىق قانلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان. لېكىن بىزنىڭ قېنىمىز سوۋۇپ، بۇزۇلۇپ بارماقتا.

بىر مىللەتكە نىسبەتەن تىل يالغۇزلا يېزىق تىلى ۋە ئېغىز تىلى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئىنچىكىلەپ كۆزەتكەندە مىللەتنىڭ تاشقى تىلى ۋە ئىچكى تىلىمۇ مەۋجۇت، بەلكى بۇلار مۇھىم تەرەپ. تاشقى تىل — تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى بىلەن، تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن يېزىلغان بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئومۇمىي تارىخى. مىللەتنىڭ ئىچكى تىلى — شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى ئىچكى كەچۈرمىشلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس يوشۇرۇن ئىستىكى-روھىي تارىخى. مىللەتنىڭ تاشقى تىلى تارىخ بىلەن، ئىچكى تىلى سەنئەت بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. شۇڭا ھەر بىر شەخس ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ مىللىي تىلى ئۈچۈن كۆرەشكۈچى ۋە تۆھپە ياراتقۇچى.

تارىخىمىزنى ۋاراقلىغاندا، ئاشۇ باتۇر، مەرت، شىر يۈرەك، باتۇر تەڭرىقۇت، تومىت، كۆرشاد، كۆل بويلا، مويۇنچۇر، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، سەئىدىخان، ئابدۇرىشىتخان، ئامانىساخان، رەخمىتۇللا بەگ، ئەسمىتۇللا بەگ، نۇزۇگۇم، سادىر پالۋان، موللا مۇسا سايرامى، تۆمۈر خەلىپە، خوجىنىياز ھاجى، قۇتلۇق شەۋقى، ئەۋپىق، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، رىزۋانگۈل، ئەخمەتجان، رەخمىجان سابىر ھاجىيوۋ، مەتمىن ئىمىنوف بۈگۈنكى كۈندىكى تارىخىمىزنىڭ ھايات شاھىدلىرىدىن سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ، سوپاخۇن سوۋۇروۋ ۋە باشقا سانسىزلىغان ئوغلانلىرىمىز پاك ۋىجدانى، ئومۇمىنى جۈملىدىن ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئۆز خەلقى، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى، ئەركىنلىكى، غۇرۇرى، جۈملىدىن ئۆز ئانا تىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۇنىڭ قانۇنى، ئىجتىمائىي سىياسىي ئورنى ۋە تەكەممۇللىشى ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلىپ ئەۋلادلارغا مەڭگۈ ئۆچۈرۈپ بولماس تارىخىي يادنامە قالدۇردى. بىز ئاشۇ ۋىجدانلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئارزۇ-ئۈستەكلىرىنى، ۋەسىيەتلىرىنى ئاقلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆزىمىزنى خارلاشتۇرۇۋاتىمىز. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار ئۆتمۈشى، ئۇلارنىڭ

ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيىتىدە تۇرغان ئورنىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىمىزگە «بىز ئاشۇ ئەجدادلىرىمىزغا ئوخشامدۇق؟ ئۇلارنىڭ جىسمىدا ئۇرغۇغان قان بىزدە مەۋجۇتمۇ-يوق؟ ئۇلار ئاشۇ ئىنسانىيەتنىڭ جاھالەتلىك دەۋرلىرىدە ئاسىيا-ياۋروپانىڭ مەركىزىدە شانلىق دۆلەتچىلىك، مەدەنىيەت پەرۋەرلىك ھەمدە سودا-ئىقتىساد ۋە ئىجادچانلىق ئەنئەنىسى يارىتالاپتۇ-يۇ، ئەمما بۈگۈن بىز بۇ ئەنئەنىنى يۇتتۇرۇپ تارىخ تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە يۈزلىنىۋاتىمىز. بۇنىڭ سەۋەبلىرى زادى نېمە؟... دېگەندەك سوئاللارنى نېمە ئۈچۈن قويالمايمىز؟ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياراتقان شانلىق ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇپ خۇددى تىلەمچىلىككە ئۆگىنىپ قالغان بىچارە كىشىدەك شېرىن مەي بىلەن، خىرۇئىن بىلەن، نەشلەر بىلەن تېنىمىزنى مەستخۇش قىلىپ، شۇ ئارقىلىق روھىمىزنى تېخىمۇ زەئىپلەشتۈرۈپ، روھىمىزنىڭ تەگپۈڭلۈكىنى بۇزۇپ بارماقتىمىز. بۇ ماھىيەتتە بىر خىل ئۆز-ئۆزىمىزنى سوزۇلما خاراكتېرلىك ئۆلتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە غەزەپلىك، ئاچچىق ۋە ھەيۋەتلىك، شۇنداقلا ئېچىنىشلىق ھۆۋلاشلىرىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى، ئەجدادلار قېنىنىڭ تېخى تومۇرلىرىمىزدا مەۋج ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەر دائىم باشقىلارغا بىلدۈرگىمىز كېلىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ھەممىلا ئۇيغۇر بىلگەندەك، ئۇيغۇر تىلىنىڭمۇ قەدىمىي تىللارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىق ئەنئەنىسىگە ئىگە خەلق ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىش كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى بولغان شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىلىك، تېكستولوگىيىلىك ۋە تارىخشۇناسلىق تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە دۇنيادا قەدىمكى ۋاقىتلاردا ئىلپىبەلىك يېزىق قوللىنىلغان جايلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىش بىلەن بىرگە يەنە قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى»دا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ۋە باشقىلار تەرىپىدىن سانسىزلىغان ئەسەرلەرنىڭ يېزىلغانلىقى، ئۇيغۇر يېزىقى، ئۇيغۇر تىلى دەسلەپكى ۋە كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە خەلقئارالىق يېزىق ۋە تىل سۈپىتىدە شەرقتە ئىچكى جۇڭگودىن تارتىپ، غەربتە ياۋروپاغىچە، جەنۇبتا مىسىرغىچە بولغان بوشلۇقتا قوللىنىلغانلىقى ئىسپاتلاندى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قول يازمىلار ۋە ھۆججەت پارچىلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كۆپلىگەن شەھەرلەردە ساقلانماقتا. روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسى مەخسۇس تەسىس قىلغان دۇنيادىكى قەدىمكى قول يازمىلار فوندىنىڭ بىرسى «قەدىمكى ئۇيغۇر قول يازمىلىرى فوندى» بولۇپ، بۇ فوندىدا روس شەرقشۇناسلىرى جۈملىدىن ئۇيغۇرشۇناسلىرى ئولدېنبورگ، كرانكوۋ، مالوۋ قاتارلىقلار تەرىپىدىن تېپىلغان ۋە توپلانغان 4228 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىسى ۋە پارچىلىرى ساقلانماقتا. بېرلىن شەھرىدە گېرمانىيە ئۇيغۇرشۇناسلىرى گرىيۇن ۋېدىل بىلەن لېكوك تەرىپىدىن 1902 — 1914-يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان تۆت قېتىملىق تۇرخان ئېكسپېدىتسىيىسى نەتىجىسىدە توپلانغان 8 مىڭ پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىسى ۋە پارچىلىرى ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە لوندوندىكى ئۇلۇغ بېرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ستەيىن تەرىپىدىن توپلانغان كۆپ ھەجىمدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر قول يازمىلىرى ساقلانماقتا. بۇ قول يازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭ ۋە دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان بولۇپ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇسۇلمان شارائىتىدا، شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا، ئىدىل-ئورال، ئىران قاتارلىق جايلاردا

قەدىمكى ئۇيغۇر تىل-يېزىقى بىلەن يېزىلغان (مىلادى XI — XV-ئەسىرلەرگىچە) قول يازمىلار بىرقانچە چوڭ شەھەرلەرنىڭ كۇتۇپخانىلىرى ۋە مۇزېيلىرىدا ساقلانماقتا. يۇقىرىدىكى قول يازمىلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇچۇ ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنىڭ خەلقئارالىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن موڭغۇل ئىستىلاس دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلار — موڭغۇللارنىڭ بىرىنچى ئۇستازى ئىكەنلىكى ھەممىزگە ئايان. موڭغۇل شاھزادىلىرىنىڭ، بەگلىرىنىڭ يېزىش، ئوقۇش ۋە باشقا مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە رول ئوينىغانلىقى، جۈملىدىن موڭغۇللارغا يېزىق ئىجاد قىلىپ بەرگەنلىكى دۇنيا ئالىملىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان تارىخىي پاكىت. ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارنىڭ گۈللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ھەمدە موڭغۇللارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئەتىۋارلاپ دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا قويۇشى ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەدەنىي، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھاياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىللىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە. تاتاتوڭا، قارا ئىنانىچ بۇيرۇق ئابىشكا، قارا بۇقا، مۇڭگۇز، شىبان، ئانزاڭ، ئوردو تېگىن، ئارغۇن سالى قاتارلىق كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار چىڭگىزخاننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئوت چىگىن، چىڭگىز ئوغۇللىرى ھەم نەۋرىلىرىنىڭ يېنىدا كاتىپلىق، تەرجىمانلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ھەم ئۇلارغا ئۇستاز بولۇپ ئىلىم ئۆگەتكەن.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، خەنلىن ئاكادېمىيىسىنىڭ 47 ئۇيغۇر ئەزاسى بولغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئالىملىرى، شائىرلىرى، تەرجىمانلىرى، تىلشۇناسلىرى، تىبابەتچىلىرى، شۇنداقلا گېنېراللىرى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار يۈەن ئوردىسىدا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەندىن سىرت جاي-جايلارغا دارىخاچ ۋالىي قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تۆھپىسىنى نەزەرگە ئېلىپ يۈەن دەۋرىدىكى موڭغۇللار تەبىقە ئايرىغاندا ئۇيغۇرلارنى موڭغۇللاردىن قالسا 2-دەرىجىلىك ئىمتىيازلىق مىللەت قاتارىدا كۆرگەن. يۈەن دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغانىدى.

ئۇيغۇرلار چىڭگىزخان نەۋرىلىرىنىڭ ھىلاگو خانىنىڭ ئىراندىكى ھۆكۈمرانلىقى، باتونىڭ ئالتۇن ئوردا خاندانلىقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىمىيەتلىرىدىمۇ مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تىل-يېزىقى بۇ دۆلەتلەردە دۆلەت يېزىقى ۋە مەمۇرىي تىل تەرىقىسىدە قوللىنىلدى. ئومۇمەن، ئۇيغۇر تىل-يېزىقى پۈتۈن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدە مۇھىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي رول ئوينىدى. شۇنداقلا موڭغۇل خاندانلىقلىرى بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقە ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينىدى. بۇ ھەقتە غەربىي ياۋروپالىق ساياھەتچى ۋىلگېلىم دىي روبروك، ئىرانلىق جۇۋەينى، راشىددىن قاتارلىقلار ناھايىتى ياخشى مەلۇمات بېرىدۇ. ئىران تارىخچىسى جۇۋەينىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، موڭغۇللار ئۇيغۇر تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشنى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قاراپ بۇ يېزىقنى ئۆگىنىشنى ئۆزلىرىگىلا ئەمەس، باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ئىران خەلقلىرىنىڭ ئۆگىنىشىنىمۇ تەشەببۇس قىلغان. ئىلخانىلار دەۋرىدە ئۇيغۇر يېزىقى ئىلخانىلار دۆلەت مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىدا كەڭ قوللىنىلغانلىقى ئۈچۈن ئىرانلىق مەمۇرلارمۇ ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان. ھەتتا ئەينى دەۋردە ئىلىم-پەن گۈللەنگەن، يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان خوراساندىمۇ

قىرغىندىن ساق قالغان ئالىملار ۋە پۇقرالار ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن.

رەشىددىنىنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ھىندىستان ۋە خوراسان قاتارلىق جايلاردىمۇ ئەمىر - پەرمانلار ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بىلەن چۈشۈرۈلگەن ئىكەن. تۈرك تارىخچىسى زەكى ۋەلىدىن توغاننىڭ قارىشىچە ھىلاكوخان ھازىرقى تۈركىيىدىكى كونيە قاتارلىق جايلارغا تۇللۇك باخشى ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر كىشىنى ئەۋەتىپ بۇ جاينىڭ باش ۋالىيسى قىلغان. بۇ جايلارغا ئىلخانلار تەرىپىدىن مەلىكشاھ ۋالىي بولغاندا كۆپلىگەن تۈرپانلىق ئۇيغۇرلار (ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار) ۋە قەشقەرلىك، كۇچالىق، خوتەنلىكلەر (ئەينى يىللاردا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلار) كونيە ۋە ئىگدى قاتارلىق جايلاردىن كېلىپ يەرلىكلەشكەن. ئىلخانلار ئەبۇسەيد زامانىدا ئۇيغۇر ئەرتەنە بەگ پۈتۈن ئاناتولىغا باش ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن. قىسقىسى ئاناتولى، ئەزەربەيجان قاتارلىق ۋىلايەتلەردە ئۇيغۇر تىلى كەڭ قوللىنىلغان. ئومۇمەن ئىلخانلار دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تەسىرى مەدەنىيەتكە، ئەدەبىيات - سەنئەتكە زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ھەتتا ئىلخانلارنىڭ ئارغۇن خانى فرانسۇز كارولى فىلىپ IV كە ئەۋەتكەن دۆلەت خېتىنى موڭغۇل تىلىدا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يازغانىدى. قىسقىسى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە دۇنيادا ئەڭ كەڭ قوللىنىلغان چوڭ تىل - يېزىقلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەگەر بىز بۇ ھەقتە يەنە سۆزلەيمىز دېسەك يەنە نۇرغۇن پاكىتلارنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن.

موسكۋادىكى ئۇيغۇر ناۋايخانىسىغا يىغىلغان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆلكە - چاقچاقلىرى يەنىلا ئانا ۋەتەن مۇھەببىتى بىلەن سۇغۇرۇلغاچقا، ھەممىنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلدى. چۈنكى ئانا ۋەتەن تۇپىسىنىڭ ھىدى مېنىڭ روھىي دۇنيارىم ۋە جىسمىدىن مانا مەن دەپ پۇراپ تۇراتتى.

— سىزنى يەنە بىر سۆيۈپ قوياي، — دېدى پروفېسسور، دوكتور كەرىمبايېۋ ئاكا، — سىزنى سۆيسەم ئاشۇ ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىمنى سۆيگەندەك بولىمەن. چۈنكى سىز شۇلارنىڭ ۋەكىلىسىز. مەن ئەنجان شەھىرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. دادام شۇ ئۇلۇغ قەشقەردىن چىققان. ۋەتەن تۇپرىقىنى كۆرگىنىم يوق. لېكىن مېنىڭ قان - قېنىمدا بىرلا نەرسە يەنى دادامنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت، يەنى ئۇنى بىر كۆرۈش، شۇ تۇپراقنى تۇتىيادىنمۇ ئەزىزلەپ كۆزۈمگە سۈرتۈش ئارزۇسى بار. مېنى تەتقىقات ئىنستىتۇتىمىزدىكى ۋە بىزنىڭ پۈتۈن ئالەم بوشلۇقى تېخنىكىسى ساھەسىدىكى پۈتۈن ئالىملىرىمىز ياخشى بىلىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنى مەن ئارقىلىق تونۇيدۇ. 40 يىل سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە روسىيە ئۈچۈن ئىشلىدىم. 20 دىن ئارتۇق دوكتور ۋە كاندىدات دوكتور تەربىيىلىدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن رۇسلار. نۇرغۇن خەلقئارالىق يىغىنلارغا قاتناشتىم. ھازىرمۇ قول ئاستىمدا 200 دىن ئارتۇق ئالىم ئىشلەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتساق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ روسىيىنىڭ ئالەم كېمىسى مەنسىز ئاسمانغا چىقمىغان. ئامېرىكا، فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەر مېنى يۇقىرى مائاش بىلەن ھەمكارلىققا تەكلىپ قىلىشۋاتىدۇ. لېكىن بىرلا نەرسىگە ئېچىنىمەن. تاكى ھازىرغىچە ئانا ۋەتەن ئۈچۈن بىرەر ئۇيغۇر بالىسىنى تەربىيىلەپ ئۇنى ئالەم تېخنىكىسى مۇتەخەسسىسى قىلىپ يېتىشتۈرەلمىدىم. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كاللىسىمۇ بۇنداق تېخنىكىغا ئىشلەيدۇ. ھازىرغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇشۇ كەسپى بويىچە ئۇنىغا يېقىن ئۇيغۇر ئالىمى تەربىيىلىنىپ چىقتى. ھازىر مەن بىلەن بىرگە دوكتور كامىلجان كەرىمبايېۋ، يەنى مېنىڭ چوڭ ئىنىم بىرگە ئىشلەيدۇ. ئىنىم بىلەن ئىككىمىز موسكۋادىكى بىر مەركەزدە ئىككى ئۇيغۇر ئالىم ئىشلەۋاتىمىز. شۇنچىلىك نۇرغۇن جۇڭگولۇقلار ئىچىدىن سىز

بىر ئۇيغۇر بولۇپ كەپسىز. ھەي ئىست، تارىخچى بولماي تەبىئىي پەن مۇتەخەسسىسى بولغان بولسىڭىز، مەن ئۆزۈملا سىزنى تەربىيىلىگەن بولاتتىم، — دېدى.

نارىمان مۇھەممەد ئوغلى قائىدە بويىچە مېھمانلارنى يەنە بىر قېتىم بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ چىقتى ۋە بۇ سورۇننى «چۆشلۈك چاي» زىياپىتى دەپ ئاتىدى. تونۇشتۇرۇشتىن قارىغاندا ئۇ، بۇ يەرگە موسكۋادىكى ئۇيغۇرلار-نىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت ئۆزى يېقىن ئۆتىدىغان ۋە دائىملىق مۇناسىۋەت قىلىدىغانلاردىنلا ئاشۇ 15كە يېقىن ئادەمنى يىغقانلىقىنى ئېيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالىملار بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز تەتقىقات ئورۇنلىرىدا بۆلۈم باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ...ەممىسى دوكتور ۋە كاندىدات دوكتورلار ...لۇپ، بىرقانچىسى پروفېسسور ۋە دوتسېنت ...دى. نارىمان يەنە بۈگۈنكى چايغا موسكۋا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاتوم يادرو تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ دىرېكتورى، فىزىكا پەنلىرى دوكتورى ئالكساندىر رەخمووۋنى ۋە باشقا يەنە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەيدىغان ئىككى ئۇيغۇر پروفېسسورنىمۇ تەكلىپ قىلغانلىقىنى، ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ بەك ئالدىراش ئىشى چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزرە ئېيتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

سۆھبەتلەر ئارىسىدا نارىمان مۇھەممەدنىڭ ئايالى گۈلبەھرەم ئۆيدە تەييارلىغان لەغمەن ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى ئەكىلىپ داستىخان راسلىدى. توققۇز ياشلىق قىزى ئىسكىرىپكا بىلەن بىرقانچە ئۇيغۇرچە مۇزىكا ئورۇنلاپ بەردى. ئۇماقىنە كەلگەن بۇ قارا قۇمچاق قىز موسكۋا شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ رويال چېلىش مۇسابىقىسىدە ئۆزى ئىشلىگەن مۇزىكىسىنى ئورۇنلاپ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىدى. موسكۋا تېلېۋىزىيىسى بۇ قىز ۋە بىرقانچە ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن مەخسۇس كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ھەم بۇ ھەقتە خەۋەرلەر بەرگەن. شۇنداق قىلىپ «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى» دىكى بۇ چۈشلۈك چاي ئاخىرىدا مەشرەپ تۈسىگە ئايلىنىپ بىرقانچە بوتۇلكىلارمۇ بىكار بولدى. كەيپىيات تېخىمۇ جانلىنىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا ھەر بىر ئادەم بىر قەدەھتىن كۆتۈرۈپ قىزىقچىلىق ۋە ياكى بىرەر شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشتى. جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى پروفېسسور ئابلەخەت قاھاروۋ قەدەھ سۆزى سۆزلەپ پۈتۈن موسكۋادىكى ئۇيغۇرلارغا ۋەكالىتەن شىنجاڭدىكى قېرىنداشلىرىدىغا، شۇنداقلا ماڭا بەخت ۋە نەتىجە تىلىدى، ئاندىن ئۇ:

— موسكۋادا ياشايدىغان، ھازىرچە ئېنىق بولمىغان ستاتىستىكىغا ئاساسەن مىڭ ئائىلە دەپ پەرەز قىلىنىشۋاتقان ئۇيغۇرلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان بۇ يەرگە كېلىپ، مۇشۇ يەردە ئوقۇپ، ئالاھىدە نەتىجە ياراتقانلىرى، قىسقىسى تاللانغان سەرخىللىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ تەركىبى ھەر خىل، يەنى ئاتاقلىق يازغۇچىلار، يۇقىرى دەرىجىلىك رەسساملار، ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرى، ئارتىسلار، شۇنداقلا زاۋۇت-كارخانا باشلىقلىرى ۋە ھەر خىل دۆلەت سىياسىي-مەمۇرىي ئورگانلار خادىملىرى، شەخسىي شىركەت ئىگىلىرى ۋە تېخنىك ئىشچىلاردۇر. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا موسكۋا، سانكت پېتربورگنىڭ ھەرقايسى ئىلىم ئورۇنلىرىدا 80 دىن ئارتۇق ئالىم (پروفېسسور، دوتسېنت، دوكتور، كاندىدات دوكتورلار) ئىشلەيدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ھەتتا خەلقئارا بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملاردۇر. بۇلار ئارىسىدا ئىككى ئۇيغۇر ئالىم نوبېل مۇكاپاتى لائۇرىياتىنىڭ نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلگەن. ئەزىز

دوگاشۋ، مۇرات ناسىروۋ قاتارلىق ئارتىسلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز موسكۋا، لېنىنگراد جۇملىدىن پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سەنئەت مۇخلىسلىرىنى ئۆزىگە مەھلىيە قىلدى ۋە قايىل قىلدى. مۇرات ناسىروۋ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ۋە روسسىيە بويىچە بىرقانچە قېتىم بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا سازاۋەر بولغان. ھازىر ئۇنىڭ ناخشا-مۇزىكا ئەترىتى — «يېڭى پورىت» موسكۋادا خېلى داڭق چىقارغان بولۇپ، مۇرات ناسىروۋ ئالدىنقى قاتاردىكى ناخشىچىلار سېپىگە ئۆتكەن. سپارتاك ئاخمېتوۋ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى موسكۋا كىتابخانىلىرىغا يېقىندىن تونۇشلۇق بولغان. قىسقىسى موسكۋا ئۇيغۇرلىرى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل-پاراستى بىلەن جامائەتنى قايىل قىلغان. ئەپسۇسكى سانسىزلىغان رۇسلار بىز ئۇيغۇرلارنى بىلمەيدۇ. ئاز ساندىكى بىلگەنلىرى بولسا بىزنى ئىنتايىن ئۇلۇغ، ئىلغار، ئەقىل-پاراسەتلىك مىللەت دەپ چۈشىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى موسكۋادا ياشىغان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز غۇرۇرى ۋە ئابروينى قاتتىق قوغدىغانلىقىدا بولسا كېرەك...

پروفېسسور قاھاروۋ سۆزىنى ئەمدىلا توختىشىغا ئىشىك چېكىلدى.

نارىمان مۇھەممەد ئوغلى بېرىپ ئىشىكنى ئېچىۋىدى — «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگىنىچە ئاۋئاتسىيە خادىمى فورمىسىنى كىيگەن بىر كىشى كىرىپ كەلدى.

— مانا، مانا ئاخىرى كەلدى، — دېدى نارىمان خۇشاللىق بىلەن، — سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇياق ئابلىكىم بولىدۇ. قازاقىستان ھاۋا يوللىرىنىڭ داڭلىق ئۇچقۇچىسى، يەنى ئايروپىلان باشلىقى.

ئوتتۇرا بويلۇق بۇ ئادەم يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭغا قەدەھ سۆزى بېرىلدى. ئۇ ساپ ئۇيغۇر تىلىدا، ھازىرلا ئالما-ئاتادىن ئۇچۇپ كەلگەنلىكى، بۈگۈن بىر كۈن دەم ئېلىپ ئەتە يەنە ئۇچۇپ كېتىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ بۇ سورۇنغا ئۈلگۈرۈپ كەلگىنىگە ئىنتايىن خۇشال ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلىدى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ بىلەن خېلى چىقىشىپ قالدۇق. ئۇ پاراڭ ئارىلىقىدا ماڭا قازاقىستان ئاۋئاتسىيىسىدە ئون ئۇيغۇر ئۇچقۇچى، 20 دەك كوتكۇچى قىزلارنىڭ بارلىقىنى، ئۈچ ئۇيغۇرنىڭ ھازىر ئايروپىلان باشلىقى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئىلگىرى سوۋېت ئارمىيىسىدە قىرغۇچى ئايروپىلان ھەيدەپ، كېيىن كەسىپ ئالماشقانلىقىنى، ھازىر ئىل — 86، تۇ — 154 ماركىلىق ئايروپىلانلارنى ھەيدەيدىغانلىقىنى، قىرغىزىستان ۋە ئۆزبېكىستان ئاۋئاتسىيىسىدىمۇ ئۇيغۇر ليوتچىك ۋە كوتكۇچى قىزلارنىڭ، شۇنداقلا تېخنىك خادىملارنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

مەن ئويلىنىپ قالدىم. پروفېسسور، دوكتور ئالېكساندىر رەخىموۋ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە بۈگۈنكى روسسىيىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ئاتوم يادرو تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، موسكۋا داشۆسىنىڭ ئاتوم يادرو تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى بوپتۇ، ئۇ قول ئاستىدىكى نەچچە يۈزلىگەن كۆچلۈك ئالىملارغا، روسسىيە ئاتوم يادرو تەتقىقات ساھەسىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپتۇ.

پروفېسسور، دوكتور تېلمان كەرىمبايىۋ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى (ھەم بۈگۈنكى روسسىيە) ئالەم بوشلۇقى تەتقىقات مەركىزىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، 200دەك ئالىمغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئالەم كېمىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. پروفېسسور، دوكتور دەمىر ساتتاروف لېنىنگرادتىكى پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئوپتىكا تەتقىقات مەركىزىنىڭ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، بۇ ساھەدە پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئەڭ داڭلىق ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ ئالىي ھۆرمەتكە سازاۋەر بوپتۇ. دوتسېنت، دوكتور قەھرىمان نامېشوۋ، موسكۋادىكى روسسىيە ئوپتىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا بۆلۈم باشلىقى ھەم لابورانت بولۇپ

ئىشلەپ، بۇ ساھەدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە موسكۋا قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور م. روزىن، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماتېماتىكا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى، پروفېسسور، دوكتور ناتالىيە تۇرسۇن قىزى، ئېلېكتروندۇق مېخە تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، پروفېسسور پولات ئاخمىتوۋ، تېمىر يازىۋ نامىدىكى يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلمىي خادىملىرى. دوتسېنت، دوكتورلار، ئاكا-سىڭىل شۆھرەت مۇتەللىپوۋ بىلەن مارىيە مۇتەللىپ قىزى ھەم ئاكادېمىيىنىڭ يەنە بىر ئالىمى دوكتور شەۋكەت ۋە مېدىتسىنا پەنلىرى دوكتورى پروفېسسور بۇرھان، شۇنداقلا باشقا نۇرغۇنلىغان ئىستىداتلىق ئالىملار يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئاتاقلىق دىرىژور پروفېسسور ئەزىز دوگاشىۋ كەبى ئارتىسلار، دۇنياغا داڭلىق ئاشۇ «بالشوي تېئاتىر» (چوڭ تېئاتىر) دا ئىشلەپ، بۇ تېئاتىر سەھنىسىدە ياۋروپا كىلاسسىك مۇزىكىلىرىغا-سىمفونىيىلىرىگە دىرىژورلۇق قىلىپ، پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى قايىل قىلىپ، بەش ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئارتىسى دېگەن نامغا سازاۋەر بولۇپتۇ. مۇرات ناسىروۋ پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە داڭقى كەتكەن ناخشىچىلارنىڭ بىرسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. لېنىنگرادتا ياش رەسسام ئازات مۇھەممەدشوۋ سەنئەت مۇخلىسلىرىنى قايىل قىلىپ ئۇيغۇر مىللىتىنى يىراق-يىراقلارغا تونۇتالاپتۇ. قىرغىزىستانلىق ئايتۇرغان تۆمۈر قىزى پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا داڭقى كەتكەن كىنو چولپىنىغا ئايلانغان بولۇپ، 20 دىن ئارتۇق فىلىمدا باش رول ئېلىپ دۆلەتلىك كىنو مۇكاپاتىغا سازاۋەر بوپتۇ. مەشھۇر مۇزىكانت، پروفېسسور قۇددۇس غوجامىياروۋ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە دۇنياغا داڭلىق مۇزىكانت بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ ھەمدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئارتىسى نامىغا سازاۋەر بوپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن موسكۋادىكى چوڭ تېئاتىردا مەخسۇس ئۇنىڭ مۇزىكىلىرىنى، سىمفونىيىلىرىنى ئورۇنلىتىپ تەبرىكلەپتۇ. ئەگەر بىز مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى نەقىل كەلتۈرسەك، مەخسۇس توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە پەقەت سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا داڭقى كەتكەن بىرقانچە ئالىملارنىلا مىسال قىلساق بولىدى. خالاس. پۈتۈن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۈچ ئۇيغۇر ئالىمى ئىجتىمائىي پەن ساھەسى بويىچە ئاكادېمىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. مەسىلەن: قىرغىزىستانلىق ئەزىز نارىنباييۋ، قازاقىستانلىق غوجەخمەت سادۋاقوسوۋ، مۇرات ھەمراييۋ، تەبىئىي پەن ساھەسىدىمۇ ئۈچ ئالىم شۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن پروفېسسورلار ئۆز جۇمھۇرىيەتلىرىدە ۋە سابىق س س س ر دا زور ئابرويغا ئېرىشكەن. 60 تىن ئارتۇق ئارتىس مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ خەلق ئارتىسى، خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىس نامىغا سازاۋەر بولغان. 20 دىن ئارتۇق رەسسام بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتلىرىغا ۋە پەخرىي ناملىرىغا سازاۋەر بولغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلىرىدىن سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ھاۋا، تانكا، قۇرۇقلۇق، ئىچكى ئىشلار تارماقلىرى بويىچە گېنېرال، پولكوۋنىك، پودپولكوۋنىك، مايور قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋاندىكى ئوفىتسېرلار كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە تۈركىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە باشقا جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئىستىداتلىق ئۇيغۇر كىشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا بىرمۇ-بىر سۆزلەپ بولالمايمىز...

پەقەت ئۆز-ئۆزۈمگە سوئال قويغۇم كېلىدۇ: بىز ئۇيغۇرلار راستىنلا چوڭ-چوڭ ئىشلارنى قىلالامدۇق؟ قالاقلىق، قاششاقلىق، بىزگە ئاللا تەرىپىدىن بەخش ئېتىلگەنمىدۇ؟ شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، ئۇيغۇر خەلقى دۇنيادىكى

ھېچقانداق ئىلغار ئىنسانلار تويپدىن قىلىشمايدۇ. ئۇلار شۇ باشقا ئىنسانلارغا تامامەن ئوخشاش، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆتمۈش زاماندىكىدەكلا ھەسسە قوشۇش ۋە يېڭىدىن-يېڭى شانلىق تارىخ يارىتىشقا ھەقلىق، بۇ تامامەن ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئۆزىنى ئاشۇ مىللەتكە سىڭىشتۇرۇش روھىلا كېرەك، خالاس. ئادەم ھەممىگە قادىر. دېمەك ئادەم شارائىتنى يارىتىدۇ. ئۆزى نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋانىڭ ساپ بولۇش-بولماسلىقى يەنىلا ئادەمگە باغلىق، ئىرادىسىز، قورقۇنچاق ئادەملەرگە مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىرادىسىز خەلققە ھېچ قاچان بەخت يار بولمايدۇ.

«ئۇيغۇر ناۋايخانىسىدىكى چۈشلۈك چاي» مەن ئۈچۈن قانچىلىك زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى يېزىپ ئولتۇرمايمەن. مېنىڭچە بۇ ھەر بىر ساۋاتلىق ئادەمگە ئايان. دېمەكچىمەنكى، بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردىمۇ ھازىرقى زامان ئىلىم-پېنىنىڭ ئەڭ ئىلغار، ئەڭ يېڭى تەپەككۇرىنىڭ ئىگىلىرى بار بولسىمۇ ئەمما 80 پىرسەنتتىن ئارتۇق كىشىلىرىمىز تېخىچە قالاق تەپەككۇر دۇنياسىدا ياشاۋاتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئېڭى ۋە ياشاش ئۇسۇلى تېخىچە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا. بۇ نېمىدېگەن زور پەرق-ھە؟! ھەددى ھېسابسىز يەر ئاستى بايلىقى ئۈستىدە ئولتۇرۇپمۇ تېخىچىلا ئەسكى جەندىلەردىن قۇتۇلالمىغان، چىرايىدىن نامراتچىلىق، بىچارىلىك چىقىپ تۇرىدىغان، سېپسىق تەر پۇراپ تۇرىدىغان ئادەملىرىمىزنىڭ سانى 80 پىرسەنتتىن ئارتۇق. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق سان-ھە! بىزگە ئوخشاش ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىدىن كۆپ ئارقىدا قالغان باشقا مىللەتلەر قانچىلىك؟...

نېمە سەۋەبتىن موسكۋا ۋە باشقا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى شۇنچە زور تۆھپىلەرنى يارىتالايدۇ-يۇ، بىز شۇلاردەك بولالمايمىز؟ شۇلارنىڭ قېنىدا ئاشۇ ئەقىللىق، بېجىرىم ئەجدادلارنىڭ گېنى تۆكمىگەن. بىراق، بىزدىچۇ؟... بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمىدە؟... ئىچكىرىلەپ ئويلىغانسېرى خىياللىرىم چىگىشلىشىدۇ. بولدى، بەس!

«ئۇيغۇر ناۋايخانىسىدىكى چۈشلۈك چاي» مېنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ «چاي»، مېنىڭ موسكۋانى تېخىمۇ چۈشىنىش، ئەنە شۇ ئۇيغۇر مىللىتىمنى تېخىمۇ سۆيۈش ئىستىكىمنى ئاشۇردى.

كەچ سائەت 10 لاردا «چاي» تارقاپ ھەممە تەرەپ-تەرەپلەرگە، ئۆيلىرىگە قايتىشتى. يەر ئاستى پويىزىنىڭ تېز سۈرئەتتە يېنىك سىلكىنىشىگە ئەگىشىپ ئولتۇرۇپ ناريمان مۇھەممەد ئوغلىنىڭ «ئۇيغۇر ناۋايخانىسى»دا بولۇپ ئۆتكەن بۈگۈنكى «چاي» زىياپىتى ۋە ئانا ۋەتەندىكى سانسىزلىغان ئۈستى چەللە بىلەن يېپىلغان، قاپقاراڭغۇ ناۋايخانىلار، چايخانىلار، ناۋايلارنىڭ دوزاختا ئوخشاش كۆيدۈرگۈچ ئوتنىڭ تەپتىدىن قىزارغان، قىپقىزىل يۈزلىرى، توختىماي شورۇلداپ قۇيۇلۇۋاتقان مۇنچاق-مۇنچاق تەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كىرلىشىپ كەتكەن ئۈستى-باشلىرى، ئىشلەتكەن قاپقارا لۆڭگىلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ھەممىسى ئوخشاش بىر ئۇيغۇر بولسىمۇ ئۇلارنىڭ روھى، ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشىغىچە پەرق ھەقىقەتەن زور ئىدى. ئۇلار، ئۆزلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى كېسەللىكلەرنى داۋالاپ، كىرلىرىنى يۇيۇشقا قولى بارمامدىغاندۇ؟ ياق. ئۇلار خۇددى پەرۋانە پاكى سۇمرۇغتەك 100 گرادۇس قىزىق ئوتقا ئۆزىنى تۇتۇشقا رازى. دېمەك، ئۇلارنىڭ روھى ئاشۇ ئوتتىنمۇ كۈچلۈك.

ئەمما ئۇلار مەڭگۈگە ئاشۇ تونۇرغا قول بولۇشقا شۈكرى قىلىشىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئاشۇ ئوتتىن كۈچلۈك روھ بىلەن ئۆزىنى تونۇردىن ئازاد قىلىشنى ۋە پاكى ئۆز خەلقىگە ئاشۇ ئۆزلىرى ياققان شىرمان نانلاردەك قۇۋۋەت بولۇشنى خالىمايدۇ.

بۇ نېمە ئۈچۈن؟... زادى نېمە ئۈچۈن؟!...

## ئۈزۈلمەس مۇقام ساداسى

موسكۋانىڭ تىۋېرسكى كوچىسىغا جايلاشقان مەركىزىي پوچتىخانىنىڭ تېلېگراف بىناسىدا 1991-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە گەپ-سۆزلەر ياڭرىدى. تېلېفون كۈتۈش زالىدا تېلېفونىستلارنىڭ «ئۈرۈمچى!»، «ئۈرۈمچى!» دەپ چاقىرغان ئاۋازلىرى باشقا دۆلەت ۋە شەھەرلەرنىڭ نامىنى چاقىرغان ئاۋازلىرىدىن ئېشىپ كەتتى. پوچتىخانا خادىملىرىنىڭ تىلى ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاتۇش، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلىرىمىزنىڭ نامىغا خېلىلا كۆنۈپ قالدى. رۇس تېلېفونىست قىزلار بۇ ئىبارىلەرنى ئانچە قىينالمايلا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيغۇر تەلەپپۇزدا ئىشلەتكەچكە دەرھاللا ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇيغۇر قىزلىرى كېلەتتى. سۆزلىشىش نۆۋىتىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان ھەر دۆلەت، ھەر ئىرقتىكى ئادەملەر بۇ ئىبارىلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئىگىلىرىگە قىزىقسىنىپ قارىشاتتى.

تۇرمۇش ئىرىكچىلىكى يولىدا تىجارەت مەقسىتى بىلەن بۇ شەھەرگە كېلىشكەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئانا ۋەتىنىگە بولغان سېغىنىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسى ئىنتايىن چوڭقۇر ھەم كۈچلۈك كېلىدۇ. ئۇلار كۈندە دېگۈدەك مانا مۇشۇ پوچتىخانىغا كېلىشىپ ئۆز يۇرتلىرىدىكى ئاتا-ئانىلىرىغا، خوتۇن-بالىلىرىغا تېلېفون بېرىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋە يۇرتىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇشنى ئادەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار بەس-بەستە سودا ئۇچۇرى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئادىتى بويىچە بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئانچە-مۇنچە تىللاپ تۇرۇشقىنى بىلەن بىر يەرگە جەم بولسا، بولۇپمۇ بۇ پوچتىخانىدا ئۇچراشقاندا ئۆز ئارا ئەھۋال سورىشىپ، چاقچاقلىشىپ يېقىن ئاغىنىلىرىدەك مۇئامىلە قىلىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە يەنىلا ئۆزلىرى بىلىدىغان «دەردى» يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ دەردلەرنىڭ تۈپ ئاساسى يەنىلا ئۆز ئارا كۆرەلمەسلىك ۋە ھەسەتخورلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، لېكىن ئۇلار بۇنى ھەرگىزمۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىدۇ. ئۇلار سودىدىن سىرت پاراڭلىرىدا دۇنيانىڭ كۈندىلىك سىياسىي ۋەزىيىتى، مۇسۇلمان دۇنياسى بىلەن ياۋروپانىڭ ئۆز ئارا ئىقتىسادىي، دىنىي پەرقى، مەركىزىي ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئۆزگىرىش ۋە جۇڭگونىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ كېلەچىكى ھەم تارىخى توغرىسىدا ئۆزى بىلگىنىچە تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ. ئايلىنىپ، چۆرگىلەپ دۇنيادا ئۇيغۇر مىللىتىدەك ئۇلۇغ مىللەت يوق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدەك ياخشى ئۆرپ-ئادەت يوق، ئۇيغۇرلار تارىختا دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى مەدەنىيەت ياراتقان. مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار كىتاب يازغان چاغلاردا رۇسلار تېخى ئىشتان كىيىشنى بىلمەيتتى. بىز ھازىر قالاق، مەدەنىيەتسىز، ئىتتىپاقسىز، پەقەت ئۆز ئارا بىر-بىرىمىزگىلا كۈچىمىز يېتىدۇ، دېگەندەك خۇلاسىگە كېلىشەتتى. قەشقەرلىك قەشقەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدىن پەخىرلەنسە، ئاتۇشلۇق ئۆز يۇرتىنىڭ تارىختىكى ئورنىدىن ھەمدە ھازىرقى ئاتۇشلۇقلارنىڭ ھەرقايسى جەھەتتە ئۇيغۇرلاردىن چىققان «يەھۇدى» ئىكەنلىكىدىن سۆز ئېچىپ ئۆزلىرىنى ئۇچۇرسا، غۇلجىلىق يېقىنقى زامان تارىخىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ماختىناتتى. ئۇنداق تالىشىپ، مۇنداق تالىشىپ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاشلا ھەممىلا يەردە قېقىندى-سوقۇندى بولۇپ يۈرۈشىدىكى سەۋەب ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىدىن، چېچىلاڭغۇلۇقىدىن بولغانلىقىنى ھۆكۈم قىلىشاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلار بۇنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى خۇيىنى تاشلىيالمايتتى. ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. بىر كۈنى مەلۇم بىر مەشھۇر رۇس ئۇيغۇرشۇناسى، ئۇيغۇر تارىخى ۋە تىلى مەسىلىسى ئۈستىدىكى ئىلمىي مۇزاكىرىسىدە ئۆز نۇقتىنەزەرلىرىنى بايان قىلىۋېتىپ، دېگەنلىرى ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكى، ئۇنىڭ ئورتاق، مۇستەھكەم يۇرتۋازلىق پسىخىكىسىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدا، باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلاردا ئالاھىدە ئېغىر. ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتۋازلىق پسىخىكىسى

ھەرقاچان ئۇلارنىڭ ئورتاق روناق تېپىشى، ئورتاق گۈللىنىشىگە ۋە باشقا نۇرغۇن مۇھىم ئىشلىرىغا توسقۇن بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ بەختى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىدىن ھەددىدىن زىيادە پەخىرلىنىش ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى مەۋجۇت ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى يەنىلا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار خەلق ھېسابلاش روھىنىڭ ھەر بىر قانائەتچان ئۇيغۇرنىڭ قەلب قېتىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنلىكىدە. ئەگەر زامانىۋى ئەقىل-پاراسەت بىلەن مۇشۇنداق روھ بىرلەشسە، ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق روھى بىلەن بىر مەقسەت ئۈچۈن ئۆزلىرىنى تەشكىللىيەلىسە، ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ روھىيىتىدىكى بارلىق كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ، پارلاق كېلەچەككە قاراپ ماڭغان بولاتتى! ...

1993-يىلى ئەتىيازدا ئۆزبېكىستانغا ئىلمىي مۇھاكىمىگە بارغان چېغىمدا تاشكەنتنىڭ «مۇستەقىللىق مەيدانى»دا كېتىۋېتىپ تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان بىر ئۆزبېك شەرقشۇناس پروفېسسور، مەركىزىي ئاسىيا تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئۆتمۈش ۋە بۈگۈنى توغرىسىدا مېنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىپ «دۇنيادا ئۆز مىللىتىنى، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيمىگەن ئادەمنى قانداقسىگە ئادەم دېگىلى بولسۇن؟! مېنىڭ قارىشىمچە دۇنيادا ئۆزبېكىستانىمدەك ئۇلۇغ جاي يوق، مەيلى ئامېرىكا، مەيلى شۋېتسارىيە ۋە ياكى يەنە باشقا كاتتا جاي يەنىلا مېنىڭ قەدىردان ئۆزبېكىستانىمدەك ئەمەس. چۈنكى ئۆزبېكىستان مېنىڭ شۇنداقلا ئەجدادلىرىمنىڭ قېنى تۆكۈلگەن مۇقەددەس ئانا تۇپرىقىم. بىزلەر ئىلگىرى سەمەرقەندلىك، بۇخارالىق، تاشكەنتلىك، نامەنگەنلىك دېيىشىپ، بىر-بىرىمىزگە نەپرەت-كۆزلىرىمىز بىلەن قاراشقانىكەنمىز. شۇنىڭ بەدىلىگە بىزلەر خارابلاشتۇق. ئەڭ ئاخىرىدا مانا بۈگۈن ئاران دېگۈدەك ئۆز ئەركىمىزنى قولىمىزغا ئالدۇق. مەگەركى، ھازىر كىم سەن ئۇ يەرلىك، مەن بۇ يەرلىك دەپ يۇرتۋازلىق قىلسا، مەن شۇنى مىللىتىمنىڭ دۈشمىنى ھېسابلايمەن» دېگەنىدى. ئۇ يەنە غازىرىسىنى كۈچلۈك بىر شورىۋېتىپ:

«ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ خەلق، بىزلەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىردۇر. ماڭا قارالڭ، بىز ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى * 100 چۈشىنەلەيمىزكەن. بۇ يەردە ھېچكىم سىزنى ئۇيغۇر دېمەس، بەلكى مەن سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلارغا بارسام مېنى كىشىلەر ھېچ ئۆزبېك دېمەس، قىسقىسى بىر-بىرىمىزنى ئۆز كۆرەرمىز، خالاس. كەچۈرۈڭ، دوستۇم بىر گەپنى سىزگە ئېيتقۇم بار. سىلەر ئۇيغۇرلار نېمانچە ئىتتىپاقسىزلەر، تۈت ئۇيغۇر بىر-بىرىنىڭلارنىڭ كۆتىنگلەرنى كولايسىلەر. شەخسىي مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن بىر-بىرىڭلارنى ساتىسىلەر، سىلەردە ھەسەتخورلۇقتىن باشقا نەرسىلەر جۇدە كەم ئىكەن. تاشكەنتتە يۈرسەم ئۇيغۇر ئورتاقلىرىم (دوستلىرىم دېمەكچى) قاتمۇ-قات زىددىيەتلەرگە تولغانتى. ئالمۇتەغە، بىشكەككە بارسام ئۇ يەردىمۇ بىر-بىرى بىلەن تالىشىپ، بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ يۈرۈشكەن ئۇيغۇرلارنى كۆردۈم. تۈركىيە، سەئۇدىي ئەرەبىستانى ۋە باشقا جايلاردىمۇ ھەم شۇنداق. مېنىڭچە سىلەر ئۇنداق قىلمىساڭلار بولار ئىدى. ئۆملۈك بولمىغان مىللەتتە قانداقمۇ ئىستىقبال بولسۇن؟! ... مېنىڭچە بۇنىڭ بىرلا سەۋەبى باردۇر، يەنى سىلەرنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىڭلار جۇدە كۈچلۈك، ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى جۇدە كەم. بىز ئۆزبېكلاردىمۇ شەخسىيەتچىلىك ئېغىر، لېكىن بىزلەر بۇنى تۈزىتىمىز. چۈنكى بۇ بىزدەكى دۆلەتلىك ئىسلاھات پىلانىنىڭ بىر قىسمى. سىلەردە بولسا ئۆزۈڭلەرگىلا خاس خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، ئۆزۈڭلەرنى ئويغىتالىساڭلار سىلەر روناق تاپالايسىلەر» دېگەنىدى.

ھەقىقەتەن بۇ ئالىملار دېگەنىدەك ساناپ ئولتۇرساق ئاخىرى چىقمايدىغان بىزدىكى تۈگىمەس زىددىيەت ۋە ئۇرۇشلارنى ئىللەتلىرىمىزنىڭ ئۆز تەقدىرىمىزنى قانچىلىك پاجىئەلەرگە دۇچار قىلغانلىقىنى، بۇ پاجىئەلەردىن ئىللەتلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىپ، گوياكى شىپاسىز كېسەللىك كەبى مىللىتىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى خارابلاشتۇرۇپ، ئاجىزلاشتۇرۇپ ھەم خۇنۇكلەشتۈرۈپ بېرىۋاتقىنىنى ھەر بىرىمىزگە بەكمۇ ئايان.

ئالىملار مىللىتىمىزنىڭ بۈيۈك نامى «ئۇيغۇر»

دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى ھەر خىل يېشىپ چۈشەندۈرۈپ كۆرۈپ ئەڭ ئاخىرىدا «ئىنتىپاقلىق»، «ئۆيۈشقاق» دېگەن مەنىلەرنى مۇقىملاشتۇرغاندا «بۇ مىللەتنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدە بۇ مەزمۇنلار بارمۇ-يوق؟» دېگەن سوئاللارنى قويۇپ كۆرگەن بولغىيمىدى؟ مېنىڭچە «ئىنتىپاقلىق»، «ئۆيۈشقاق»، «بىرلىك» دېگەندەك مەنىلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن نام بىلەن ئاتالغان مىللەت دۇنيادا پەقەت بىرلا بىزنىڭ سۆيۈملۈك مىللىتىمىز بولسا كېرەك. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ نامغا بىز ھازىر مۇناسىپ ئەمەس!

بىزنىڭ ئېتنىك تەركىبىمىز ئۆزىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن بىزنى ئەقىللىق كېنېتىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ بىزنىڭ بۈگۈنكىدەك زىددىيەتلىك روھىي دۇنيارىمىزنى ۋە مىللىي پىسخىكىلىرىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. قوپال قىلىپ ئېيتقاندا، ساۋاتسىزلىق، قاششاقلىق، ھەددىدىن زىيادە كەمبەغەللىك قاتارلىق تەرەپلەر قوشۇلۇپ، بىزنىڭ زىددىيەتۋاز خاراكتېرىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئەپسۇسكى، ساۋاتسىز ئاھالىمىز بىر چەتتە قايرىلىپ قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىنى داۋالىغۇچى بولغان زىيالىيلىرىمىز، يازغۇچىلىرىمىز، ئالىملىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز، مەمۇرىي خادىملىرىمىزمۇ زىددىيەت ئالىمىغا غەرق بولۇشتى (ئەلۋەتتە بۇنداق كىشىلەر قىسمەن بولۇپ، ھەممىنى دېمەكچى ئەمەسمەن). يۇرتۋازلىق يەتمىگەندەك تېخىمۇ زىغىرلاپ گۇرۇھۋازلىق قىلىشىپ، بىر-بىرىگە ئورا كولاپ، بىر-بىرىنى گۆرگە تىقىشنىڭ، پۇتلاشنىڭ غېمىنى قىلىشتى. بۇ يولدا قوللىنىلغان بەزىبىر رەزىل ۋاستىلەرنى ئېيتىشقا ئادەم نومۇس قىلىدۇ، ئۇ ۋاستىلەر شۇنچىلىك قەبىھكى، «ئاقنى قارا، قارىنى ئاق» قىلىپ بىر-بىرىگە ئەشەددىي بەتنام چاپلايدۇ. بۇ بەتناملار ھەتتا بىر-بىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشى، شەخسىيىتى، ئىجتىمائىي سالاھىيىتى، سۆز-ھەرىكىتىگىچە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇنىڭ تۈپ مەنبەسى نېمە، دېگەن سوئالنى قويغاندا «شەخسىي مەنپەئەت» دەپ جاۋاب بېرىش مۇمكىن. «قۇربان بېرىش روھى» بولمىغان ئادەمدىن ۋاپا، ساداقەت ۋە ياخشىلىقمۇ كەلمەيدۇ. بۇنداق ئادەملەردىن تەركىب تاپقان بىر مىللەتتە ئابرۇيمۇ بولمايدۇ. بىز ئۇيغۇرلاردىكى «سۇ بېشىدىن لاي بولىدۇ» دېگەن ماقالنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاڭلىق ئادەملىرىمىز ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، كۆز يۇمۇۋېلىشى، ئەكسىچە كۆر مىڭلىغان ساۋاتسىز خەلقنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى كېسەللىكلەرنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. فرانسۇزلار، ئىنگلىزلار، ياپونلار، رۇسلار، تۈركلەر ۋە نېمىسلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىش روھى ھازىرچە تېخى بىزگە تولۇق ئايان بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ شانلىق ئىجادچانلىق، ئەركىنلىك سۆيەر، ئۆزىنى قۇربان بېرىش روھى بىزگە ناتونۇش ئەمەس. بىز ھەر ۋاقىت، ھەر مىنۇت ئۆزىمىزنى ئاشۇ كۈچلۈك، قۇدرەت تاپقان مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇشىمىز كېرەك. مەن بەزىدە شۇنداق ئارزۇ قىلىمەن.

مېنىڭ سۆيۈملۈك خەلقىم، مىللىتىمنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆز كېلىچىكىگە گۆر قېزىۋاتقان ئاشۇ ئىنتىپاقسىزلىق، شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق ئىللەتلەر بىراقلا يوقالسا، مىللىتىم دۇنياغا قايتىدىن بىر تۆرەلگەن بولسا-ھە!

لېكىن مەن نېمە ئۈچۈندۇر يەنە بۇ كېسەلچان مىللىتىمنى بەك ئەيىبلەشنى خالاپ كەتمەيمەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا يەنىلا ئالىيجانابلىقنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىمەن. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئاجايىپ ئەقىل-ئىدراكنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. بەزىدە ئۇنىڭدىكى شەخسىي رىقابەت ئىجابىي رولمۇ ئويناپ قالىدۇ. ئۇ يەنىلا قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي رىقابەت روھىنى چىڭ ساقلىغانىدى.

تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى، تارىخنىڭ تەكرارلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى. قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئوينىغان ئۇلۇغ رولىنىڭ

بىۋاسىتە ۋارىسى سۈپىتىدە 20-ئەسىردە بىزنىڭ ساۋاتسىز تىجارەتچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ «ئىرسىيەت خاراكتېرلىك سودا تالانتى» نى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. بىزنىڭ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىمىز ئاغزىدىن قوپال ئىبارىلەرنى ياغدۇرۇپ تۇرۇپ، ھەتتا بىر-بىرى بىلەن مۇشتلىشىپ يۈرۈپ، بىر مەھەل موسكۋانىڭ مەركىزىي پوچتا ئىدارىسى ۋە موسكۋادىكى «ئۆزبېكىستان»، «باكۇ» غا ئوخشا ش ئاساسلىق رېستورانلىرىنىڭ دائىملىق خېرىدارلىرى بولۇپ قالدى. كىيېۋسكى، يارۇسلاۋسكى، قازانسكى، لېنىنگرادسكى پويىز ۋوگزاللىرىنى، شېرمېتىۋا، دامادېدوۋا، ۋنۇكوۋا قاتارلىق خەلقئارالىق ۋە ئىچكى ئايروپورتلىرىنى كونترول قىلدى. «ئۆزبېكىستان» رېستورانىنىڭ ئالدىدىكى «گۈلزارلىق كوچا» نىڭ چىرايلىق تۆمۈر رىشاتكىلىرى ئۈستىدە خۇددى دۆككۈۋۈرۈكتە ئولتۇرۇشقاندەك تاماكىلىرىنى پۇرۇلدىتىپ چېكىشىپ توپ-توپ بولۇپ ئولتۇرۇشتى. «ئۆزبېكىستان» رېستورانىدا ئۇيغۇر مۇقام كۈيلىرى ياڭرىدى. رېستورانىنى ئۇيغۇرچە پاراڭلار قاپلىدى. بۇ جاي بىراقلا پۈتۈن دۇنيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ (ئاساسلىقى تۈركىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ) ئۇچرىشىدىغان مەركە-زىگە، شۇنداقلا پۈتۈن چېچەن، گىرۇزىن، ئەزەربەيجان، ئۆزبېك، رۇس مافىيلىرىنىڭ «تىجارەت تەقدىرى» نى پىچىدىغان مەركىزىگە ئايلاندى. بىزنىڭ ئاشۇ ئۆز ئات-جۇنىنىمۇ تۈزۈك يازالمايدىغان تىجارەتچىلىرىمىز ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچنى تاقىلدىتىپ ئۇرۇپ ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالغان چالا-پۇلا رۇسچە گەپلەر بىلەن ھەر خىل ئىما-ئىشارەتلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، رۇس تىللىق كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتى ياكى يەرلىك سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ۋە ياكى ئۆزبېك باللىرىنى تەرجىماللىققا ياللاپ ئىشلەتتى. موسكۋادا ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار، ئۆزبېكلەر، تۈركمەنلەر، ھەتتا قازاقلارمۇ موسكۋاغا كېلىشىپ بۇ رېستورانلارنىڭ ئالدىغا توپلىشىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ سودا تورى تېخىمۇ كېڭىيىشكە يۈزلەندى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدى. قىزىق يېرى شۇكى، ۋوگزالغا ياكى ئايروپورتقا بارسىڭىز ئۇ يەردىكى خادىملار ھەتتا ساقچىلارمۇ بىر قاراپلا ئۇلارنى تونۇۋېلىپ، ئىللىق مۇئامىلە قىلىشىدىغان بولدى. بۇ تىجارەتچىلەر ماللىرىنى دەسلەپ شەرققە — بېيجىڭغا ماڭدۇردى، بۇ يول ئېتىلسە غەربكە، ۋارشاۋا، سوفىيە، بۇداپېشت، پىراگالارغا ماڭدۇرۇشتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمى تەگمىگەن جايلار يوق دېيەرلىك ئىدى. ياۋروپا شەھەرلىرى ۋە يول ئۈستىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شەھەرلىرىدە، رومىنىيىنىڭ چۆللىرىدە، ئوكرائىنانىڭ پاتقاقلىق سازلىقلىرىدا، بېلورۇسىيىنىڭ ئورمانلىرىدا، ۋارشاۋانىڭ ئەتىرگۈللۈك كوچىلىرىدا، سوفىيىنىڭ ۋوگزاللىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى قالدى. بىر ئىش ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىر كۈنى بىر تونۇش تىجارەتچىنىڭ ئۆيىگە باردىم. بۇ ئۆيگە ئۈرۈمچىدىن، قەشقەردىن چىققان يەتتە-سەك-كىز ئادەم يىغىلىپ قاپتۇ. قىزغىن پاراڭلار بىلەن ئولتۇرۇشتۇق. قەشقەرلىك بىر ھاجىم بازار ئەھۋالىنى سۆزلەپ كېلىپ، يېڭى بازار ئېچىشنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر ياشانغانراق ھاجىم سومكىسىدىن پۈرلىشىپ كەتكەن دۇنيا خەرىتىسىنى چىقىرىپ بۇنى ئۈستەل ئۈستىگە يايدى-دە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن چېگرىداش دۆلەتلەرنى، ئۇلار بىلەن تۇتىشىدىغان يوللارنى ئىزدەشكە باشلىدى ۋە تۆمۈر يول بولماي قالسا، تاشيول بىلەن ھال يۆتكەيدىغانلىقىنى، بۇمۇ بولمىسا دېڭىز ئارقىلىق يۆتكەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. دېمەكچىمەنكى، بۇ بوۋاي خەرىتىدىكى خەتلەرنى ئوقۇيالمايتتى، ئەمما شۇ خەرىتىدىكى بەلگىلەر ئارقىلىق، تۆمۈر يول، تاشيول-لارنى پەرق ئېتەلەيتتى. ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يول تاپالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئىزدىنىش روھى ھەر قانداق ئادەمنى قايىل قىلاتتى. دېمىسىمۇ شۇ كۈنلەردە بۇ ئادەملەر ئىستىخىيىلىك تۈردە بولسىمۇ موسكۋانى مەركەز قىلىپ ئۇنى شەرقتە سىبىرىيە

ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق جۇڭگو بىلەن، غەربتە شەرقىي ياۋروپا بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئەكىلىپ كىچىك ئاسىيا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلى، جەنۇبىي ئاسىيا شۇنداقلا ئىستانبول ياكى سوفىيە ئارقىلىق سىنگاپورغا، سىنگاپور ئارقىلىق شياڭگاڭ، ياپونىيە، تايلاند، مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەرنى تۇتاشتۇرۇپ ياۋروپا-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ چوڭ بىر سودا چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇيغۇرلار ھەر خىل سودىدىن تەركىب تاپقان بۇ ھازىرقى زامان «يىپەك يولى» بىلەن ياۋروپا-ئاسىيانىڭ ھاۋا بوشلۇقىنى، قۇرۇقلۇقىنى تۇتاشتۇرۇپلا قالماي، تىنچ ئوكيان، ھىندى ئوكيان، كاسپىي دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزلاردا ئۈزدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئۇيغۇرلار گەرچە ئاللىقاچان موسكۋانى تاشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەسىرى خېلى ئادەملەرنىڭ ئېڭىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى.

بىر كۈنى كاۋكازلىق ساۋاقدىشىمنىڭ دېسسېرتاتسىيە ياقلىغان چاي سورۇنىدا بىر چېچەن بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇ مېنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، مېنى قۇچاقلاپ سۆيدى ۋە «ئۇلۇغ مىللەت، ئۇيغۇرلار بەك ئۇلۇغ مىللەت، پۈتۈن چېچەنلەر ئۇيغۇرلارنى بىلىدۇ. شۇنداق داڭلىق چېچەن مافىيەسىنى مافىيە قىلىپ قويغان ئاشۇ ئۇيغۇرلار ئىدى. چۈنكى موسكۋانىڭ چوڭ سودىلىرىنى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار قىلغان. چېچەنلەر ئۇلاردىن باج ئېلىپ پۇل تاپتى. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئەينى ۋاقىتتا موسكۋادا سىلەر ئۇيغۇرلاردەك چاققان تىجارەتچىلەر يوق ئىدى» دېدى. بىز خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. گەپ ئاساسەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدا بولدى. ئاخىرىدا ئۇ يەنە: «يامان يېرى ئۇيغۇرلار ئۇيۇم ئەمەسكەن، ئۇلاردىن بىر نەچچىسىلا بىرگە شېرىك بولۇپ سودا قىلىشىدۇ. ئەمما ئازراقلا پايدا كۆرىدىغان ئىش بولسا بىر-بىرىنى ساتىدۇ. بىر-بىرىنى كۆرەلمەي، باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئاچچىقىنى چىقىرىدۇ. ئەگەر ئۇلار كۆڭۈللىرىدىكى كۆرەلمەسلىك، ئاداۋەت ئۇرۇقلىرىنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئىنتىپاقلىق، ئۈملۈك ئاساسىدا ئورتاق تىجارەت قىلغان بولسا تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپاتتى. بىز چېچەنلەر ئۇيۇم، بىزنىڭ ئالىملىرى تەربىيىمىزگە «چېچەننىڭ ھەممىسى قېرىنداش، ئۈملۈك بولسا ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ» دېگەن ئەقىدە سىڭدۈرۈلگەن. بىزدە ئەگەر بىر-بىرىگە خائىنلىق قىلسا ئۇنى ھېچكىم كەچۈرمەيدۇ. ھېچكىم ئۇنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدۇ. ئۇنى ھەر خىل يوللار بىلەن جازالايدۇ. قاراڭ، روسىيىدە چېچەن مەسىلىسى ئاخىرى دەھشەتلىك ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چېچەن خەلقى ئۆزىنىڭ قەيسەرلىكى، ئىنتىپاقلىقى، شۇنداقلا سىللەت يولىدا جانىدىن كېچىش روھى بىلەن ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ۋە قۇدرەتلىك، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار قوراللار بىلەن قوراللانغان 200 مىڭدىن ئارتۇق رۇس ئارمىيىسى بىلەن تېخىمۇ-تىغ جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىپ، دۇنيادا ئادەم ۋە قورال كۈچى بىلەن ھەممىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى» دېدى.

ئەلۋەتتە، شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، دۇنيادا ئۆزىنىڭ مىللىتىدىن پەخىرلەنمەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. بۇ چېچەن يىگىت مېنىڭ مىللىتىمنىڭ ئۆتمۈشىنى، تارىخىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ مىللەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرنى سەزگەنلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى ماختىغانىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ كەمچىلىكىنى سەزگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن يۈزمۇ-يۈز ماڭا ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئەمما ئەينى چاغدا بۇ مېنىڭ غۇرۇرۇمغا تەگكەنىدى. چۈنكى ئۇ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، مېنىڭ مىللىتىمنى ماڭا تەنقىدلەپ بېرىشى توغرا ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆز مىللىتىدىن قانداق پەخىرلەنگەن بولسا مەنمۇ ھەم ئۆز مىللىتىمدىن شۇنداق پەخىرلىنەتتىم. لېكىن كېيىن يەنە شۇنىڭغا قايىل بولدۇمكى، ئۇ بەربىر ھەقىقەتنى سۆزلەۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پسىخىكىسى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ پسىخىكىسىنى سېلىشتۇرغۇم كەلدى. خۇلاسەم شۇ بولدىكى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قېنىدا خۇددى لىغۇتۇلۇك قاتارلىق جۇڭگو ئالىملىرى ۋە رۇس ئالىمى ن گۇمىلىۋ قاتارلىقلار ئېيتقاندەك ئۇرخۇن

ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر قاغانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن بۇرۇنقى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق روھى ئازلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا تىجارەت، دېھقانچىلىق قىلىپ، بىر يەردە ئولتۇرۇپ تىرىكچىلىك قىلىش، تىنچ، خاتىرجەم ياشاپ مەدەنىيەت يارىتىش پىسخىكىسى شەكىللىنىپ قالغانىدى. ئۇيغۇر مىللىتى ئەسلىدە ئىنتايىن باتۇر، ئەركىنلىك سۆيەر، ئىنتايىن ئۇيۇم، ئىناقلىقى كۈچلۈك، ئۇيۇشقاق مىللەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ھون ئىمپېراتورلۇقى، قاڭقىل دۆلىتى، ئۇيغۇر قاغانلىقى، قاراخانىلار سۇلالىسى، تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى، گەنجۇ دۆلىتى، سەئىدىيە خانلىقى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنى بەرپا قىلالىغان ئىدى. بۇ دەل ئەنە شۇ باتۇرلۇقنىڭ، ئىتتىپاقلىقنىڭ، قانلىق جەڭلەرنىڭ، شۇنداقلا قۇربان بېرىشلەرنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇنداق شانلىق ئەنئەنىمىزنى يوقاتقاندىن باشلاپ، ئۇيغۇر مىللىتىدە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئېچىنىشلىق ئىللەتلەر پەيدا بولدى. بۇ ئىللەتلەر ئەمدىلىكتە بولسا كۆپەيمەكتە. دېمەك، بۇ ئىللەتلەرنىڭ تۈپ سەۋەبى ئاشۇ تارىخىي ئەنئەنىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىدا، بىزنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنى ئۈزۈپ قويغانلىقىمىزدا ئىدى.

مانجۇ خانلىقىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ۋادىسىدا ئۇزۇن مۇددەت قاپسىلىپ قېلىپ ياشىشى، مانجۇ خانلىقى ۋە ياڭ زېڭشىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قاتارلىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقلار ئۇيغۇرلارنى زوراۋانلىق بىلەن دەھشەتلىك باستۇرۇپ ۋە ھىيلە-نەيرەڭلىك ۋاسىتىلىرى بىلەن كونترول قىلىپ ئۇلارنى ئۆز ئەتراپىدىكى سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىلىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، «نادان قالدۇرۇش» تەك بېكىنمىچىلىك سىياسىتىنىڭ كۈچىنى كۆرگەنىدى. يېقىنقى كۈنلەردە بەزىلەر ئۇيغۇرلارنى «بېكىنمىچىلىك» ۋە «يۆلىنىۋېلىش» پىسخىكىسى كۈچلۈك مىللەت دەپ قاراپ، بۇنىڭ تۈپ سەۋەبىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويدى. مېنىڭچە ئۇيغۇرلار ھەرگىزمۇ «بېكىنمە-چى» مىللەت ئەمەس. چۈنكى بۇنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ چىڭ خاندانلىقىدىن ئىلگىرىكى تارىخى ئىسپاتلاپ بەرگەن. مەنىۋى ئالىمىمىزنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن تارىخىمىزدىن بۇيان ھەر خىل دىنلارنى قورقماي قوبۇل قىلىشىمىزمۇ، بىزنىڭ ئەسلىدىن بېكىنمىچى خەلق ئەمەسلىكىمىزنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىكى ھۆكۈمرانلارلا بىزنى مەنپەئەت تالىشىپ، بىر-بىرى بىلەن بوغۇشۇپ، جاھالەتتە، قالاق، مەدەنىيەتسىز ياشىسۇن دېگەن مەقسەتتە ھەر خىل چارە-تەدبىرلەر بىلەن بېكىندۈرۈپ قويغان. ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن بۇنداق سىياسەتنى يۈرگۈزۈشتىكى مەقسەت ئۇنى تولۇق كونترول قىلىپ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا زەئىپلىك، تەسلىمچىلىك، قورقۇنچاقلىق، نەپسانىيەتچىلىك ۋە قانائەتچانلىق پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئىدى. بولۇپمۇ ياڭ زېڭشىنىڭ ئويناپ چىققان بۇ خىل «نادان قالدۇرۇش»، «بېكىنمىچىلىك» سىياسىتى يەنى ئۇيغۇرلارنى دىنغا مەھلىيا قىلىپ، قازى-كالانلارنى يىغىپ، مەھەللىمۇ-مەھەللە مەسچىت سېلىپ، مەسچىتلەر ئارا جامائەت تالىشىش زىددىيىتىنى پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا دۇنيادا، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىدا شەكىللىنىۋاتقان «جەدىتىزم» ھەرىكىتىنىڭ شىنجاڭدىكى كۈچىيىشىنى چەكلەپ، شىنجاڭدا ئەمدىلا شەكىللىنىۋاتقان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى يوق قىلىپ تاشلاش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ئاڭ بىلەن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى پاچاقلاپ تاشلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قوشنا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يەتتەسۇدا يۈز بېرىۋاتقان يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى يەنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەۋج ئېلىشىنى چەكلەش ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى ياڭ زېڭشىغا شۇنىسى ئايان ئىدىكى، يەتتەسۇ ئىنقىلابچىلىرى ئابدۇللا روزباقىۋ، ئىسمايىل تاھىروۋ، سوپى زارۋات ۋە باشقىلار

ئاللقاچان «قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە ئىشچى-دېھقانلار تەشكىلاتى» قۇرۇپ كوممۇنىزم ھەرىكىتىنى شىنجاڭدا باشلاشنى پىلانلىغان ھەمدە 3-ئىنتېرناتسىئونالغا دوكلاپ سۇنغانىدى. بولۇپمۇ ئاقلار بىلەن سوقۇشۇپ ئۇلارنى ۋەيران قىلغان ئۇيغۇر (تارانچى) تۇڭگان پولكى ۋە دىۋىزىيونى شىنجاڭدا كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئاللقاچان تەييارلانغانىدى. تۈرلۈك سىياسىي، خەلقئارا سەۋەبلەردىن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىدى، 3-ئىنتېرناتسىئونال ۋە بولشېۋىكلار پارتىيىسى بۇ تەلەپنى رەت قىلدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ رەھبەرلىكىدىكى يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرى يەتتە سۇدا، جۇملىدىن مەركىزىي ئاسىيادا كوممۇنىستىك ھاكىمىيەتنىڭ تىكلىنىشى شۇنداقلا كوممۇنىزم ئىدىيىسىنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان خەلقلەر ئارىسىدا تارقىلىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ئۆلمەس تۆھپە قوشتى.

يەتتە سۇدا كوممۇنىزم ئىدىيىسى تارقىلىشىنىڭ دەسلەپكى باشلامچىلىرى كوممۇنىست ۋېنوگرادوۋ بولۇپ، ئۇ 1913-يىلى يەتتە سۇغا سۈرگۈن قىلىنغاندا يەتتە سۇ خەلقى، جۇملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كوممۇنىستىك تەشۋىقات-تەرغىبات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە بۇ يەردە دەسلەپكى كوممۇنىستلارنى يېتىشتۈردى. ئۇ 1914-يىلى تالقار رايونىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيسى ئەلنەكبەر روزىباقىيېۋ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كوممۇنىستىك ئىدىيە تەشۋىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇردى ھەمدە بىرلىكتە ئۇيغۇر يېزىلىرىنى ئارىلاپ ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئارىسىدا كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. بۇلارنىڭ بۇ خىل سىياسىي پائالىيەتلىرى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن يەتتە سۇدا يۈز بەرگەن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ۋە قوغداش ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئىدىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئاساس بولۇش رولىنى ئوينىغانىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە ساداسى بىلەن يەتتە سۇ رايونىدىمۇ ئىنقىلاب مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ، يەتتە سۇ بولشېۋىك ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن ئۇيغۇرلار سىياسىي سېزىمى يۇقىرى خەلق سۈپىتىدە ئاۋانگارتلىق رولىنى ئوينىدى. 1917-يىلى ئالمۇتادا ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ رەھبەرلىكىدە مۇسۇلمان ئىشچىلىرى بىرلەشمە ئىتتىپاقى قۇرۇلدى. بۇ ئىتتىپاق يەتتە سۇ رايونىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر رايونلىرىدا ئاكتىپلىق بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە «ئىتتىپاق»نىڭ تارماقلىرىنى قۇردى. يەركەنتتە 1917-يىلى «ئىشچى سايوز» تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ 400 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر، رۇس ئەزالىرىغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك، دىن ئىدىيىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە قوغداشنى مەقسەت قىلغان «قۇرۇلتاي»، «ئالاش»، «مىللىي شۇرا»، «شۇرا ئىسلامىيە» شۇنىڭدەك ئۇيغۇر-تۇڭگان بايلىرىنىڭ بىرلەشمە ئىتتىپاقى، «تارانچى-تۇڭگان كومىتېتى» قاتارلىق سىياسىي، ئاممىۋى تەشكىلاتلار بارلىققا كەلدى. بۇ ئىجتىمائىي سىياسىي گۇرۇھلار ئەلۋەتتە ئەينى چاغدىكى روسىيىنىڭ، جۇملىدىن مەركىزىي ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، دەۋر شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە زور دەرىجىدە ئۇچرىغانىدى. 1918-يىلى ئالمۇتادا (ۋېرنىيدا) 30 كوممۇنىست (بولشېۋىك) بولۇپ، كېيىن تەرەققىي قىلىپ 60 كىشىگە يەتكەن، كېيىن يەنە شاللىنىپ 45 كىشى قالغان. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسمەت مەقسۇدوۋ، ئەخمەت يۈسۈپوۋ، شاكىر مەنسۇروۋ قاتارلىق ئۇيغۇرلار — شۇنداقلا قازاق مىللىتىدىن بولغان تاشمەن ئوتۇبوۋ قاتارلىقلار تۇنجى يەرلىك كوممۇنىستلار ئىدى. مانا مۇشۇ كىشىلەرنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوزغىشى بىلەن يەرلىك خەلقلەردە تەشكىللەنگەن تۇنجى پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

بۇ تۇنجى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تەركىبىدە 45 ئۇيغۇر، توققۇز قازاق، 18 تاتار بولۇپ جەمئىي 72 ئادەم ئىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، سوپى زارۋاتوۋ، ئەخمەت يۇسۇپوۋ قاتارلىق بۇ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاۋاز قوشۇشى شۇنداقلا تەشەببۇسى بىلەن 1918-يىلى 3-مارتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ بۇرژۇئا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ كوممۇنىستىك ھاكىمىيەت غەلىبىگە ئېرىشتى. ئارقىدىنلا ئالمۇتا شەھەرلىك كومپارتىيە كومىتېتى قۇرۇلۇپ ئۇنىڭ تەركىبىگە ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسمەت مەقسۇدوۋ قاتارلىقلار كىردى. شۇنىڭدەك يەتتە سۇ مۇسۇلمان خەلقلىرى ئارىسىدا تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ياچېيكىسى قۇرۇلۇپ ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسمايىل تاھىروۋ، سوپى زارۋاتوۋ، ھەمرا فەرىتدىنوۋ قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلدى. ئۇلار «سادايى تارانچى» گېزىتى نەشر قىلىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەشۋىقاتنى قانات يايدۇردى. ئەپسۇسكى، بۇ چاغدا پۈتۈن يەتتە سۇدا سوۋېت ھاكىمىيىتى تېخى تولۇق تىكلىنىپ بولمىغان بولۇپ، نۇرغۇن رايونلار تېخى ئاقلارنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇلار ھەر خىل رەۋىشتە ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ مىللەتلەر ئارىسىدا ۋە خەلق بىلەن سوۋېت ھاكىمىيىتى ئارىسىدا نىزا پەيدا قىلدى ھەمدە قوراللىق كۈرەش ئارقىلىق يېڭى قۇرۇلغان سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولدى. ئەلۋەتتە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرى كوممۇنىزم ئىدىيىسىنىڭ تارقىلىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن شۇنداقلا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەنە شۇ ئاقلارنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى سۇيىقەستىنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە يەنىلا ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار جۈملىدىن سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن پاجىئەلىك رەۋىشتە قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. شۇ سەۋەبتىن بىر مەھەل يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ غۇلجىغا قېچىش ۋەقەسى يۈز بەردى. لېكىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىق ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە يۈرگۈزگەن تەشۋىقاتلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئاھالىلىرى تىنچلىنىپ، تۈركۈم-تۈركۈملەپ سوۋېت زېمىنىغا قايتىدىن كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى ھەمدە ئۇيغۇر ياشلىرى تۈركۈم-تۈركۈملەپ قىزىل ئارمىيىگە قاتنىشىپ سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئاقلاردىن قوغداش ئۈچۈن جەڭگە ئاتلاندى. مەسىلەن، تۈركىستان 27-پولكىدا 250 ئۇيغۇر جەڭچى جەڭ قىلغان بولۇپ، يەتتە سۇ 1-ئاتلىق پولكى تەركىبىدە 162 ئۇيغۇر، 2-ئاتلىق پولكى تەركىبىدە 180 ئۇيغۇر جەڭچى بولغان بولسا، 1920-يىلى مۇستەقىل ئۇيغۇر ئاتلىق باتالىيونى قۇرۇلۇپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ سىياسىي كومىسسار بولدى. 1920-يىلى ئۇيغۇرلاردىن چېگرا ساقلاش ئاتلىق روتىسى ۋە 57-مۇستەقىل ئاتلىق پولك تەشكىللەندى. يارۇللاكوۋ كوماندىر، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ سىياسىي كومىسسار بولدى. 1921-يىلى تۇڭگان پولكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ 56-مۇستەقىل ئاتلىق پولك تەسىس قىلىنىپ ئىسمايىل تاھىروۋنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىدا پەرغانە رايونىدا ئاقلار ۋە باسمىچىلار (يەنى شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقىپ، مىللىي مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلغۇچى سىياسىي گۇرۇھ ۋە ئۇنىڭ قوراللىق قىسىملىرى) بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەچكە. بۇ پولك فىرونزى ۋە دىرژىنسكى تەرىپىدىن يۇقىرى باھالانغانىدى. بۇ پولك تەركىبىدە 2300 ئۇيغۇر جەڭچىسى بار ئىدى. ئۇيغۇر قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرى پەقەت يەتتە سۇ رايونىدىلا ئەمەس، بەلكى پەرغانە، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق جايلاردىكى فرونتلاردا شىددەتلىك جەڭلەرگە قاتنىشىپ سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ پۈتۈن مەركىزىي ئاسىيادا تىكلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. ھەتتا ئاخىرىدا ئاتامان دوتوۋ، ئانىنكوۋ قوشۇنلىرىنى ئىلى رايونىدا تازىلاش ئوپېراتسىيىلىرىدە خىزمەت كۆرسەتتى. بولۇپمۇ نامى تولا تىلغا ئېلىنىۋېرىپ

رىۋايەت قەھرىمانلىرىدەك بولۇپ كەتكەن گىراۋدانلار ئۇرۇشى قەھرىمانى رازۋېتچىك ماخمۇت خوجامىياروۋ ئۆزى بىۋاسىتە چار پادىشا گېنېرالى، يەتتە سۇ ئاقلار قوشۇنىنىڭ ئاتامانى دوتوۋنى ئۆلتۈرۈپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئاخىرقى غەلىبىسى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ دىرژىنسكى تەرىپىدىن تاپانچا ۋە ئالتۇن سائەت بىلەن تارتۇقلانغانىدى.

قىسقىسى، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسمايىل تاھىروۋ، سوپى زارۋاتوۋ ۋەكىللىكىدىكى يەتتە سۇ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ۋە قوغداش ئۈچۈن پىداكارانە خىزمەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنى شىنجاڭدىمۇ ئەكسىيەتچى، ئەزگۈچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، كوممىزم ھاكىمىيىتىنى بۇ يەردىمۇ تىكلەش ھەمدە شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ زور تەييارلىقلارنى كۆرگەن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنىدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 1922-يىلى تۈركىستان كوممۇنىستلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ 4-قۇرۇلتىيىغا قاتناشقاندا لېنىن بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە كوممۇنىستىك ئىنتېرنىسئونالنىڭ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىدە كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە كوممۇنىزم ھاكىمىيىتىنى تىكلەش تەلىپىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 1921-يىلىدىن باشلاپ تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېنىدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ بۆلۈمىدە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى، قىزىل ئوردا رايونلۇق كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى، قازاقىستان يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى، قازاقىستان كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەشرىيات-تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى 1918-1919-يىللىرى كومپارتىيە يەتتە سۇ كومىتېتىنىڭ مىللىي مەسىلىلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ۋېرنىي (ئالمۇتا) رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى قاتارلىق بىر قاتار ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ۋېرنىي ئوبلاستلىق ئۇيغۇرلارنىڭ «قوشچى» ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتىگەندە ۋە موسكۋادا خەلقئارا لېنىن مەكتىپىدە ۋە سۋېردلوۋ نامىدىكى كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان چاغلاردا، شۇنداقلا قازاقىستان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېپوتاتى (ئەزاسى) بولغان چاغلاردا ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي-ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، ئۇيغۇر خەلقىگە ۋەكالىتەن تەلەپلەرنى يۇقىرىغا سۇنغان ۋە ئاخىرىدا 30-يىللاردىكى سىياسىي قىرغىنچىلىقتا مىللەتچى، تروتسكىچى، پان تۈركىست دېگەندەك بەتناملار چاپلىنىپ باشقا ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بىلەن بىرگە ئېتىپ تاشلانغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق تارىخىي ساۋاقلارنى يەكۈنلەش مۇمكىنكى، بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل سۈپىتىدە ئىتتىپاقسىزلىق بىزنىڭ تەقدىرىمىز بىلەن ئويناشقانىدى. نادانلىق، شەخسىيەتچىلىك، چېركىلىك، ساتقىنلىق خاراكتېرى بىلەن ئىتتىپاقسىزلىق كېسىلى بىرلىشىپ بىر-بىرىمىزگە، ئۆزئارا ھالاكەت ئېلىپ كېلىدىغان مىجەزلەر شەكىللەنگەنىدى. بۇ بىز ئۈچۈن چوڭ بەختسىزلىك بولدى. بۇ بەختسىزلىكىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان بىردىنبىر يول نادانلىقنى تۈگىتىپ، 20-ئەسىرگە خاس ئاڭلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىلغار تەپەككۇرلۇق، مىللەت-خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىغا ئىگە، دۇنياغا يۈزلەنگەن، سىرتقى مۇھىتنى ئۆزگەرتىشلەردىن خەۋەردار ئۇيغۇر بولۇپ شەكىللىنىش ئىدى.

يەنە بىر ياقتىن ئالغاندا ئەگەر ئاشۇ تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ ئىلغار تەرەپپى بولغان جاندىن كېچىپ رىقابەتلىشىدىغان، ھامان يېڭى يول ئىزدەيدىغان روھى مىللىتىمىزنىڭ ئورتاق مىللىي پسىخىكىسى بولسا ۋە ياكى ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، يەنى، ئاتۇشنى

خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراسەتلىك ئالاھىدىلىكى، خوتەن خەلقىنىڭ مۇستەھكەم، سۆزىدە چىڭ تۇرىدىغان روھى، ئىلىلىقلارنىڭ مەدەنىيەتپەرۋەر، يېڭىلىقپەرۋەر، قورقماس روھى، قەشقەرلىكلەرنىڭ ھوشيار، تاكتىكىچانلىق مىجەزى، ئاقسۇلۇقلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن يەكەنلىكلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا پۇختا مىجەزى، قومۇل-تۇرپانلىقلارنىڭ كۆرەشچان روھى بىلەن كەلپىنلىكلەرنىڭ ئىتتىپاق-ئۆملۈكى، ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى، ئالتاي-چۆچەكلىكلەرنىڭ ئەركىن، مەرد مىجەزى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىمىز ۋە يەرلىك پىسخىكىلىرىمىز قوشۇلۇپ، يۇغۇرۇلۇپ، بىر ئورتاق سىللىي پىسخىكىنى ئايلانسا ئۇيغۇر خەلقى چوقۇم ئورتاق نىشانىغا، قايتا گۈللىنىش ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ.

## كېلەر ساندىكى بەزى مۇھىم ئەسەرلەر

### موسكۋا خىياللىرى (داۋامى) ... نەبىجان تۇرسۇن

ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا ھەرقايسى ساھەدىكى كۆپلىگەن كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان ھەمدە بىر مەيدان قىزغىنلىق پەيدا قىلغان بۇ ئەدەبىي خاتىرىنىڭ داۋامىدا، ئاپتورنىڭ چەت ئەلدە، جۈملىدىن موسكۋادا ئوقۇش جەريانىدا كۆرگەن-بىلگەنلىرى، ئاڭلىغان ۋە ھېس قىلغانلىرى ئاساسىدا زامانىۋى مەدەنىيەت پەللىسىدە تۇرۇپ خەلقىمىزنىڭ بەزى ئارتۇقچىلىقلىرى، شۇنداقلا نۆۋەتتە جىددىي تۈزىتىشكە، يېڭىشقا تېگىشلىك ئەجەللىك ئاجىزلىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

### تەقىپ ئاستىدىكى مۇھەببەت (پوۋېست) ... توختى ئايۇپ

قالايمىقانچىلىق يىللاردىكى تۈرمە ھاياتى تېما قىلىنغان بۇ ئەسەردە تېخى يېڭىدىن توي قىلغان بىر جۈپ ياش ئەر-خوتۇنلارنىڭ قاتمۇ-قات مۇشكۇلاتلارغا باش ئەگمەي مۇھەببەت، ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا تۈرمە لاگېرىدا ئىسسىق قېنى، ئۆز ھاياتى بىلەن چىن ۋاپادارلىق داستانى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىدەك بىر قاتار كەسكىن زىددىيەتلىك، مۇرەككەپ ۋەقەلەر ئارقىلىق پاك مۇھەببەتنىڭ غايەت زور قۇدرىتى نامايان قىلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە سەھرا مەنزىرىلىرى ماي بوياق رەسىمدەك نەپىس تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ تەبىئەت تەسۋىرلىرى ئۆز نۆۋىتىدە سىمۋوللۇق تۈس ئېلىپ پېرسوناژلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىنى تېخىمۇ ئېچىپ بېرىش ھەمدە ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئەسەر تىلى گۈزەل بولۇپ، ئۇسلۇبى يەڭگىل ھەم لىرىك، شۇنداقلا تەسىرلىك. بۇ ئەسەرنى ئوقۇسىڭىز يۈرەك تارىڭىز ئىختىيارسىز چېكىلمەي قالمايدۇ.

### سىماس ھېنىنى ئەسەرلىرىدىن... مۇختەر مەخسۇت تەرجىمىسى

بۈگۈنكى زامان دۇنيا شېئىرىيىتىدىكى ئۈچ چوڭ ھايات شائىرنىڭ بىرى، 1995-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى ئىرلاندىيىلىك شائىر سىماس ھېنىنىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ۋە ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى نامايان قىلىنغان مۇھىم بىر پارچە ماقالىسىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئەسەرلەردە، كېيىنكى مودېرنىزم شېئىرىيىتى بىلەن ئىرلاندىيە ئەنئەنىسى زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، يېڭىچە بىر خىل مۇستەقىل بەدىئىي دۇنيا يارىتىلغان. ئەسەرلەر سىزنى زامانىمىز دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بىلەن تونۇشۇش ھەمدە شېئىرىيەت ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

# دەنچالىك ۋە ئالتاي ئالتۇن ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتى

(ئەدەبىي ئاخبارات)





لوپەن، نيۇبوچىك

توختى قاسىم تەرجىمىسى

## بىرىنچى باب

### ئالتۇن تاغدىكى تەلۇلەرنىڭ ئالتۇن جۇشى

بىر ئادەمنىڭ كاللىسىنى يۈز سەر ئالتۇنغا سېتىۋېلىشتەك بۇ ۋەقە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان ئالتاي تېغى ئورمانلىقىدا يۈز بەرگەن.

بۇ يۈز سەر ئالتۇن، ئالتۇن ئەتكەسچىلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق مەغلۇبىيىتىدىن كېيىنكى ئاخىرقى كوزۇرى بولۇپ، يۈز سەر ئالتۇنغا يارىغان بۇ كاللا ئالتاي ۋىلايەتلىك ئالتۇن ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىدىكى باشلىقنىڭ كاللىسى ئىدى.

### دەنچالىك ۋە ئۇنىڭ سەيداشلىرى

ئالتاي تېغى ئورمانلىقىدا تۇرۇۋاتقان كۆنلەردە ئالتۇن ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى قايتا-قايتا تاپىلاپ: — بىزنىڭ ئىسمىمىزنى ھەم ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئىسمىنى، چىراي-شەكلىمىز بىلەن تۇرمۇش ئادەتلىرىمىزنى ئەينەن يازماسلىقىڭلارنى سورايمىز. چۈنكى ئەتكەسچىلەر بىزنى كۆزىگە قادالغان مىخ، بەدىنىگە سانجىلغان تىكەن دەپ قارايدۇ ۋە بىزنى يوقىتىش كويىدا بولىدۇ، — دېدى.

ئالتاي تېغى ئورمانلىقىدىكى ھەقىقانىيەت بىلەن ياۋۇزلۇق ئوتتۇرىسىدا تىنىمۇ-تىنىم ئېلىپ بېرىلغان ھايات-ماماتلىق كۆرەش ھەم كەسكىن، ھەم

دەھشەتلىك بولغانىدى. بۇ ئەسەردە ئەترەت باشلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر بىر ئادەمگە يالغان ئىسىم قويۇلدى، ھەممە ئۇلارنىڭ كۆرەش ئېلىپ بارغان ۋاقىتلىرىمۇ ئۆزگەرتىپ ئېلىندى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەدەبىي ئاخبارات ھېكايىسى تۈسىنى ئېلىپ قالدى.

دەنچاڭ (مەرگەن دېگەن مەنىدىكى سۆز) دېگەن بۇ ئىسىمنى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۆزى قويۇۋالغان بولۇپ، بۇ ئىسىم ئۇنىڭ لەقىمى ئىدى. بۇ لەقەم ئۇنىڭ ئىسمى-جىسمىغا لايىق قويۇلغانىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭدا ئۆزىنى قوغدايدىغان پارقىراپ تۇرىدىغان تاپانچا بار ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ھەمىشە تاپانچىسىنى ئېلىپ تاغ جىلغىلىرىغا كىرىپ يىگانە كۆرەش قىلاتتى. ئۇنىڭ تاپانچىسىنى قېپىدىن سۇغۇرۇپ ئالىدىغان چاغلىرى ھەددى-ھېسابسىز بولاتتى. ئالاھىدە مۇھىت ۋە پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك رەقىبلەر ئۇنى قورشاپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا، ھەرقاچان ئويلىمىغان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭدا تاپانچىسىنى يېنىدىن ئايرىمايدىغان ئادەت شەكىل-لەنگەنىدى. ئۇ مەيلى بىرەر جايدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالسۇن، مەيلى ئۇخلاشقا ياتقاندا بولسۇن، ئەتراپتا بىرەر غەيرىي شەپە بولسىلا ئۇنىڭدا دەرھال ئىنكاس پەيدا بولاتتى-دە، ئۇنىڭ سىرلىق تاپانچىسى شۇئان قولىغا چىقىپ بولاتتى.

دەنچاڭنىڭ قارىغا ئېتىش ماھارىتى ياخشى ئىدى. ئۇ ئوقنى ھەرگىز زايا كەتكۈزمەستىن يىراقتا تۇرۇپ سىيا قۇتىسىغا دەل تەگكۈزۈشنى مەشق قىلغانىدى.

دەنچاڭ توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ سۆز-چۆچەكلەر تارقالغان بولۇپ، ئۇ ئاللىقاچان رىۋايەتلەردىكى سىرلىق پېرسوناژغا ئايلىنىپ قالغانىدى. دەنچاڭ ماڭا ئۇ ھېكايىلەرنىڭ راستىنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ھالبۇكى بۇ ھېكايىلەر ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭلا كەچۈرمىشلە-رى بولماستىن، بەلكى ئۇ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ ھېكايىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ ھېكايىلەر لاۋجياڭ، داچياۋ، شياۋۋاڭ ۋە شياۋنىڭلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەنچاڭ — ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار كوللېكتىپى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى — دەنچاڭ.

## ئالتۇندىن قەد كۆتۈرگەن تاغ، نېسانىيەتتىن ئاققان دەريا

ياز پەسلى، بىر-بىرىگە تۇتاشقان ئېگىز-پەس تاغلار، ياپيېشىل، تۈپتۈز ئۆسكەن يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەر غەربىي شىمال چېگرىسى بولغان ئالتاي تېغىنى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئېتەكلىرى بىلەن پۈركىگەن. ئۇنىڭ بىپايان ئېتىكى پارلاپ تۇرغان تۈگىمەس ئالتۇنلار، زۇمرەتتەك ياقۇتلار ۋە ھەددى-ھېسابسىز مەدەنلەر بىلەن تولغانىدى. ئالتاي ۋىلايەتلىك كان مەھسۇلاتلىرى مەنبەسى باشقارمىسىنىڭ 1994-يىلى 8-ئايدىكى دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى پايانسىز زېمىنىنىڭ كان ئېچىشتىكى گېئولوگىيىلىك شارائىتى ئەۋزەل، كان زاپىسى ئىنتايىن مول. ئالتاي ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئالتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ 110 مىڭ كۋادرات كىلومېتر دائىرىسىدە 12 چوڭ تىپتىكى 84 خىل كان مەھسۇلاتى مەنبەسى بايقالغان. ئالتۇن كان بەلبېغى ۋە كېپەك ئالتۇن مەيدانىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتر كېلىدىكەن.

ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى 72 جىلغىنىڭ ھەممىسىدە ئالتۇن بار ئىكەن.

ئالتاي گېئولوگىيە تەتقىقات تارمىقى مۇنۇلارنى جاكارلىغان: ئالتاي ۋىلايىتىدە ئاز دېگەندە 1 مىليون سەردىن ئارتۇق ئالتۇن زاپىسى بار. يىلىغا 2 مىليون گرام ئالتۇن قېزىلىدۇ دەپ ھېسابلىغاندا، بۇ ئالتۇن زاپىسىنى 25 يىلدا ئاران قېزىپ بولغىلى بولىدۇ.

ئالتايدىن چىقىدىغان كېپەك ئالتۇننىڭ ئاجرىلىش مىقدارى يۇقىرى بولۇپ، ھەر بىر كۇب مېتر شېغىلدىن 0.3-0.8 گرام، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 3.2 گرام ئالتۇن چىقىدۇ. ئادەتتىكى كېپەك ئالتۇن كانلىرىنىڭ ئالتۇن تەركىبى ئاران 0.08-0.16 گرامغىچە بولىدۇ.

ئالتايدىن چىقىدىغان كېپەك ئالتۇننىڭ ساپلىقى يۇقىرى بولۇپ، ئالتۇن تەركىبى 99.5 پىرسەنتتىن ئاشىدۇ. ئالتاي كانلىرىدىكى كېپەك ئالتۇننىڭ قاتلىمى تېيىز، ھەجمى كەڭ، ئۇنى قېزىش ئاسان. ئادەتتىكى كىچىكرەك كانلارنىڭ دائىرىسى بىرقانچە يۈز مېترغا، چوڭلىرىنىڭ ئوننەچچە كىلومېترغا سوزۇلىدۇ.

ئالتاينىڭ كېپەك ئالتۇن كانلىرىنى ئېچىش

www.uyghurkitap.com

ئاسان، يەر يۈزىنى شۇنچىكى قىزىپ، چىققان شىغىلنى ئادەتتىكى ئۇسۇلدا يۇيۇپ چايقاش ئارقىلىق كېپەك ئالتۇن ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇنى ئۇتتا تاۋلاش ھاجەتسىز.

گۈزەل ئالتاينىڭ قانلىق ئالتايغا ئايلىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل مۇشۇيەردە. ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي باغرىدا تارىختا مىسلىسىز ئالتۇن قېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن. 1981-يىلى بۇ يەردىكى شەخسىي ئالتۇن قازغۇچىلار 300 ئادەم بولغان بولسا، 1988-يىلغا كەلگەندە يەتتە يىل ئىچىدىلا 30 مىڭ كىشىگە يېتىپ يۈز ھەسسە كۆپەيگەن. 1994-يىلى ئالتاي تېغىدا يېڭىدىن ئالتۇن قېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ ئالتاي تېغىغا يىغىلغان ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ سانى بىردىنلا 100 مىڭ كىشىگە يەتكەن.

ئۇلار گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، جېجياڭ، سىچۈەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، ئىلى قاتارلىق 24 ئۆلكە، رايوندىن كەلگەن بولۇپ مۇتلەق كۆپ قىسمى دېھقانلار، زاۋۇت، كان، كارخانا ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن-مەيدانلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر، شەھەر-بازارلاردىكى بىكارچىلاردىن تەركىب تاپقان. شۇنىڭدەك يەنە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر، خىزمەتتىن ئايرىلغان پروفېسسورلار،.ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان ئەمەلدارلارمۇ بار... ئۇلار ئالتايدىن كەلگەن ھەر خىل خەۋەرلەرگە ئىشىنىپ ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىپ، ئالتۇن تېپىش كويىدا يۇرت-تاق، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئېلىپ، ئۆز ئىلكىدىكى پۇل-بىساتلىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، قۇرۇق قول ئۇزاق جايلاردىن بۇ تىلسىم زېمىنغا ئايىغى ئۈزۈلمەي توپلانغان.

بۇ يولغا كىرگەنلەرنىڭ كەسىپ ۋە ستاژىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ئوخشاش ئىدى. ئۇلار ئوخشاش كىيىنىپ ئوخشاش جاپا تارتاتتى، تومۇرلىرى بىر خىل سوقاتتى. ھەتتا ئاخشاملىرى ھەممىسى ئوخشاشلا ئالتۇن چۈشەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇتتەك چاقنايتتى. ئۇلار بەئەينى تاش يۈرەك كىشىلەرگە ئوخشايتتى. ھاياتىنى دوغا تىكىشتىمۇ بىردەك قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن بولغاچقا، ئالتۇن قېزىش توپىدىكىلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئالتاي تېغى گەرچە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قەدىمكى ھەم ساپ مەنزىرىسى بىلەن قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ تاغ ئەڭ دەھشەتلىك، ئەڭ ياۋۇز بالا-يى-قازاغا دۇچ كەلدى. ئالتۇن قېزىش مۇقەررەر ھالدا ئاستا-ئاستا تالان-تاراجقا ئايلىنىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئەقلىدىن ئازغان بۇ كىشىلەر گۈرجەك-جوتۇلىرىنى كۆتۈرۈپ، تراكتور، سۇ پومپىسى، ھەتتا يەر قېزىش ماشىنىلىرىنى گۈزەل، مۇنبەت تۇپراققا ھەيدەپ كىرىپ، ئانا تۇپرىقىمىز ئالتاينى ئەسەبىيلەرچە دەپسەندە قىلماقتا.

تەرتىپ ۋە قانۇن بولمىغاندا، كىشىلەرنىڭ ھېچنېمىگە قارىمايدىغان شەخسىيەتچى، ئاچكۆز، رەھىمسىز، شەپقەتسىز، قارانىيەت بولۇپ قېلىشى تەبىئىي. يەنە كېلىپ ئالتۇن قازغۇچىلار ئارىسىدا بىر-بىرىنى ئالداش، بىر-بىرىگە ئورا كولاش، ھەتتا بىر-بىرىنى قەتلى قىلىش ئىشلىرىمۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ... ئالتۇنغا ئىنسانلارنىڭ ئىشتىياقى چۈشكەن كۈندىن باشلاپلا ئۇ قان بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن.

ئەتكەسچىلىك قارىغۇلارچە ئالتۇن قېزىش توپى بىلەن قوشكېزەكتۇر. دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ھەرقانداق جاي، ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسلەر ھەرقانداق شەكىل بىلەن قازغان ئالتۇننى دۆلەت باھاسى بويىچە دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ۋەكالەت ئورگىنى بولغان جۇڭگو خەلق بانكىسىغا سېتىپ بېرىشى شەرت. ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ئالتۇن چىقىدىغان جايدىن ئالتۇننى ئېلىپ كېتىشكە، قانۇنسىز ئېلىپ-سېتىشقا بولمايدۇ. ئەمما ئالتۇن ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان قانۇنسىز ئۇنسۇرلار دۆلەت باھاسىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى باھادا سودا قىلىپ، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق سېتىۋالغان ئالتۇننى چەت جايلارغا توشۇپ كەتكەن ياكى چەت ئەللەرگە ساتقان.

ئالتاي ئالتۇن سېتىۋېلىش تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكىلىق مەلۇماتىدىن قارىغاندا، 1983-يىلى كىنىشكىسى بار ئالتۇن قازغۇچىلار مىڭ ئادەم بولۇپ، ئۇلار دۆلەتكە 3200 سەر ئالتۇن سېتىپ بەرگەن. بۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئادەم بېشىغا 3.17 سەر يەنى 158.5 گرامدىن توغرا كەلگەن. لېكىن 1987-يىلى ئالتاي تېغىدىكى ئالتۇن قازغۇچىلار توپىنىڭ سانى 20 مىڭ كىشىگە كۆپەيگەن بولسىمۇ، دۆلەت تەرەپتىن ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان ئالتۇن 3394 سەر بولۇپ، ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 0.17

سەر يەنى 8.48 گرامدىن ئالتۇن توغرا كەلگەن. بىر تەرەپتىن ئالتۇن قازغۇچىلار توپى نەچچە ھەسسىلەپ كۆپەيسە، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەت تەرىپىدىن يىغىۋېلىنغان ئالتۇننىڭ سانى بىر ئىزدا توختاپ قالغان، كۆپ مىقداردىكى ئالتۇنلار ئەتكەسچىلىكتىن ئىبارەت قانۇنسىز ۋاستىلەر ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئۈزلۈكسىز ئېقىپ كىرگەن.

توپلىشىپ ئالتۇن قازىدىغانلار سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئالتاي ۋىلايىتىدە ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنىڭ تىجارىتى راسا ئاقتى. 1983 - يىللىق ئالتۇن قازغۇچىلار توپىنىڭ سېتىپ بەرگەن ئالتۇن سانىنى ئومۇمىي سان قىلىپ مۆلچەرلىگەندە، ئالدىمىزغا قويۇلغان رەقەم كىشىنى چۆچۈتىدۇ. يەنى 8.48 گرامنىڭ 158.5 گرامغا بولغان نىسبىتى بولۇپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا 1987 - يىلدىكى ئادەم بېشىغا توغرا كەلگەن ئالتۇن سېتىش مىقدارى 1983 - يىلدىكىسىنىڭ 20 دىن بىرىنى ئىگىلىگەن.

ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك ھۇجۇمىغا قارىتا، ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە قارار چىقىرىپ 1987 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى، چېگرا مۇداپىئەسى، ئالتۇن ئىشخانىسى، سودا - سانائەت، ئورمانچىلىق قاتارلىق بەش تارماقتىن تەركىب تاپقان باشقۇرۇش خىزمەت پونكىتى قۇرغان، كۆكتوقاي ناھىيىسى بىلەن بورۇلتوقاي ناھىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى بىيتۇندە قاتناش ۋاستىلىرىگە نومۇر ئېسىش خىزمىتىنى ئېلىپ بارغان. ئالتۇن قېزىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكىسى، باشقۇرۇش كىنىشكىسى، سودا - سانائەت كىنىشكىسى، چېگرا رايون يول خېتى، ۋاقىتلىق نوپۇسقا تىزىملىتىش گۇۋاھنامىسى قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، توپلىشىپ ئالتۇن قازغۇچى خادىملارنى كەڭ تۈردە تەرتىپكە سالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى يوليورۇق بېرىپ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ئەترىتىنى تېزدىن قۇرۇش ۋە ئەڭ قاتتىق ۋاستىلەر بىلەن ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنىڭ غالجىرانە ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشنى قارار قىلغان.

يەنە بىر سەپتە كۆرەش قانات يايدۇرۇلغانىدى. بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ھەم ئاجايىپ سىرلىق تۈس ئالغان، پەم-پاراسەتكە تايىنىپ ئەتكەسچىلەر بىلەن باتۇرانە كۈرەش قىلىنىدىغان ئالاھىدە جەڭگاھ ئىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە جېنىدىن تويغان ئالتۇن ئەتكەسچىلىرى قورقىنىدىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قېلىشقانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنىڭ يۈز سەر ئالتۇنغا بىر ئادەم كاللىسىنى سېتىۋېلىش ۋە 64 تىيىلىق يان قورال توغرىسىدىكى ھېكايە بارلىققا كەلدى.

## ئىككىنچى باب

### ئۆگسعان ئالتۇن — قانلىق جەڭ خاتىرىسى

1987 - يىلى ئالتاي ۋىلايەتلىك ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ئەترىتى ئەمدىلا قۇرۇلغان ۋاقىت بولۇپ، بۇ ئەترەتتە پەقەت دەنچاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈچ ياردەمچىسىلا بار ئىدى. بۇ ۋاقىتتا قورال-ياراقلارمۇ بەك ئاددىي ئىدى. 1990 - يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئەترەتكە ئاپتوموبىل، ئاپتومات ۋە ئىلغار خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى تەقلەپ بېرىلدى. ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش قوشۇنىمۇ تەدرىجىي ھالدا كېڭىيىپ ئادىمى 100 گە يەتتى. دەنچاڭ يەنىلا ئەترەت باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋەردى. 1990 - يىلى دەنچاڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى كاننى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ ئالتۇن قازغۇچىلار توپىنىڭ تەرتىپىنى ياخشىلىدى ھەمدە بىر قېتىملىق زور كۆلەملىك ھەرىكەت قوللىنىپ، قىسقىغىنە ئىككى ئاي ۋاقىتتا 20 مىڭدىن ئارتۇق پىچاق، بىرقانچە يۈز تال ئوۋ مىلتىقى، قارا مىلتىق ۋە ئۆزى ياسىۋالغان يان قورالنى قولغا چۈشۈردى. بۇ ئەلۋەتتە ئالتۇن قازغۇچىلار قولىدىكى قوراللارنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ دۈچ كەلگىنى تەركىبى مۇرەككەپ، ئالتۇن تېپىش كويىدا ئىسىنى يوقاتقان، تېگىپ قويسىلا چىچاڭشىپ كېتىدىغان ياۋۇز، ئەلۋەتتە ھالەتتىكى بىر توپ ئالتۇن قازغۇچىلار ۋە ئەتكەسچىلەر ئىدى. ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتى مانا مۇشۇنداق شارائىتتا خىزمەتنى كەڭ

قانات يايدۇردى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورااللارنى يىغىۋېلىش پەقەتلا چېكرا باشقۇرۇش نىزامىنى ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن قوللىنىلغان بىر تەدبىر ئىدى. ھەقىقىي ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش كۈرىشى تېخى ئالدىمىزدا ئىدى.

## يارا ستىنى سىناپ بېقىش

7-ئاي ئالتاي تېغى رايونىنىڭ قىسقىغىنە ياز پەسلىگە كىرگەن شۇنداقلا ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جانلىنىدىغان پەسلى ھەم ئەتكەسچىلەرنىڭمۇ كۆپ ھەرىكەت قىلىدىغان پەسلى. بۇ چاغدا قارلار ئېرىپ تۈگىگەن بولىدۇ ھەم بوران بولمىغان تاغنىڭ ھاۋاسىمۇ كىشىلەرگە ئالاھىدە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ تاغ جىلغىسىغا كىرىپ-چىقىشتا ئېغىزدىكى تەكشۈرۈشتىن ئوغرىلىقچە باشقا يوللار بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە بولاتتى، يەنە دەريا بويلاپمۇ تاغ ئىچكىگىچە بارغىلى بولاتتى.

تۈلكىلەرنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئۇۋىسىدىن چىقىشى ئەلۋەتتە ئوۋچى ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاشتىكى ئەڭ ياخشى پەيت.

ئىيۇل ئايلىرى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتى دەنچاڭنىڭ باشلامچىلىقىدا تەرەپ-تەرەپكە بۆلۈنۈپ، ھەرقايسى شۆبە ئەترەت ئۆز ئالدىغا نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ، ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇۋەتكەنىدى.

7-ئاينىڭ 21-كۈنى تاغدىن كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق، ئۇستىبېشىنى توپا-چاڭ باسقان بىر يولۇچى بېتۇندىكى مەلۇم مېھمانخانىغا چۈشتى، ئۇ ئۆزىنى كىشىلەرگە: «مەن گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تېخنىك خادىمى، بۇ يەرگە تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەمگە كەلدىم» دەپ تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى بەكمۇ سىرلىق بولۇپ كۆپ قېتىم تاغقا چىققانىدى. ئۆزىنى تېخنىك دەپ ئاتىۋالغان بۇ كىشىنىڭ ئوغرى مۇشۇكتەك تىمىسقىلاپ يۈرگەن ھەرىكەتلىرى ئالىلقاچان ئەتكەس-چىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. قولدا ئىشەنچلىك دەلىل-ئىسپات بولمىغاچقا ئۇ كىشىنى چۆچۈتۈپ قويۇشقا بولمايتتى. ئەمما شۇ كۈنى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتى ئىشەنچلىك ئاخباراتقا ئىگە بولدى. بۇ تېخنىك بولسا «ئەمدى مال قولۇمغا چۈشتى» دەپ يولدىكى چازىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تاغدىن چۈشۈپ ياتىقىغا قايتىپ كەلدى-دە، پىلانىنىڭ ئىشقا ئاشقانلىقى-دىن مەمنۇن بولۇپ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئۇ يۈك-تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئەتىسى ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇراتتى. ئويلىمىغان يەردىن ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ ئۈچ نەپەر خادىمى بىردىنلا ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى. بۇ تېخنىك قارا تەرگە چۆمۈپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئەتكەسچىلەر-نى تۇتۇش ئەترىتى ئۇ سېتىۋالغان 537 گرام ئەتكەس ئالتۇننى ئاختۇرۇپ تېپىۋالغانىدى.

7-ئاينىڭ 22-كۈنى «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن بىرسى 304-كان رايونىدىن چىقىپ كەلدى. شوپۇر بىلەن كابىنكىدا ئولتۇرغان خوجايىن ئۆزلىرىنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ نازارىتى ئاستىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كىرگۈزمىگەنىدى.

ئاپتوموبىل يول ئېغىزىغا كەلگەندە شوپۇر بىلەن خوجايىن ھېچنېمىگە پىسەنت قىلمىغان ھالدا ئۆزىنى بىمالال تۇتۇپ تەكشۈرۈشنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەمما ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىدىكىلەر ماي باكىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇ ئىككىسى قاتتىق جىددىيلىشىپ كۆزلىرى چەكچىيىپ گەپ قىلالماي قالدى.

ئاخبارات ئىشەنچلىك بولغاچقا، ئۇلار باكتىن ئىنچىكە ئاليۇمىن سىم بىلەن 172 گرام كېپەك ئالتۇننى ناھايىتى تېزلىكتە تارتىپ چىقاردى.

7-ئاينىڭ 23-كۈنى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتى جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ماشىنا بىلەن چېرىمتال 2-كانىنىڭ 5-لېيەن كۆۋرۈك ئېغىزىغا يېتىپ كېلىپ، بىر ئەتكەسچىنىڭ يېنىدىكى 100 گرام ئالتۇننى قولغا چۈشۈردى ھەم مۇسادىرە قىلدى.

7-ئاينىڭ 24-كۈنى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش خادىملىرى 8-00307 نومۇرلۇق ئاپتوموبىلدىكى ئەتكەسچىلەر ئوغرىلىقچە ساتماقچى بولغان 630 گرام كېپەك ئالتۇننى قولغا چۈشۈردى...

ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش كۈرىشىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن غەلىبىگە ئېرىشىشى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترى-تىدىكى خادىملارنىڭ روھىغا زور مەدەت بەردى،

شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قاتار زەربىگە ئۇچرىغان ئەتكەسچىلەرمۇ سەگەكلىشىپ، ئىنتايىن قۇۋلۇق-شۇم-لۇق قىلىپ، ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىدىكى خادىملار بىلەن تەلۋىلەرچە قارشىلىشىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كەلگۈسىدىكى كۈرەشنىڭ دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىنى، يەنى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتى خادىملىرى بىلەن ئالتۇن ئەتكەس-چىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ھايات-ماماتلىق كۈرەش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرەتتى. بۇ نۇقتا ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتى خادىملىرىغىمۇ، ئەتكەسچىلەرگىمۇ ناھايىتى ئايدىڭ ئىدى.

## ۋوداۋگوۋ جىلغىسىدىكى تۇنجى ئوق ئاۋازى

بىر كۈنى ئەترەت باشلىقى دەنچاڭ مۇنۇ ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋالدى: ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى ما گۇرۇھى كەم ئۇچرايدىغان دۆلەت گۆھىرى ھېسابلىنىپ قوغدىلىدىغان قىممەتلىك بايلىق تۆگسىمان تەبىئىي ئالتۇن پارچىسىنى بايقىغان. ما گۇرۇھىدىكىلەر بۇ قىممەتلىك تۆگسىمان ئالتۇننى ناھايىتى يۇقىرى باھادا ساتىدىغانلىقى توغرۇلۇق شەپە بەرگەن، ھەرقايسى جايلاردىكى چوڭ ئەتكەسچىلەر ئاچكۆزلۈك بىلەن تىپىرلاپ يۈرگەن.

دەنچاڭ تۆگسىمان ئالتۇننى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ھەر بىرسى ئىككىدىن قوراللانغان بىر كىچىك شۆبە ئەترەتنى باشلاپ ئېرتىش دەرياسىنى بويلاپ ما گۇرۇھىنى ئىزدەشكە كىرىشتى.

ئۇلار تاغقا كىرگەندە تاشيولنى بويلاپ مېڭىپ ئاندىن ئالتۇن قېزىش رايونىدىكى ئاچالغا ئەگىلدى. بۇ يولنى ئالتۇن قازغۇچىلار ئىشترىش ماشىنىلىرى بىلەن دەرەخلەرنى ئۆرۈپ ياسىغان بولۇپ ئۇنى ئادەتتە يول دېگىلىمۇ بولمايتتى. بۇ يەردە ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ ئاپتوموبىل بىلەن تاغدىكىلەرگە سەنەركە، ئاشلىق، كۆمۈر توشۇغاندىكى ئىزلىرى، يەر كولاش ماشىنىلىرىنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغان بولغاچقا ماشىنا ئىزنى بويلاپ ماڭماي ئىلاج يوق ئىدى. ئەتىسى چۈشتە ئۇلار ئېرتىش دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. ماشىنا بىلەن يەنە ئىلگىرىلەشكە مۇمكىن بولماي قالدى. دەنچاڭ بىر ئادەم ماشىنىغا قارىغاندىن باشقا، بارلىق خادىملارنى ماشىنىدىن چۈشۈپ ئوزۇق-تۈلۈك ۋە قورال-ياراقلارنى ئېلىپ پىيادە مېڭىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇلارنىڭ نىشانى بەشىنچى داۋان بولۇپ بۇ يەردىن ئارىلىقى خېلى بار ئىدى.

بىر ئەر كىشى بۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ ئالدىراپ-تېنەپ ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئادەتتە ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ ئەتراپىنى چاتقاللار ئورىغان تاغدىن يالغۇز چۈشۈشى كۆپ ئۇچرىمايدىغان ئەھۋال ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ئادەمنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى ناھايىتى گۇمانلىق ئىدى. دەنچاڭ ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۇقراچە كىيىنىۋالغان، سالاھىيىتى ئاشكارىلانمىغان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ قورسىقىدا جىن بولمىسا نېمە دەپ قېچىپ يۈرىدۇ؟

ئەترەت باشلىقى دەنچاڭ ئىشارەت قىلىپ شياۋۋاڭ، شياۋنىڭلارنى باشلاپ يوشۇرۇن قوغلاشقا باشلىدى. ھېلىقى ئادەم ئورماننى دالدا قىلىپ كەلگەن يولى بىلەن قېچىپ ئۈلگۈرگەنىدى.

قوغلايلى! توشقانمۇ ياكى بۆركۈتمۇ ئوتقاندىن كېيىن بىر گەپ بولار.

بىر بۇيرۇق بىلەنلا شياۋۋاڭ، شياۋنىڭلار ئوقتەك يۈگۈرۈپ ئىزىغا چۈشتى. ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ خادىملىرى ئادەتتە قاتتىق تەربىيىلىنىدىغان بولغاچقا ھەممىسى دېگۈدەك تاغ ئورمانلىقىدا بوش كەلمەيدىغان ماھىرلاردىن ئىدى. ئەش-پەش دېگۈچە ھېلىقى كىشى قولغا چۈشۈپ دەنچاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى.

ھېلىقى ئادەم توغرىبويلۇق بولۇپ، يۈز-كۆز-لىرىنى قاپقارا ساقال-بۇرۇت بېسىپ كەتكەن، ئەپتىدىن ھېلىگەرلىك، كۆزلىرىدىن ئاللاقاچان قېچىپ تۇراتتى. ئۇ، ئۇلارغا مۇغەمبەرلەرچە قارايتتى. دەنچاڭ ئۇنىڭدىن:

— تاغدىن نېمە قىلغىلى چۈشتۈڭ؟ بىزنى

كۆرۈپ نېمدەپ قاچىسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ زۇۋان سۈرمەي بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى.

دەنچاڭ يەنە بىرنەچچە ئېغىز سوئال سورىغان بولسىمۇ ئۇ يەنە جاۋاب بەرمىدى. دەنچاڭ تاغدىن چۈشكەن ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش سالاھىيىتى بارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ئاختۇرۇش گۇۋاھنامىسى» نى كۆرسەتتى.

شياۋنىڭ ئۇنىڭ ئۈستى-باشلىرىنى چاققانلىق بىلەن ئاختۇرۇپ، شىمىنىڭ پۇچقىقىدىن 100 گرامدىن ئارتۇق ئالتۇننى تاپتى.

ئالتۇننى ئېلىپ قاچقانلار ئالتۇن باشقۇرۇش نىزامنامىسىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولۇپ ھېسابلىناتتى. ھەر قانداق گۇمانلىق ئىشلارنى بوش قويۇۋەتمەي، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ جەڭ نەتىجىلىرىنى ئىمكانقەدەر كېڭەيتىش — دەنچاڭنىڭ ئىزچىل خىزمەت ئىستىلى ئىدى. ئۇ ھازىرچە بۇ قارىۋاينى تۇتۇپ تۇرۇپ، ۋەزىيەتنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن سوراق قىلىشنى قارار قىلدى-دە، ئۇنىڭ قولىغا كىشەن سېلىپ، ئەڭ كەينىدە يالاپ مېڭىشنى شياۋنىڭغا تاپشۇردى.

سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان بۇ قارىۋاينىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ئاۋارىچىلىق كەلتۈرىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ ئويلاپ باقمىغانىدى. دەنچاڭ سەپداشلىرى بىلەن بەشىنچى داۋانغا چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەردە يېتىپ كەلدى. ئۇلار دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ قارشى قىرغاقتىكى ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ ئۇۋۇسىنى كۆزەتتى. قارشى تەرەپتىكى تاغ باغرىدا نەچچە ئون گەمە تۇراتتى. دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى جىلغىدا ۋە دەريا بويلىرىدا 200 دىن ئارتۇق كىشى ئالتۇن قېزىۋاتاتتى. دەنچاڭ ئاشۇلار ما گۇرۇھى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلدى. ئۇلار بىلەن قارشى تەرەپتىكىلەرنى ئېرىتىش دەرياسى ئايرىپ تۇراتتى. باھار پەسلى بولغاچقا تاغدىكى قارلار ئېرىپ، دەريا سۇلىرى ئۇلغىيىپ شىددەتلىك ئېقىۋاتاتتى. دەريا ئاستىدىكى سان-ساناقسىز تاشلارمۇ سۇنىڭ ئېقىنى بويىچە تۆۋەنگە قاراپ دومىلاپ باراتتى. دەريانىڭ قارشى تەرىپىدە كالا تېرىسىدىن ياسالغان بىر سال قىرغاقتا توختىتىپ قويۇلغانىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا قارشى تەرەپتىكىلەر ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى.

— ھەي، سىلەر نېمە قىلىدىغان ئادەملەر؟ — دەپ توۋلىدى مالىخاي كىيىۋالغان بىرەيلەن.

دەنچاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىز مال سېتىۋالغىلى كەلدۇق، خوجايىنىڭلار بىلەن كۆرۈشمەكچى، سالنى بۇ ياققا قويۇپ بېرىپ بىزنى ئۆتكۈزۈڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ ئەسلىدە ھېچقانداق گۇمان قوزغىمايتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇقراچە كىيىنىۋالغان بولۇپ ئەتكەسچىلەرمۇ تاغقا مۇشۇ ئۇسۇللار بىلەن كىرىپ ئالتۇن سېتىۋالاتتى، يەنە كېلىپ ياندا نەق پۇل بولسىلا ئىشنىڭ پۈتكىنى شۇ ئىدى.

قارشى تەرەپتىكى تاغدىن بىر نەچچەيلەن چۈشۈپ سالنىڭ ئارغامچىسىنى يەشتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مالىخاي كىيىۋالغان كىشىمۇ بار ئىدى.

بۇ چاغدا دەنچاڭ تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان قارىۋاي ئورنىدىن تۇرۇۋالدى. ئۇ ناھايىتى قۇۋۋ بولۇپ، قارشى تەرەپكە ۋارقىراپ ياكى قولىنى كۆتۈرۈپ ئېنىق بەلگە بەرمىسىمۇ، ئەمما كويزا سېلىنغان قولىنىڭ بېغىشىنى سەزدۈرمەي قەستەن تولغاپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى شياۋنىڭ كۆرۈپ ئۇنى دەرھال ئولتۇرغۇزۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ قارشى تەرەپتىكىلەر ئۇنىڭ ئاشۇ ئىنچىكە ھەرىكىتىنى سېزىۋالغانىدى.

لېكىن دەنچاڭ ۋە ئۇنىڭ خادىملىرى بۇ ئىنچىكە ھەرىكەتنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلالمىدى.

— ھەي، مالغا كەلگەن بولساڭلار، بىرىڭلار ئۆتۈپ قالغانلىرىڭلار كەينىڭلارغا قايتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى مالىخاي كىيىۋالغان كىشى.

«قارشى تەرەپ بىزدىن گۇمانلىنىپ قالدىمۇ-نېمە؟ يالغۇز ئۆتسەك بىرەر چاتاق چىقىپ قالارمۇ؟» دېگەن ئويلار دەنچاڭنىڭ كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى دۆلەت گۆھىرى ھېسابلىنىدىغان تۆگسىمان ئالتۇن شۇنداقلا بىر ساقچىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەۋەككۈلچىلىك روھى نامايان بولدى. ئۇ ۋەزىيەتنى ئورۇنداپ، تۆگسىمان ئالتۇننى تېپىش ئۈچۈن ما قەبىلىسى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىشى كېرەك ئىدى. ئۇ باشقا خادىملارنى چېكىنىشكە بۇيرۇپ، ئۆزى يالغۇز قېپقالدى ۋە قارشى تەرەپكە قول ئىشارىسى قىلدى.

ئىككى كىشى سالنى تېزدىنلا بۇ ياققا

هەيدەپ قىرغاققا كەلدى. ئۇ ئىككى كىشى ناھايىتى قاۋۇل بولۇپ، قارىماققا مالىخاي كىيىۋالغان باشلىقتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ دەنچاڭنىڭ باش-ئاياغنى سەپسېلىپ سورىدى:

— فامىلەڭ نېمە؟

— فامىلەم جوۋ، — دەرھاللا جاۋاب بەردى دەنچاڭ.

سالغا يالغۇزلا دەنچاڭنى ئولتۇرغۇزۇپ ئۇ تەرەپكە ئېلىپ كېتىشتى. بۇ چاغدا قارشى تەرەپتىكى ئالتۇن قازغۇچىلار ئىشنى توختاتقانىدى. مۆلدۈرلەپ تۇرغان نۇرغۇن كۆزلەر ئۇلارغا تىكىلىپ تۇراتتى. جەنۇبىي قىرغاقتىكى سەپداشلار قارشى قىرغاقتا قانداق خەۋپ-خەتەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەي دەنچاڭدىن ئەنسىرەپ تەرلىرىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرتەلمەي قالغانىدى.

سال تېخى قىرغاققا كەلمەي تۇرۇپلا تاغدىكى ۋە دەريا ساھىلىدىكى ئالتۇن قازغۇچىلار ئاللىبۇرۇن قىرغاققا يېقىنلاپ كېلىپ بولغانىدى. دەنچاڭ سالدىن چۈشۈپ ئون ماڭدامچە ئالدىغا ماڭدى. بۇ چاغدا مالىخاي كىيىۋالغان كىشى تۇيۇقسىزلا سوزۇپ بىر ئىسقىرتىۋىدى، دەريا ساھىلىدىكى تاغدىن 200 دىن ئارتۇق ئالتۇن قازغۇچىلار ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. مۇرەككەپ كىشىلەر توپى، نادان چىرايلار، چەكچەيگەن كۆزلەر ئۇنى سۇ بويىدا قاتمۇ-قات قورشىۋالغانىدى. توپتىكى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى پىچاق، بەزىلىرى ئۆزى ياسىۋالغان مىلتىق، قارا مىلتىق، بەزىلىرى كالتەك كۆتۈرۈۋالغانىدى. مالىخاي كىيگەن كىشى:

— ئاناڭنى، سەن زادى نېمە ئادەم؟ ئۇچۇق دېمىسەڭ ھازىرلا تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەھۋال ناھايىتى جىددىي ئىدى، جەنۇبىي قىرغاقتا قالغان سەپداشلار جىددىيلىشىپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تۇرالمايلا كەتتى.

قورال ئالغان كىشىلەر توپى دەنچاڭنى قىستاپ كېلىۋەردى، دەنچاڭ قەدەممۇ-قەدەم ئارقىغا چېكىندى، ئارقا تەرىپى شىددەتلىك ئېقىۋاتقان دەريا ئىدى. چېكىنىشكە مۇمكىن بولمىغاندا دەنچاڭ يان قورالىنى سۇغۇرۇپ ئالدى، جەنۇبىي قىرغاقتىكى سەپداشلارمۇ قورالنى بەتلەپ تەييارلىقتا تۇردى.

— بىز ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ئەترىتى، بۇ يەرگە ۋەزىپە ئۆتەش ئۈچۈن كەلدۇق، قىمىرلاشما! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى. لېكىن كىشىلەر توپى ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلىمىدى، ئۇنى قىستاپ كېلىۋەردى، ئۇ دەرياغا چۈشۈپ كېتىشكە قىل قالدى.

دەنچاڭغا ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىدى.

قارشى تەرەپنىڭ ئادەملىرى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردىن بىر خىل ئۆچمەنلىك كەيپىياتى چىقىپ تۇراتتى. دەنچاڭدا بەش تال ئوق سېلىنغان بىرلا قورال بار ئىدى. ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ قورالى ئىلغار بولسىمۇ ئارىلىق بەك يىراق بولغاچقا قالايمىقان ئوق ئۈزۈشكە بولمايتتى. شۇنداق ئىكەن، ھازىرچە قارشى تەرەپنى تىنچلاندۇرۇش زۆرۈر ئىدى، سەللا بىخەستىلىك قىلىپ قالسا كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئۇنى قىيما-چىيما قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى.

— ھەي مالىخايلىق، — دېدى ئۇ، — سەن ئۇلارغا ئېيتقىن، بىز بىلەن قارشىلاشمىسۇن، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى بىلەن قارشىلاشقانلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى ئوبدان ئويلاپ بېقىڭلار.

مالىخاي كىيىۋالغان كىشى ئۈندىمەستىن يىراقتا تۇرغان ئاقساقال قېرىغا قايرىلىپ قاراپ قويدى.

دەنچاڭنىڭ كۆزى پاللىدە بىر ئېچىلىپلا تەدبىر تاپتى — ئۇ جاننى تىكتى. ئەگەر قارشى تەرەپنىڭ ھەيۋىسىنى باسالمىسا ئۆزىنىڭمۇ ھاياتلىق يولى قالمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەنۇبىي قىرغاقتىكى سەپداشلىرىمۇ قاراپ تۇرمايتتى، بۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان قانلىق جەڭ پارتلايتتى. «ئوغرىنى تۇتساڭ چوڭىنى تۇت، يىلاننىڭ بېشىغا ئۇر» دېگەن گەپ بار. دەنچاڭ قورالنى دەرھال ھېلىقى ئاقساقال قېرىغا تەڭلىدى ۋە:

— ھەي، ئاناڭنى، ئاڭلىدىڭمۇ، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرىمەن دېيىشىدىكەنسەن، ئالدى بىلەن سېنى ئېتىپ ئۆلتۈرىمەن! — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى ھەمدە ئاسمانغا قارىتىپ بىر پاي ئوق ئاتتى-دە، دەرھال قورالنى يەنە ھېلىقى

قىرىغا تەڭلىدى.

— قورالىمنىڭ ئىچىدە يەنە تۆت پاي ئوق بار، سىزنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشكە يېتىدۇ، سەن ئۇلارنى كەتكۈزۈۋەت! — دېدى ئۇ يەنە.

كىشىلەر توپى بېسىقتى، ھەممىسى ھېلىقى ئاقساقال قىرىغا تىكىلدى، ئۇلار بىلەن دەنچاڭنىڭ ئارىلىقى ئون مېترچە بار ئىدى.

شياۋنىڭ، لاۋچياۋلار قارشى تەرەپكە پىسخىكا جەھەتتىكى ھۇجۇمنى باشلىدى. لاۋچياۋ پىلىموتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قارشى تەرەپتىكىلەرگە ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

— يۇرتداشلار، قۇلاق سېلىڭلار، سىلەر بۇزۇق ئادەملەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىماڭلار، ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويماڭلار، سىلەر ناۋادا بىزنىڭ ئادىمىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ قويساڭلار، بۇنىڭغا چېتىشلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتىمىز، قوماندانلىق قىلغانىنى ئاتىمىز، سىلەرنىڭ خوتۇن-بالىلىرىڭلار بار، ئوبدان ئويلاپ بېقىڭلار...

شياۋنىڭ قورالنى قارىۋايغا تەڭلەپ مەجبۇرلاپ يۈرۈپ، ئىشنىڭ باش-ئايىغىنى ئېنىقلىدى. قارىۋاي ئەسلى ما ئائىلىسىنىڭ ئادىمى ئىكەن، ئۇ قارىۋاينى ئىتتىرىپ ئالدىغا ئۆتكۈزدى، قارىۋايمۇ قولىنى ئارانلا پۇلاڭشىتىپ گۇدۇڭشۇپ بىرنېمىلەرنى دەپ تۇۋلىدى.

قارشى قىرغاقتىكىلەر جىمىقىپ كەتتى، مالىخايلىق كىشى بىلەن بىرنەچچىسى ئاقساقال قىرىنىڭ قېشىغا يىغىلدى، يېرىم سائەتتىن كېيىن دەنچاڭنى قورشىۋالغان كىشىلەر توپى كەينىگە ياندى. مالىخاي كىيگەن كىشى كۆزىنى چىمچىقلىتىپ مۇنداق دېدى:

— سىلەر بىزنىڭ ئادەمنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن سىزنى قويۇپ بېرىمىز.

دەنچاڭ بىر ئويلىنىۋېلىپ، توقۇنۇشنىڭ ئەۋجىگە چىقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇنىڭغا قوشۇلدى. قارشى تەرەپ يەنە:

— بىز سىزنى ئاۋۋال ماڭغۇزمايمىز، بىزنىڭ ئادەم ئاۋۋال بۇياققا ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن سىزنى قويۇپ بېرىمىز! — دېدى. دەنچاڭ بۇنىڭغىمۇ يول قويدى.

ئۇلار ئەسلى ئەتكەسچىلەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ تۆگىسمان ئالتۇننىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلماقچى ئىدى، بىراق ھازىر بۇ پىلان ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. ئۇلار تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتمەي بولمىدى، يەنى ئەتراپتا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ پۇرسەتنى كۈتۈش كېرەك ئىدى.

ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ دالىدا مۆكۈنۈپ تۇرۇشى ناھايىتى جاپالىق بولىدۇ. ئالتاي تاغلىق رايونىدا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ. كېچىدىكى سوغۇق شامال بەدەنگە نەشتەردەك سانجىلىپ پۈتۈن بەدەننى تىترەك بېسىپ كېتىدۇ. ئەمما چۈشتە بولسا قۇياش نۇرىنىڭ پىژغىرىن ئىسسىقىغا چىداش قىيىن. ئەتىگەندە ۋە كەچتە يەنە پاشا-كۆمۈتىلەرنىڭ چېقىۋېلىشىدىن مۇداپىئەلىنىش كېرەك. بۇمۇ بىر خىل جەڭ ھېسابلىنىدۇ. تاقەت قىلىش، ئىرادە دېگەنلەرگە كەلسەك، كىم ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرەلىسە شۇ تۆگىسمان ئالتۇننىڭ خوجىسى بولىدۇ.

بىرنەچچە كۈنگىچە ما گۇرۇھىدىن ھېچقانداق شەپە چىقمىدى.

پەم-پاراسەتلىك دەنچاڭ يېڭى لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى كۆز ئالدىمىزدىكى ئادەمدىن بىرنى تاللاپ يىلاننى ئۇۋىسىدىن چىقىرىش كېرەك. دەل مۇشۇ پەيتتە كۈتۈلمىگەن باشقا بىر جىددىي ئەھۋال ئۇنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى بۇزۇۋەتتى.

سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق كەلگەن تېلېفوندا، ئالتۇن كانى بولغان مەلۇم بىر ناھىيىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى باشلىقى مۇ ئەتكەسچىلەرنى تۇتقىلى تاغقا كىرگەندە، ئالتۇن قازغۇچىلار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغانلىقى، ئىدارە باشلىقى زوراۋانلار تەرىپىدىن ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇلغانلىقى، ھازىر تاغ جىلغىسىغا قامىلىپ قالغانلىقى، شۇڭا يېقىندىن دەنچاڭنىڭ بارلىق ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ ھېلىقى باشلىقنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇق قىلىنغانلىقى.

## جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى باشلىقىنىڭ قامىلىپ قېلىشى، ئىنتايىن مۈشكۈل مۇھاسىرىنى بۆسۈش جېڭى

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئىدارە باشلىقى مۇ ئەتكەسچىلىك دېلوسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىر

نەچچە قوراللىق ساقچىنى باشلاپ تاغقا كىرگەنىدى. تېخى رەسمىي خىزمەتكە كىرىشمەي تۇرۇپلا بىر توپ ئاياللار تەرىپىدىن قورشىۋېلىنىپ ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. ئىدارە باشلىقى مۇ قاتارلىقلار ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ نەسىھەت قىلسىمۇ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. يىغىلغان ئالتۇن قازغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ ئاخىرى بىۋاسىتە توقۇنۇشتى. باشقىلارنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن نادان ئالتۇن قازغۇچىلار قوللىرىغا توقماق، پىچاق، مىلتىقلارنى ئېلىپ ئۇلارغا قاراپ ئۇستى-ئۇستىلەپ ئېتىلدى. ئىدارە باشلىقى مۇ نىڭ كۆپ يېرى زەخىملىنىپ قان توختىماي ئاقاتتى، بىرنەچچە قوراللىق ساقچى جەڭچىلىرى جېنىنىڭ بېرىچە ئۇنى قوغداپ بىر تاغ جىلغىسىغا كىرىۋالدى، ئەمما زوراۋانلار تارقىلىپ كەتمەي جىلغىنى ناھايىتى قاتتىق قورشىۋالدى. ئۇلار بىر كېچە-كۈندۈزگىچە سۇ ۋە يېمەكلىكتىن ئايرىلىپ قالدى ئۇنىڭ ئۈستىگە بەدىنىدىكى يارا ئېغىزلىرىنى تېڭىپ داۋالاشقا مۇمكىن بولمايتتى. ئەھۋال بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ گەرچە قورالى بولسىمۇ بۆسۈپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئاياللار ۋە بالىلارغا ئوق چىقارغىلى بولمايتتى.

ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىشنى سىناپ باققان بولسىمۇ ئۇنىڭ رولى ئانچە ياخشى بولمىدى، ئۇلارنى قورشىۋالغانلاردىن بىرسى:

— قورقماڭلار، ئۇلار بىزگە قارىتىپ ئوق ئاتالمايدۇ! — دەپ چۇقان سالغىلى تۇردى. ئۇلار بارغانچە يېقىنلاپ ئىدارە باشلىقى مۇ لارنى جىلغىغا قاپسىۋالدى، قاپسىۋېلىشنىڭ ئۆزى بىر خىل قارشىلىق كۆرسىتىش، شۇنداقلا بىر خىل جازالاش. ئۇلار ئۆزىچە مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كىچىككىنە پادىشاھلىقىنى قاشالاپ قوغدىماقچى، بۇ دېھقانلارچە مۇغەمبەرلىك ھەمدە دېھقانلارچە ئەخمەقلىق ئىدى.

بۇ نادان كىشىلەر توپى «ئورمانچىلىق قانۇنى»، «مۇھىتنى قوغداش قانۇنى»، «كان مەھسۇلاتى مەنبەسى قانۇنى»، «چېگرىنى باشقۇرۇش نىزامنامىسى» دېگەنلەرنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى جىڭغا ئولتۇرىدىغان ئالتۇندىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئىككى تەرەپ ئاشۇ پېتى تۇرۇۋەردى.

باشقىچە ئامال يوق ئىدى.

دەنچاڭ سەپداشلىرىنى باشلاپ ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى.

دەنچاڭ بۇ ھەقىقەتەن جەڭ مەيدانىدىكى ئۇرۇشقا ئوخشاش ئىش بولغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇلار بىر مەيدان قوراللىق جەڭنى باشتىن كەچۈرەتتى. ئۇ سەپداشلىرى بىلەن ئاۋۋال يەر تۈزۈلۈشىنى كۆزدىن كەچۈردى، مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇشتىكى جەڭ لايىھىسىنى تۈزۈپ، ۋاقتىنى، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش يولىنى بېكىتتى. ئاندىن سۈنئىي ھەمرالىق تېلېفون ئارقىلىق مۇھاسىرە ئىچىدىكى ئىدارە باشلىقى مۇ بىلەن ئالاقىلەشتى.

ئىككى تەرەپ سائەتنى توغرىلاپ، ئۆز-ئارا ماسلىشىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش تەييارلىقىنى قىلدى.

كۈن ئولتۇرۇپ بەلگىلىگەن ۋاقىت توشقاندا دەنچاڭ سىرتتىكى سەپداشلىرى بىلەن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقىرىپ، ئىچكىرىگە قاراپ ئېتىلدى. ئىدارە باشلىقى مۇ ئىچىدىكى كادىر-ساقچىلارنى باشلاپ بىر تەرەپتىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن سىرتقا قاراپ ئېتىلدى. قايمۇقۇپ كەتكەن كىشىلەر توپى بۇ ھەيۋەتلىك ھەرىكەتتىن قېتىپلا قالغانىدى، ئۇلار سىرتتىن قانچىلىك ئادەم كەلگىنىنى بىلمىگەچكە، بىر مەھەل قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن ھۈركىگىنىدىن پاتپاراق بولۇپ تەرەپ-تەرەپكە قاچقىلى تۇردى. دەنچاڭ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىدارە باشلىقى مۇ ۋە مۇھاسىرىدە قالغان قوراللىق جەڭچىلەرنى قۇتقۇزۇپ چىقتى.

## توختىماي زەربە بېرىش «ما ھاكىم» ۋە تۆگسىمان ئالتۇننى بىراقلا قولغا چۈشۈرۈش

بۇ بىر قاتار ۋەقەلەر ھەممىسى بىرلا چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. يەنى ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشكە باشلىغان، ئەتكەسچىلەرمۇ ھۆكۈمەت ۋە ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆچ ئېلىشقا كىرىشكەن پەيت ئىدى.

كۆتۈلمىگەن ۋەقە تۈگىسمان ئالتۇنىنى سۈرۈشتۈرۈشكە دەخلى يەتكۈزدى. دەنچاڭ ئۆزىنىڭ كىچىك شۆبە ئەترىتىنى باشلاپ ئوخشاش بولمىغان ئالتۇن قېزىش رايونى ۋە ئالتۇن قېزىش رايونى بىلەن ناھىيە بازىرى ئوتتۇرىسىدا توختىماي قاتىرىدى. ئۇلار بەشىنچى داۋانغا قايتىدىن بارغاندا تۈگىسمان ئالتۇنىنىڭ تاغدىن چىقىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدى.

دەنچاڭنىڭ كۆڭلى قاتتىق بىئارام بولدى، گېلىدىن غىزامۇ ئۆتمىدى.

ئۇنىڭ سەپداشلىرىمۇ ئوتتۇرۇپ قويغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنەتتى. نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دەنچاڭ ۋە ئۇنىڭ كىچىك شۆبە ئەترىتى تۈگىسمان ئالتۇنىنى دەپ تارتمىغان جاپاسى قالمىدى. ئەجەبا ئۇلارنىڭ تاغ يولى ئارىلىقىدا قانچە قېتىملاپ قاتراشلىرى، يول ئېغىزىنى كېچە-كۈندۈز بېقىپ يېتىشلىرى، ئاپتاپقا قاق سېلىنىپ، يامغۇر-يېغىندا سۇغا چىلىشىپ، پاشا-قوڭغۇزلارغا تالىنىپ يۈرۈشلىرىمۇ شۇنداقلا يوققا چىقارمۇ؟

ۋاقىت ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ. ئۇ تېزدىن تۈگىسمان ئالتۇنىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىش كېرەك. دەنچاڭ قايتىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قوروپ چىقتى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئىشەنچلىك خەۋەردىن بىرنى ئويدۇرۇپ چىقتى: تۈگىسمان ئالتۇن ھازىر ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىلگۈۋېتىپتۇ.

ئون نەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ جىنايەتچىنىڭ كىملىكىنى، جىنايەتچىنىڭ قەيەرگە چۈشىدىغانلىقىنى، جىنايەتچىنىڭ قايسى ئاپتوبۇستا ئۈرۈمچىگە بارىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن بۇ ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت ئىدى.

ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتمۇ پۇرسەت. دەنچاڭغا نىسبەتەن شۇنىڭ ئۆزىمۇ كۇپايە. سەھەر سائەت 7دىن 15 مىنۇت ئۆتكەن، تاڭ تېخى سۈزۈلمىگەنىدى. جىپ ماشىنا 520 كىلومېتىر يولنى كېچىدە بېسىپ ئەنجخەي چوڭ كۆۋرۈككە بالدۇرلا يېتىپ كەلدى.

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. كېچىچە كىرپىك قاقماي چىققان ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەتر-ەتدىكىلەر تۆت ئاپتومۇبىلنى تەكشۈرۈپ نىشانىنى ئۇچرىتالمىدى.

ئەجەبا ئاخبارات توغرا ئەمەسمىدۇ؟ ياكى ئەتكەسچى يولنى ئۆزگەرتىۋەتكەنمىدۇ؟ ياكى ئات ئايلىنىپ يول سارىنغا سېلىندىمۇ؟ ھەممىسى ئېھتىمالغا ھەم يېقىن، ھەم يىراق ئىدى.

قۇياش ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەرنى ئوتقا تاشلىغاندەك قىيناشقا باشلىدى. دەنچاڭنىڭ باش-كۆزىدىن تەرلەر چېپىلداپ ئاققىلى تۇردى. نۆۋەتچى ئاپتوبۇس جەدۋىلىگە قاراپ، يەنە بىر ئەڭ ئاخىرقى نۆۋەتچى ئاپتوبۇسنىڭ بارلىقىنى بىلدى.

دەنچاڭنىڭ ئىسسىقتا چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتكەن كاللىسىدا يەنە بىر ئۈمىد ئۇچقۇنى پەيدا بولدى. ئۇ، ئەتكەسچى ھەرقانچە بولسىمۇ ئاسمانغا چىقىپ كەتمىگەندۇ، دەپ ئويلايتتى.

مۆجىزە يۈز بەردى.

ئەڭ ئاخىرقى نۆۋەتچى ئاپتوبۇس ئاستا كېلىپ توختىدى، ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىدىكىلەر يولۇچىلارنى ئاپتوبۇستىن چۈشۈرۈپ تەكشۈرۈۋاتقاندا، دەنچاڭ شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ قىمىر قىلماي ئولتۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى. بۇ بىر بىشارەت ئىدى.

ئۇ يىراقتىن ئۇلارنى كۆزەتتى. ئۇنىڭ كۆزى خۇددى بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر بولۇپ ئادەمنىڭ ئىچىنى يېرىپ كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئوخشايتتى. ئۇ بىردىنلا ئۇلارنىڭ بىرسىنى تونۇغاندەك قىلدى. ئۇ كىشى يۇزۇر كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، كالىستۇك تاقىغان، ساقاللىرىنىمۇ پاكىز ئېلىۋەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ دەنچاڭ يەنىلا ئۇنى تونۇۋالدى. ئۇ ما گۇرۇھىدىكى ھېلىقى ئاقساقال قېرىغا بەك ئوخشايتتى.

ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىدىكىلەر ئۇلارغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن بۇ ئىككى ئەتكەسچى مەجبۇرىي ئاپتوبۇستىن چۈشۈرۈلدى. لېكىن بۇ ئىككىسى تېخىچىلا ئويۇن ئويناۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ بىرسى ساقىلىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئاقساقال قېرى بولۇپ ئۆزىنى «ما ھاكىم» دەپ ئاتىۋالغانىدى.

ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىدىكىلەر «ما ھاكىم» نىڭ ئېلىپ ماڭغان چامادانىنى ئاختۇرۇپ 800 گرام ئالتۇننى تېپىپ چىقتى. دەنچاڭ ئۇنىڭغا مەختەك قادىلىپ تۇرۇپ:

— ما ھاكىم؟ تۈگىسمان ئالتۇن قېنى؟ — دېدى ئۇنىڭ يېغىرىغا تېگىپ.

— يوق، تۈگىسمان ئالتۇن يوق...

دەنچاڭ تولۇق ئويلاندى.

— مېنىڭچە تۆگسىمان ئالتۇن جەزمەن سەندە، ما ھاكىم، سەن بوش ئادەممۇ، شۇنچە قىممەتلىك تەبىئىي ئالتۇننى باشقىلارغا بېرىپ قويۇپ خاتىرجەم بولالامسەن؟

ئۇنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ تاپالماي، «ما ھاكىم»غا كىيىمىنى سېلىشقا بۇيرۇق قىلدى. «ما ھاكىم» قارشى چىققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قارشى چىقىشلىرى كۈچتىن قالدۇرۇلدى. «ما ھاكىم» ئەڭ ئاخىرقى ئىچ تامبىلى بىلەنلا قالدى.

— بولدى، ئەمدى ئۇنى ئۆزۈڭ ئېلىپ بەرگىنىڭ تۈزۈك، پەسكە چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرىمەمسەن؟ بۇ چاغدا «ما ھاكىم»نىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

ئالتايدىن يېقىنقى يىللاردا تېپىلغان ئەڭ قىممەتلىك تەبىئىي ئالتۇن — تۆگسىمان ئالتۇن ئاخىرى خەلقنىڭ قولىغا قايتىپ كەلدى.

## ئۈچىنچى باب

### كاڭ دوزى ۋە ھېسسىيات تەربىيىسى

ئۇنىڭ فامىلىسى كاڭ بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى كاڭ دوزى دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ بۇ يىل تېخى 50 ياشقىمۇ كىرمىگەن بولۇپ ئانچە قېرى ئەمەس ئىدى. كاڭدوزى ئاقنانچى ئىدى، جەمئىيەتتە قاقتى-سوقتىلىق، ئالدامچىلىق، ئوغرىلىق، ئىشقىلىپ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان داڭق چىقارغان يەرلىك لۈكچەك ئىدى.

كاڭ دوزىنىڭ بىرەر توغرا كەسپى، تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ توغرا مەنبەسى يوق ئىدى. ئۇ ھامان ئۆزۈم پىش، ئاغزىمغا چۈش دەپ شۆلگىينى ئېقىتىپ تۇراتتى، لېكىن تەلىيى ئۇنىڭدىن كەلمەيتتى. قارىماققا ئۆزۈم باردەك تۇرسىمۇ زادىلا ئاغزىغا چۈشمەيتتى.

بۇ يەرگە سىرتتىن ئالتۇن ئىزدەپ كەلگەن نۇرغۇن ئالتۇن قازغۇچىلار تاغقا كىرىپ بېيىپ، ناھىيە بازىرىغا گاھى-گاھى پەيدا بولۇپ، پۇلنى ساماندەك خەجلەپ پاھشە ۋە قىمار ئويناپ يۈرسە، ھالبۇكى كاڭ دوزى جەندە چاپاندا دوگدىيىپ پاناھ جايى يوق يۈرەتتى.

كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشى شۇنچە مولچىلىق ئۆتىدۇ-يۇ، مەن نېمىشقا مۇشۇنداق ئەبگا پېتى يۈرىمەن؟ كاڭ دوزىنىڭ قەلبىدە تەۋرىنىش پەيدا بولدى.

ئالتۇن قېزىپ بېيىش خەۋەرلىرى ئۆزلۈكسىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى. بىر كېچىدىلا چوڭ باي بولۇش خام خىيالى مۇنداق بىر ھورۇننى تېخىمۇ قايمۇقتۇرۇۋەتتى. بۇمۇ ئاغزىغا چۈشىدىغان ئۆزۈم بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ كاڭ دوزى يۈك-تاقىنى ئۆشنىگە ئارتىپ تاغقا كىرىپ ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ زادى خاتىرجەم بولالمىدى. بۈگۈن «خېيىي توپى»غا ئۆزىنى ئاتسا، ئەتىسىگە كۆدە-كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ «ئەنخۇي توپى»غا كىرىۋالاتتى. باشقىلارنىڭ ئالتۇن قېزىشى ئوڭايدەك كۆرۈنسە ئۇنىڭغا تەس بىلىنەتتى. ئالتۇن تاسقاش خېلى كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. پارچە-پۇرات ئىشنى ھېچكىم قىلمايتتى. ئۇ چوڭ ئېقىمغا ئەگىشىپ، ئېيىغا ئارانلا بىرنەچچە گرام ئالتۇن بېرىدىغان ۋاقىتلىق ئىش ھەققىنى ئالالايتتى. كاڭ دوزى ئىچىدە، ئادەمنى بوزەك قىلدى، كۆزىنى قاغا چوقۇپ كەتكەنلەر دەپ تىللايتتى. ئۇ بارغان كانلار كۆپ، بارغانلا يېرىدە جېدەل تۇغدۇرۇپ، بارا-بارا كانلىقتا ئاز-تولا نامى چىقىپ قالغانىدى. دەنچاڭ تۇنجى قېتىم كاڭدوزىنى جامائەت خەۋپسىزلىك پەيچۇسىنىڭ يىغىۋېلىش ئورنىدا كۆرگەنىدى. ئۇ بۇ يەرنىڭ كونا «ئەزاسى» بولۇپ قالغاچقا، دەرۋازىدىن كىرىسىلا ھەممىسى تونۇش ئىدى. قورسىقى ئاچسا باشقۇرغۇچى خادىملاردىن يېگىدەك بىرنەرسە سورايتتى. خۇمارى تۇتسا ھاراقمۇ سورايتتى. ئۇ يىغىۋېلىشقا كىرىپلا قالسا يا كۈلگۈدەك، يا يىغلىغۇدەك بىر ھېكايە پەيدا بولماي قالمايتتى.

دەنچاڭ ئۇنى يالغۇز سوراق قىلدى. سوراق قىلغاندىمۇ ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن سوراق قىلدى. باشقىلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ نېمە جىنايەت، خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى، قايسى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى سوراپ يۈرمىدى. سىياسىي ھۇجۇم ئېلىپ بارمىدى. بەلكى بەھۇزۇر، ئاددىيتىنكى پاراڭلارنى قىلىشتى. كاڭ دوزى ياش ۋاقتىدىلا ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. بۇنداق بىر ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن كەڭ-كۇشادە پاراڭ سېلىشقانلىقىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى ئېلىپ قالدى. يىغىۋېلىش ئورنى سىرتقا قارىغاندا ئۇنىڭغا ئىللىق سېزىلدى.

دەنچاڭ ئۇنىڭ بىلەن يەنە كونا كان رايونىدىكى خەۋەرلەر ئۇستىدە پاراڭ قىلىشىپ ئاندىن ئۇنى بىللە ئېلىپ چىقتى. كاڭ دوزى ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

ئۇ بۇ ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ناھايىتى ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى؛ ئۇ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن بىرنېمە قىلىۋېتىلىشىدىن ناھايىتى ئەنسىرەپ، كۆڭلىدە قېچىپ كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە قاچماي، تاكى دەنچاڭنىڭ ئۆيىگىچە كەلدى. دەنچاڭنىڭ خوتۇن-بالىلىرى سىرتتا بولۇپ، ئۇ بۇ يەردە تېپىك بويتاق ئىدى. كاڭ دوزىنىڭ بۇ قېتىمقى ئالتىنچى سەزگۈسى توغرا بولۇپ چىققانىدى، بۇ دۇنيادا پىشقان، ئۆزۈمنىڭ ئېغىزغا چۈشىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدىكەن. ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئەترەت باشلىقى دەنچاڭ ئۇنى ئۆيىدە ھاراققا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ھوزۇرلىنىپ ئىچتى، يەنە ئەترەت باشلىقى دەنچاڭنىڭ يالغۇز كىشىلىك كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ خورۇلداپ ئۇخلىدى. ئاغزىغا كەلگەننى بولۇشىغا سۆزلىدى. تاغدىن-باغدىن گەپ ساتتى. ئىككىنچى كۈنى دەنچاڭمۇ ئۇنىڭدىن ھېچنېمە سورىمىدى. ئۇنى تەكەللۇپ بىلەن ئۇزىتىپ چىقىپ، يولغا سېلىپ قويدى. يەنە تېخى كۆپ پۇلمۇ يۇللۇق تۇتتى. كاڭ دوزىنىڭ بۇ قېتىم قەلبى لەرزىگە كەلدى. ئۇ ئۆمرىدە نېمىنىڭ تەسىرلىنىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. لېكىن بۇ قېتىم كۆڭلى باشقىچىلا بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياخشى ئادەمگە يولۇققانلىقىنى، دوستلۇققا يارىغىدەك بىر دوستقا ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلدى. باشقا سۆزگە ئورۇن قالمىدى، ئەمدى ئۇنى دوستۇم دەۋەرگىن.

— بۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئىشىڭ بولسا ياكى خەجلەيدىغان پۇلۇڭ يېتىشمىسە مېنى ئىزدە، — دېدى دەنچاڭ.

كېيىن كاڭ دوزى دەنچاڭنىڭ رازۋېتچىكى بولۇپ قالدى. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ، دېگەن سۆز مۇتلەق توغرىكەن. كاڭ دوزى ئىش كەلسە قاچىدۇ، جاپاغا چىدىمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، ھەممە يەرنى ئايلىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. «يولۋاس ئۇۋىسى»غا چوڭقۇرلاپ كىرىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ ئەسلىدىلا «ئۇۋا»دا تۇرۇۋاتقان ئادەم. كاڭ دوزى يەنە نۇرغۇن كان رايونلىرىدا يامان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىگە قارىتا كۆڭلىدە بىر خىل نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك بار ئىدى. ئۇلار ئۇنى شىلىپلا كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ياخشى ئادەم يوق ئىدى.

كاڭ دوزى يەتكۈزگەن ئۇچۇرلار ھامان خېلى ئىشەنچلىك بولاتتى، ھەتتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىدى. كان رايونىدىكى ھەرقايسى ئالتۇن قازغۇچى گۇرۇھلار گەرچە ئىچكى قىسمىدا قاتتىق ئىش تەقسىماتى قىلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بەرىبىر پۇل ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلغان قاغا-قۇزغۇنلار توپى ئىدى. كۆپچىلىك ھەر خىل ئىشلارنى مۇلاھىزە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەر خىل خەۋەرلەرمۇ تارقىلىپ يۈرەتتى، ھەرقايسى گۇرۇھتىكى ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن ئادەتكە ئايلانغان بىر ئىنتىزامى بار بولۇپ، يات ئادەملەردىن ھوشيار بولاتتى، لېكىن گۇرۇھلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تونۇش كىشىلەردىن ھېچكىم ھېچنېمىنى يوشۇرمايتتى. بۇ ئۇچۇرلار ھامان كاڭ دوزى ئارقىلىق ئۇچۇقلۇق ئاشكارىلىنىۋېرەتتى.

## ئالتۇن بوتۇلكىلىرىنىڭ ئاجىزلىقى

ئومۇمەن ئالتاي ئالتۇن تېغىدا يۈت تىرەپ تۇرۇپ ھۆكۈمران بولغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ قابىلىيەت ۋە سەزگۈرلىككە ئىگە ئالاھىدە كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئالتاي تاغلىرىدىكى ئالتۇن كانىدىن ئىبارەت بۇ قاقاس، غەيرىي تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتا بارلىققا كېلىپ، ماسلاشقانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، دېگەن قانۇنىيەت بويىچە يەرلىك تەبىئىيچىلىكنىڭ «بەگ»لىرىگە ئايلاندى. ئۇلار بۇ يەردىكى كۈچلۈكلەر، ئۇلاردا يا ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان سەۋر-تاقەت بار، يا ئۆزىنى باتۇر قىلىپ كۆرسىتىدىغان قارا نىيەت بار ياكى ئۇلارنىڭ كەينىدە يان باسىدىغان ئەمەلىي كۈچكە ئىگە كىشىلەر بار ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئۆزى مەلۇم رايون، مەلۇم تەشكىلاتنىڭ كاتىپىشى، ئۇلار قاقاس تاغ ۋە چوققىلاردا بىر كىچىك جەمئىيەت بەرپا قىلىۋالغان. قول ئاستىغا نەچچە ئونلىغان، نەچچە يۈزلىگەن، ھەتتا نەچچە مىڭلىغان ئالتۇن قازغۇچىنى توپلىۋالغان بولۇپ، بىر ۋارقىرىسا ھەممىسى ھازىر بولۇپ ئۇلارنىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەت قىلاتتى،

ئۇلار پاترىئارخاللىقنىڭ، كەسىپداشلار جەمئىيەتلىرى-نىڭ، رايونلارنىڭ ياكى دىنىنىڭ خىلمۇ خىل ۋاسىتىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن ئىشقا سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن قازغۇچىلار گورۇھىنى ئاجايىپ قاتتىق باشقۇراتتى. ئۇلار قول ئاستىدىكى ئالتۇن قازغۇچىلارنى يەنە رەھىمسىزلىك بىلەن شىلىپ، يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى تالان-تاراج قىلاتتى. ئۇلار مونوپول قىلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. شۇنداقلا يەنە ساختىلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆزلىرىنى بۇ گورۇھنىڭ مەۋجۇت-لۇقىنى قوغداۋاتقان، ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ مەنپە-ئەتىنى كۆزلەۋاتقان، ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان داھى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى.

ئالتۇن بوتۇگلىرى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرەتتى. شۇنداقلا يەنە بىر-بىرىدىن ئېھتىيات قىلىشاتتى، ھەتتا ئۆزئارا ئۆچەكىشەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رودىسى مول جايلارنى تالىشىش ئۈچۈن ئالتۇن قازغۇچىلارنى تالىشىپ، ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى زورايتىش مەقسىتىدە بىر-بىرىنى چەتكە قاقاتتى. قول چوماقلىرىنى ئىشقا سېلىپ چوڭقۇر ئۆچمەنلىك پەيدا قىلاتتى. بەزىلىرى ئاستىرتتىن ئۆزئارا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇراتتى، بۇنداق خىلمۇ خىل زىددىيەت ۋە روھىي ھالەتلەر ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى پايدىلىنىدىغان يوچۇقلار ئىدى. پەقەت ئۇلارنىڭ تومۇرىنى دەل جايىدا تۇتالىسا، يەنە كېلىپ ئالتۇن بوتۇگلىرى ۋە خوجايىنلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشقا ماھىر بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئۆزئارا چىقىشىۋالىدىغانلا بولسا، ئۇلار ھەمىشە بىلىپ-بىلمەي، مۇھىم ئۇچۇرلارنى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىغا ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ساقلىنالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن رەقىبلىرى-نى قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچرىتىپ قوياتتى.

مۇنداق مەسىلىلەرنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنىڭ بەزى مۇھىم يىپ ئۇچى ئەمەلىيەتتە ئالتۇن كانىدىكى تۈۋەن قاتلامدىن ئەمەس، بەلكى دەل ئۇلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن تېپىلاتتى.

ئالتۇن بوتۇگلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ كۆڭلىنىڭ قارىلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۇلار ياتلارنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلاتتى. ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ناھايىتى ياخشى پۇرسەت ئىدى. ھەرىكەت مۇۋاپىق بولسا، ئەتكەسچىلىك جىنايىتىگە كۈچلۈك زەربە بەرگىلى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە تەھدىت سېلىش رولىنىمۇ ئوينايتتى. بىر ئادەمنى جازالاپ، باشقا تەرەپلەرگە تەسىر كۆرسەتكەندە، ئالتۇن خوجايىنلىرىنى قارامىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىۋەتكىلى بولاتتى.

ئالتۇن بوتۇگلىرى ئارىسىدىكى بەزىسى ئۆز مەنپەئەتىنى شىزنداقلا ئۆز-ئۆزىنى قوغداش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرىغا خۇشامەت قىلىشنىمۇ خالايتتى. ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش قوشۇنى ئىچىدىن ئۆزلىرىگە ئاتالمىش «يۆلەنچۈك» ئىزدەيتتى. شۇ ئارقىلىق ئەتكەسچىلىك قىلىپ قۇيرۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويسىمۇ «قولايلىق» پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقچى بولاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ھەمىشە ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنى بەزى مۇجمەل ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۆزىنىڭ «قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان» لىقىنى ۋە «پاك» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇناتتى.

ئالتۇن ئەتكەسچىلىكى ئادەتتىن تاشقىرى مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئالتۇن بوتۇگلىرى ئۆز قولىدا ھەرقاچان خېلى كۆپ مىقداردىكى ئالتۇننى تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەزىلىرى ھامان تەلەي سىناش پىسخىكىسى بىلەن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلاتتى. ئەتكەسچىلىك جىنايەت بولسىمۇ، ئەتكەسچىلىك قىلىنغان ئالتۇن مىقدارىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، بىر تەرەپ قىلىشتا ئېنىق سىياسەت چېكى بار ئىدى. ئاز مىقداردا ئەتكەسچىلىك قىلسا ئادەتتە مۇسادىرە قىلىنىدۇ، جەرىمانە قويۇلىدۇ ياكى رىجىم ئاستىغا ئېلىنىدۇ. لېكىن ئەتكەسچىلىك قىلىنغان ئالتۇن بەلگىلىك ساندىن ئېشىپ كەتسە شۈبھىسىزكى، ئالتۇن خوجايىنلىرى قولغا ئېلىنىپ قانۇن بويىچە جازالىناتتى. ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغىنى تۈرمە ئىچىدىكى تۆمۈر پەنجىرىلىك تۇرمۇش بولاتتى. ئالتۇن تۇتۇپ تۇرغان ئالتۇن خوجايىنلىرىدا ھەمىشە ئىككى خىل

روھىي ھالەت كۆرۈلەتتى. بىرى، ئۇلار يوچۇق ئىزدەپ ئۆزلىرى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان ئەھۋالدا، قولىدىكى ئالتۇننى ئەتكەسچىلەرگە سېتىپ غايەت زور پايدىغا ئېرىشىشنى كۆزلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سەللا شەپە بولسا تۇتۇلۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى، تۈرمىدە يېتىشتىن قورقاتتى. ئاخىرى ئۆزىمۇ نابۇت بولۇش ۋە مال-مۈلۈكتىنمۇ قۇرۇق قېلىشتىن تەشۋىشلىنەتتى. ئالتۇن خوجايىنلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەتكەسچىلىك خۇددى ئۆز جېنىنى سېلىپ بېرىدىغان بىر مەيدان قىمارغا ئوخشايتتى، يەڭسە ھەسسىلەپ مەنپەئەتكە ئېرىشەتتى، ئۇتتۇرۇپ قويسا بىراقلا ئۆلۈۋالاتتى.

ئەتكەسچىلەرنى-تۇتۇش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئالتۇن خوجايىنلىرىنىڭ دەل مۇشۇ خىل روھىي ھالەتجەھەتتىكى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىناتتى. ئەتكەسچىلىك قىلغان ئالتۇننىڭ مىقدارى شۇنداقلا جىنايەت ياكى جىنايەت ئەمەسلىكىنى بېكىتىشتە سىياسەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىپ، «قۇيرۇق»نى تۇتقۇزۇپ قويغان بەزى ئالتۇن خوجايىنلىرىنى تىزگىنلەپ، ئۇلارنى قەرەللىك ھالدا دوكلات قىلىشقا بۇيرۇپ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇراتتى.

ئومۇمەن، ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئاتالمىش «شەپقەت كۆرسىتىش بىلەن تەھدىت سېلىشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش» ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ قارشى تەرەپنى پارچىلاپ ئالتۇن كانىنىڭ مەركىزىدە «جەڭگاھ» بەرپا قىلىۋالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم مۇھىم ئەتكەسچىلىك دېلوسىنى پاش قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلغانىدى.

## ئۈچىنچى باب.

## ...قىل سىنىشىش

... ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئالتۇن ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئۇسۇللىرى خىلمۇ خىل ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەتكەسچىلىك گۇرۇھى بولۇپ ئۇيۇشۇۋېلىپ، ئالتۇننى تەشكىللىك ھالدا ئالدامچىلىق بىلەن سېتىۋالاتتى. يەنە بەزىلىرى يالغۇز ھەرىكەت قىلىشقا خۇشتار بولۇپ تاغ ئىچىگە كىرىپ ئالتۇن سېتىۋالاتتى. بەزى ئالتۇن قازغۇچىلار كۆپرەك قوشۇمچە كىرىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن تاغدىن ئۆزلىرى ئالتۇن ئېلىپ چۈشەتتى. ئەھۋال بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى. ئالتۇن ئەتكەسچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ «يول بۆلەك»-لىرىمۇ بار ئىدى. ئوخشىمىغان ئەتكەسچىلەر ئۆزىنىڭ يول-بۆلىكىدىن يول تېپىپ يەيتتى. تاغنىڭ ئىچىدىن تاغنىڭ سىرتىغا توشۇش بىرىنچى بۆلەك ھېسابلىناتتى. بۇرۇلتوقاي ناھىيە بازىرى، كۆكتوقاي ناھىيە بازىرى ۋە ئالتاي شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگە توشۇش ئىككىنچى بۆلەك ھېسابلىناتتى. ئۈرۈمچىدىن تۆمۈر يول، تاشيول ئارقىلىق شاڭخەي ۋە گۇاڭجۇغا، ئۇ يەرلەردىن يەنە چەت ئەلگە توشۇش ئۈچىنچى بۆلەك ھېسابلىناتتى. بۇ مەخپىي ئەتكەسچىلەر يولى بىلەن ماگماي بەلكى باشقا يوللار بىلەن مېڭىپ، ئالتۇننى ئالتۇن بوتۇگلىرىنىڭ قولىدىن سېتىۋېلىپ ئۆزلىرى سىرتقا ئېلىپ بارىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. مۇنداق قىلغاندا تەبىئىي ھالدا ئىنتايىن زور پايدىغا ئېرىشكىلى بولاتتى.

مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئەتكەسچىلىك قىلىشتا ھامان ئەپچىل ئەتكەسچىلىك چارىلىرى تېپىلاتتى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ كۆزىنى بوياپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتەلەيتتى.

## توپ-توپ بولۇپ تاغدىن چۈشكەن ئاياللار

ئالتاي تېغىدىكى ئالتۇن كان نۇقتىلىرىغا ئاياللار ئولتۇراقلاشقانىدى. چوڭراق كان رايونلىرىنىڭ ھەممىسىدىلا توپ-توپ ياش چوكانلار كىرىپ-چىقىپ يۈرۈشەتتى. ئاياللار بىلەن ئالتۇن ئوتتۇرىسىدا چۈشەنگىلى بولمايدىغان باغلىنىش بار ئىدى. گەرچە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالتۇن چىقىدىغان رايونلارنىڭ ھەممىسى چەت-يىراق، ھاۋا كېلىماتى ناچار، قاقاس چۆل جايلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جايلاردىن كۆپلەپ ئالتۇن چىقىدىغانلا بولسا ئۇ يەردە دەرھال ئاياللار پەيدا بولاتتى.

بەزى ئالتۇن قازغۇچىلار بۇ يەرگە خوتۇن-باللىرىنى ئېلىپ چوڭ-كىچىك ھەممىسى كېلەتتى. لېكىن كۆپ ساندىكى ئاياللارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن

بىرگە ياشاۋاتقان ئەرلەر بىلەن ھەرگىزمۇ قانۇنىي ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

نومۇسنى سېتىش ئالتۇن كانىدىكى ئاياللارنىڭ ئادىتى. ئاشنا تۇتۇشمۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل شەكلى ئۆزگەرگەن نومۇسنى سېتىش ئىدى. ئالتۇن قازغۇچىلار ئاياللارنى سېتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك يەككە-يىگانە تۇرمۇشىدىكى چىداش قىيىن بولغان جىنسىي ئېچىرقاشلىرى ۋە تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى ئويلايتتى. ۋەھالەنكى بۇ يەرگە ئەگىشىپ كەلگەن ئاياللار دەل بۇ يەردىكى ئالتۇنغا كۆز تىكىپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېلىپ بۇ ئېغىر تەن تىجارىتىنى قىلاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى سىشىتەيخۇ ۋەزىرىنى خېيلوڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئېغىزىدىن ئېقىنغا قارشى مېڭىشقا ئەۋەتىپ، ئۇدۇل موخې دەرياسىنىڭ ئالتۇن جىلغىسىدىكى 31-پونكىتقا تۇتىشىدىغان ئالتۇن يىغىش يولىنى ئاچقۇزغان. بۇ يەردە يول بويى ئالتۇن يىغىدىغانلارغا ئەگىشىپ، قوغلىسىمۇ كەتمەيدىغان ئىككى خىل ئادەم بار ئىدى. يەنى ئۇلارنىڭ بىر خىلى، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقا بۇيۇملارنى ساتىدىغان ئۇششاق سېتىقچىلار. ئىككىنچى خىلى، قىستىلىشىپ كېلىۋاتقان پاھىشە ئاياللار.

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى كونا موخې دەرياسى خېيلوڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئېرىگەن قار-مۇزلىرى بىلەن بۇزۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇ يەردىكى نوپۇس 20 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، ئۇ چاغدا بازىرى ئىنتىك كەسىپ پاھىشىلىك كەسپى ئىدى. چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى خوخشىل تېغى يۇرچاق ئالتۇنىنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقى بىلەن داڭق چىقارغان. ئۇ يەرنىڭ ھاۋا كېلىماتى ناچار، دېڭىز يۈزىدىن 4700 مېتىر ئېگىز، كىسلاروت شالاڭ بولۇپ، نەزەرىيە جەھەتتە ھاياتلىق چەكلەنگەن رايونلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى. ئۇ يەرگە مۇساپىر بولۇپ بارغان ئالتۇن قازغۇچىلار جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويغانلار ئىدى. گەرچە تەبىئىي شارائىت شۇنداق يامان بولسىمۇ، ئۇ يەرگە ئەگىشىپ بارغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى باتۇر ئاياللارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بىر كۈندە نەچچە ئونلىغان قارام ئەرنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر جىسمانىي مەشغۇلات بىلەن شۇغۇللىناتتى ۋە شۇڭا بىردىنلا بېيىپ كېتەتتى.

ئالتاي تېغىغا كىرگەن ئاياللار بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇلارنىڭ مۇقىم ئۆز تۇرالغۇسى بار بولۇپ، تاغ باغرىغا ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ تۇرالغۇسىغا ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان پاكار كەپىلەرنى سېلىۋالغانىدى. ئاشكارا مېھمان قوبۇل قىلىپ ھەق ئالىدىغانلار پەقەت ئاز ساندىكىلىرى بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئاياللار ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ «ئائىلە» سىگە كىرىپ، ئۇلار تۇرىدىغان كەپىلەردە بۇزۇقچىلىق قىلاتتى ياكى ئۆزىنى مەلۇم ئورنى بار ئالتۇن قازغۇچى ياكى ئالتۇن بوتوڭلىرىنىڭ قوينىغا ئېتىپ ئۇلار بەرگەن نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلاتتى. ئالتۇن بوتوڭلىرى قولىدىكى ئالتۇن ماللارنى باشقۇرۇپ، قول ئاستىدىكى ئالتۇن قازغۇچىلارنى ئىشلىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئورغۇن ئاياللارنىمۇ باشقۇراتتى.

خونەنلىك ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئۇلار ھەرقايسى كان ئورۇنلىرىغا جايلاشقانىدى. ئۇلار ئالغاچ كەلگەن ئاياللارمۇ ئەڭ كۆپ ئىدى. بۇ ئاياللارنىڭ كۆپى ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ ئاشنىلىرى. ئۇلار تاغ باغرىدا ياسىۋالغان كەپىلەردە ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇپ يېرىم تۈپلىشىپ ياشاشقا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

تاغقا كىرگەن ئاياللار نىھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ باھاسىمۇ تەبىئىي ھالدا چۈشۈپ كېتەتتى، خېلى بىر قىسىم ئاياللارمۇ ئالتۇن قېزىش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇراتتى.

ئاياللارنىڭ ئۆز ياشاش يولىنى ئېچىش چارىسى تېخىمۇ ئوڭايراق پۇل تېپىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئومۇمەن، ئالتۇن چايقاش دەرياسىدا ئاياللار كىشىلەر ئويلاپمۇ باقمىغان يەنە بىر خىل خىزمەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، بىر خىل كەمكۈتسىز قورالغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

دەنچاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىدىكىلەر بىر خىل غەلىتە ئەھۋالنى بايقىدى. تاغدىكى ئاياللار يېرىم ئاي ياكى بىر ئايدا بىرەر قېتىم، ئون نەچچىسى بىر توپ بولۇپ تاغدىن چۈشەتتى-دە، ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئاز بولغاندا ئىككى-ئۈچ كۈن، كۆپ بولغاندا ئالتە-يەتتە كۈن تۇراتتى. ئۇلار بەزىبىر تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئاندىن قايتىپ كېتىشەتتى.

بۇ ھالەت ناھايىتى قانۇنىيەتلىك بولۇپ دەۋر قىلىپ تۇرۇۋەردى.

ئالتۇن كاندىكى ئاياللار ناھايىتى ئەركىن ئىدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن ناھىيە بازىرىنى توپ-توپ بولۇپ بىر ئايلىنىپ چىقاتتى.

ئۇلار ئادەمنىڭ گۇمانىنى قوزغىماي قالمايتتى. ئۇلار توپ-توپ بولۇپ تاغدىن چۈشۈپ زادى نېمە قىلىدىغاندۇ؟

دەنچاڭ ئىنچىكە ئويلاشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ ئاخىرى بۇنىڭدا مەسىلە بارلىقىنى ھېس قىلدى.

بىر ئادەم مەسىلىنى تەھلىل قىلغاندا ھامان ئۇنىڭ ئەقلغە ئۇيغۇن كېلىش-كەلمەسلىكىنى، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسىنى تېپىشى كېرەك. گەرچە ئاياللارنىڭ تاغدىن چۈشۈشى بىر-ئىككى قېتىملا بولسىمۇ بۇ ئىشنىڭ ئۆزى ئەقلغا سىغمايتتى. ئالايلۇق، بۇ ئاياللار ئالتاي تېغىغا ساياھەت قىلغىلى كەلگىنى يوق. ئۇلارنىڭ ئۆيىنى، كەسپىنى تاشلاپ، يۇرتىدىن ئايرىلىپ، نورمال ئاياللارنىڭ نورمال تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىشتىكى مەقسىتى — نورمال ئاياللار ئېرىشەلمەيدىغان يۇقىرى كىرىمگە ئىگە بولۇش. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار نېمە ئۈچۈن پۇل تاپىدىغان ۋاقىت ۋە پۇرسەت-تىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ۋاز كېچىپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا ناھىيە بازىرىغا كېلىپ ئايلىنىدۇ؟

توغرا، ئاياللار ھامان ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا كېرەكلىك بۇيۇملارنى سېتىۋېلىشى كېرەك. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ تاغدىن توپ-توپ بولۇپ چۈشۈشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ناھىيە بازىرىدا شۇنچە ئۇزاق تۇرۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق.

ئۇنداق بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ چوقۇم باشقا سەۋەبى بار.

ئەمەلىيەتتە، دەنچاڭ بۇنىڭدىن ئاللىقاچان گۇمانلانغانىدى. ئۇنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىدىكىلەر ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىمۇ بۇ ئەھۋالغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلگەنىدى. ئەڭ مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈش پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئالتۇن ئەتكەسچىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

رەسمىيەت بويىچە يولدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ مەسىلە بايقالمىدى. ئۇلارمۇ پاك بولۇپ چىقتى.

پاكلىك — بىر خىل ساختا كۆرۈنۈشمۇ قانداق؟ چۈنكى ئۇلارنىڭ مەيلى قانداق ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا يەنىلا ئايال. بىزنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەر، شۇڭا، تەكشۈرۈش جەريانىدا ھامان بەزى قولايسىزلىقلار كۆرۈلەتتى. گەرچە بۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئۇزاق جەڭ مەيدانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، ئاما ئالدىدا كىيىمنى سالدۇرسىمۇ چىرايى ئۆزگەرمەيدىغان، يۈرىكى سالمايدىغان قاقباشلار بولغاچقا، بىزنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىمىزدىكىلەرنىڭ ئۇلارنى تەلتۆكۈس تەكشۈرۈپ چىقىشى يەنىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مەسىلىنىڭ بايقالمىغانلىقى، ھەرگىز مەسىلە يوقلۇقىنى ئىسپاتلىمايدۇ.

## يۈقتۇلئادە خىزمەت ئورنىدىكى ئايال جەڭچىلەر

خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن ئەتكەسچىلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتىدە بىردەك ئەرلەرلا بولۇش ئەنئەنىسى بۇزۇۋن تاشلاندى. شۇڭا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ بەدەن تەكشۈرۈپ جەھەتتە چالا قېلىش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ شتاتىنى كۆپەيتىشنى قارار قىلىپ، مەخسۇس بىر تۈركۈم ئايال كادىر-ساقچىلارنىڭ يۆتكەپ كەلدى. شۇنداقلا بەزى قىزلارنى ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ ئەزالىقىغا يېڭىدىن قوبۇل قىلدى.

خىزمەتنىڭ ئەھمىيىتى، مەقسىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈلدى. خىزمەت ئۇسۇلى، خىزمەت تەجرىبىسى ئۈستىدە ئەترەت ئەزالىرى ئىچىدىكى قىز-ئاياللار ئۆزلىرىگە تايىنىپ ئىزدىنىدىغان بولدى.

كۆپچىلىك ئۆزىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى بىرلا ئاڭلاپ، چۈشىنىپ، ئويلىسىلا ئۇنىڭ كۆڭلىلىك

ئىككىلىكنى ھېس قىلىشاتتى. ئۇلار ھازىر كەسپىي ئاياللار بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە كۆپ ساندىكىسى تېخى تۇرمۇشلۇق بولمىغان قىزلار ئىدى. ئەسلىدە ئۇلار ئاياللارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا بەزى كەسپلەرنى تاللىسىمۇ بولاتتى. لېكىن ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش خىزمىتى ئۇلارنى بىرىنچى سەپكە چىقىرىپ قويدى. ئەمدى ئۇلار ھېلىقى نومۇسسىز ئاياللار بىلەن ھەپىلىشىشى كېرەك ئىدى.

شىياۋشىن ئەقىللىق، زېرەك قىز بولۇپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەسلىدە ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ساقچى مەكتىپىنىڭ تۇرمۇشى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. ئۇ كىنوغا ئامراق بولۇپ كىنودىكى جەسۇر، قامەتلىك ئايال كادىر- ساقچىلار ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۈلگىگە ئايلانغانىدى. لېكىن ئۇ بىرىنچى قېتىم خىزمەت ئورنىغا بېرىش بىلەنلا قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى.

تاغدىكى بىر توپ ئاياللار ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئۇستى- بېشى پاسكىنا بولۇپ ئۇلاردىن بىر خىل بەدبۇي پۇراق بىخسىپ تۇراتتى.

شىياۋشىن ئۇلارنى فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن يامان كۆرەتتى. رەسمىيەت بويىچە تەكشۈرۈش ھۆكۈمەت ئىشىنى ئىشلەش بولۇپ، شىياۋشىن يەنىلا ناھايىتى ئەستايىدىل ئىشلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ ئاياللارغا ئۇنداق ئاسان تاقابىل تۇرغىلى بولمايتتى. ئۇلار ئاۋازلىرىنى غەلىتە چىقىرىشىپ، پەلىپەتىش سۆزلەرنى قىلىپ، شىياۋشىننىڭ يۈزىنى شەلپەردەك قىزارتىۋەتتى.

ئۇ بىرىنچى تۇركۈمدىكى ئاياللارنى تەكشۈرۈپ ھېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەيدۇ- دە، يىغلاپ تاشلىدى.

دەسلەپكى بىر نەچچە قېتىمدا ئۇنۇم زور بولمىدى. شىياۋشىن تاغدىن چۈشكەن ئاياللارنى ئۆيگە ئەكىرىپ، رەت بويىچە ئۇلارنىڭ چاپىنى، شىمى ۋە ئايىغىنىڭ تېگىنى، ئاندىن كېيىن ئىچىدىكى شىمىنى، لىپتىكىلىرىنى، چاچلىرىنى... تەكشۈرەتتى. ئايرىم ئاياللارنىڭ ئازراق مىقداردا قۇم ئالتۇننى تىقىۋالغانلىقىنى تاپقاندىن باشقا ھېچقانداق غەيرىي ئەھۋالنى سەزمىدى. باشقا ئايال كادىر- ساقچىلارنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش جەريانىدىكى ئۇنۇمىمۇ ئاساسەن شۇنداق بولدى.

ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ مۆلچىرىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئازراق ئالتۇن ھەرگىز بۇنىڭ بىر خىل تەشكىللىك، غەرەزلىك ئەتكەسچىلىك پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى.

ئالتاينىڭ گېزىتلىرى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ گېزىتلىرىدىن خېلى كېيىن كېلەتتى. شىياۋشىن گېزىت ئوقۇشنى، بولۇپمۇ قانۇنچىلىق جەھەتتىكى خەۋەرلەرنى، تاموژنا جەھەتتىكى خەۋەرلەرنى، ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇشقا دائىر خەۋەرلەرنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر خەۋەردە، جوخەي شەھىرىنىڭ گۇڭبېي تاموژنىسى بىر ئايال ئالتۇن ئەتكەسچىسىنى قولغا چۈشۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېنىگە يوشۇرۇپ، ئالتۇننى جىنسىي يولىغا تىقىۋېلىپ كۆز بوياپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بىزنىڭ زېرەك تەكشۈرۈش خادىملىرىمىز تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ تۇتۇلدى، دېيىلگەنىدى.

بۇ خەۋەر ئۇنى ئىلھاملاندۇردى. بۇ ئاياللارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئالتۇن ئەتكەسچىلىكى قىلىۋاتامدىغاندۇ؟

ئەمەلىيەتتە بۇ پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. بۇ ئاياللار پاك ئائىلىدىن چىققان ئاياللار ئەمەس، بۇنداق قىلىشتا ئۇلاردا پسىخىكىلىق توسالغۇ يوق. ئالتۇن يىغىدىغان رايوندا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغىنى پۇل پرىنسىپى. بۇ يەردە تاپىدىغان پۇل بولغاچقا ئۇلارنى توپلىشىپ تاغدىن چۈشۈشكە ئالدىراتقان. مانا بۇ سەۋەب ئۇلارنىڭ بارلىق ھەرىكىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى. بىر نەچچە قېتىملىق تەكشۈرگەندىكى ئالامەتلەردىن قارىغاندا، ئورغۇن ئاياللارنىڭ چىراي ئىپادىسى جىددىي بولغانىدى، بۇمۇ ئۇلارنىڭ قورسىقىدا جىن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئويىنى داچياۋغا دوكلات قىلغانىدى، داچياۋ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— شۇنداق، ئەترەت باشلىقى دەن چاڭ ئاللىقاچان مۇشۇنداق قارايتتى. بىزمۇ ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق قارىغان ئىدۇق، سىز يۈرەكلىك ئىشلەڭ، — دېدى.

شىياۋشىن تېزلا پىشىپ يېتىلدى. ئۇ ئەڭ ئەپچىل بىر چارىنى ئويلاپ، تاغدىن چۈشكەن

ئايالارنى ئۆيگە ئەكىرىپ، ھەر بىرىگە بىردىن كارشوك تارقىتىپ كىچىك تەرەت قىلىشنى بۇيرۇدى.

بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ تۆلكە قۇيرۇقى تۇتۇۋېلىندى. ئايالار بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇشۇپ قالدى ۋە ئاندىن كېيىن بۇنداق تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى.

ئىش ھەمىشە شۇنداق بولىدۇ. سەن قارشى تەرەپنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگكۈزەلمىسەڭ ئۇ سېنى كۆزىگە ئىلماي ئەخمەق قىلىدۇ، ئەكسىچە، ئۇنىڭ روھىي ھالىتى جىددىي پوزىتسىيىسى نورمالسىز بولۇپ چىچاڭشىپ كەتسە، بۇ سېنىڭ ھالقىلىق جايىنى تۇتقانلىقىڭنى، دەرھال نەتىجە چىقىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

ئۇلار ئۆزىنى قاچۇرىمەن دەپمۇ قاچۇرالمىدى، شياۋشىن بىر ئايالنىمۇ نەزەرىدىن ئۆتكۈزۈۋەتمىدى. روھىي چۈشكەن ئايالار زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋىدى، دەرۋەقە ئويلىغاندەك، ھەر بىرى كىچىك سۇلياۋ خالتىغا ياكى گاندونغا قاچىلانغان كېپەك ئالتۇن «سىيدى»، ھەر بىر كىچىك خالتىدىكى كېپەك ئالتۇننىڭ ئېغىرلىقى 200 گرامدىن 250 گرامغىچە چىقاتتى. كېيىن تەكشۈرۈش ئۇسۇلى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇلدى. ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ ئايال ئەزالىرى تەكشۈرمەكچى بولغان ئايالارنى ئۆيگە ئەكىرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇيتتى. شۇنداق قىلغاندا بەش مىنۇتتىن ئون مىنۇتقىچە بولغان ئارىلىقتا جىنسىي يولىغا يوشۇرغان كېپەك ئالتۇنلار ئۆزلۈكىدىن چۈشەتتى.

شۇنداق قىلىپ كاندىكى ئايالارنىڭ توپلىشىپ تاغدىن چۈشۈپ ناھىيە بازىرىنى ئايلىنىشتىكى بارلىق سىرى ئېچىلدى. ئۇزۇن ۋاقىت ئايالارنى قورال قىلىشتىن پايدىلانغان چوڭ كۆلەمدىكى ئەتكەسچىلىك ئەنزىسى پاش قىلىندى. شياۋشىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ئەتكەسچىلەر بۇ ئايالارنى سېتىۋېلىپ، ئاۋۋال يېرىم پۇلىنى بېرىپ تاغدىن ئالتۇننى «قاچىلاپ» توشۇتاتتى. بۇ ئايالار بىزنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش چازىمىز ئارقىلىق ناھىيە بازىرىدىكى مەلۇم تۆۋەن دەرىجىلىك سارايغا كېلىپ «مالنى چۈشۈرگەن»دىن كېيىن، ئەتكەسچىلەرمۇ تاغدىن چۈشۈپ مالنى تەكشۈرۈپ ئېلىپ ئايالارغا قالغان يېرىم ھەققىنى بېرەتتى. ئاندىن كېيىن ئالتۇنلارنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە باراتتى.

ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى مۇشۇ يىپ ئۇچى بويىچە ئىز قوغلاپ ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچە ئەتكەسچىلەر ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلىدى.

## ئەرلەرنىڭ ئەرلەرگە چۈشلۈق هىيلە-نەيرەڭلىرى بولىدۇ

ئايالارغا ئوخشاش باش قاتۇرغان كىشىلەر ئالتۇننى يوشۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئەقىل ئىشلىتىپ، قايتا-قايتا ئويلىغاندىن كېيىن مۇنداق قاراشتى: ئالتۇننى كىيىمنىڭ ئىچىگە يوشۇرسا سىلاپ تېپىۋالىدۇ. پاختىلىق چاپان ياكى شىمنىڭ قېتىغا تىكىۋالسا ئاسانلا يوتۇپ كېتىدۇ. ئۇنى يەنىلا بەدەننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇش ئەڭ ئىشەنچلىك. ئاياغنىڭ چەمگە يوشۇرۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇ، ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ھەر قېتىم نۇقتىلىق تەكشۈرىدىغان جاي. قالپاق ۋە قورالارمۇ ئەلۋەتتە ئالتۇننى ئېلىپ چىققىلى بولىدىغان ياخشى نەرسىلەر، مەسىلەن: تۆمۈر گۈرجەكنىڭ سېپى بىلەن تۇتاشقان جايى، ياغاچچىلار ئىشلىتىدىغان رەندە، قۇرۇلۇش قىلغاندا كىيىدىغان تال چىۋىقتىن توقۇلغان قالپاق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچىدىن كاۋاك ئېچىپ ئالتۇننى يوشۇرۇپ قويغىلى بولىدۇ. ھەر بىر جاينىڭ ئۆزىگە چۈشلۈق ئارتۇقچىلىقى بار، يېتەرسىزلىكىمۇ بار. ئۆز ئارا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئالتۇننى بەدەندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ چىقىش تېخىمۇ يوشۇرۇنراق بولىدۇ.

بىز دەسلەپ تىلغا ئالغان «ما ھاكىم» ھېلىقى تۆگىسمان ئالتۇننى بىر تال ئىنچىكە يىپ ئارقىلىق جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئاستىغا باغلاپ قويغانىدى. ئەگەر ئالدىن ئاخباراتقا ئىگە بولمىغان بولساق كۆز بوياپ ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىمالى ناھايىتى زور ئىدى.

لېكىن يەنە بىر خىل ئۇسۇل «ما ھاكىم»-نىڭ ئۇسۇلىدىنمۇ ئىشەنچلىكتەك قىلاتتى.

بىر كۈنى دەنچاڭ شياۋنىڭ بىلەن لاۋچياۋنى

باشلاپ تاغ ئىچىگە كىرىۋېتىپ، ئالتۇن قېزىش رايونىغا يېتىپ بارمايلا ئورمانلىق ئىچىدىن 30 نەچچە ئالتۇن قازغۇچىنىڭ دەل تاغ ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ كىيىنىشىدىن ھېچنېمىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ئۇلار تاغدىكى ئالتۇن قازغۇچىلارغا ئوخشاش ئەسكى-تۈسكى، يىرتىق كىيىملەرنى كىيىۋالغان بولسىمۇ لېكىن چىرايى ئانچە ئوخشىمايتتى. يىل بويى تاغ ئىچىدە ئالتۇن كولاپ ئالتۇن چايقىغۇچىلارنىڭ يۈزى قېپقىزىل بولۇپ كېتەتتى. لېكىن بۇلارنىڭ يۈزى بەكلا ئاپئاق ئىدى. يۈزىنىڭ ئاق بولۇشى شەھەرلىكلەرنىڭ بەلگىسى. بۇ، ھېچبولمىغاندا ئۇلارنىڭ تاغدا ئانچە ئۇزۇن تۇرمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

دەنچاڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇلارنى توسۇدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىدىن:

— ئاكىلار، تاغدا نېمىشقا ئىشلىمەيسىلەر؟ ھازىر نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ يەردە ئىشلىمەيمىز، بۇ يەرنىڭ جاپاسىغا چىدىمىدۇق. شۇڭا كۆپچىلىك بىرگە ھەمراھلىق ئۆيگە قايتماقچى بولۇپ ماڭدۇق، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

— سىلەر تاغقا كېلىپ ئىشلىگىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟ — دەپ سورىدى دەنچاڭ.

ئۇ دەنچاڭنىڭ گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ھەمراھلىرىغا قاراپ قويۇپ: دەنچاڭ كۈلۈپ قويۇپ.

— كەلگىلى يېرىم ئاي بولغانىدى، — دېدى.

— يېرىم ئايدا قانچىلىك ئالتۇن قازغىلى بولسۇن، ئۇ ئېھتىمال قايتىدىغان يول كىراسىغىمۇ يەتمەس، — دېدى.

ئۇ دەنچاڭنىڭ كەينىڭ ئورامىغا قاراپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، بۇ قېتىم قاتتىق زىيان تارتتۇق، — دېدى.

ئەمەلىيەتتە دەنچاڭ ھەممە گەپنى مەقسەتلىك سورىغان بولۇپ، ئۇنىڭ سورىغانلىرىنىڭ ھەممىسى تۇزاق ئىدى. ئەگەر ئىشلىگىلى ناھايىتى ئۇزۇن بولدى، ياخشى قۇم ئالتۇن تېپىۋالدۇق دېسە بۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە زىت كېلەتتى. ئەگەر باشقىچە جاۋاب بەرسە، شۇ بويىچە سوراۋەرسە يەنە بىر مۇنچە زىددىيەت ئاشكارىلىنىپ قالاتتى — تاغقا كىرگەنلەرنىڭ كۆپى ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ئالتايغا كەلگەن تۇرسا نەدىمۇ يېرىم ئايلا ئىشلەيدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە زىيان تارتقان تۇرۇقلۇق ھەمراھلىق ئۆيگە قايتىدىغان ئىش بولسۇن؟

دەنچاڭ «تەكشۈرۈش كىنىشكىسى» نى كۆرسىتىپ ئۇلارغا:

— بىز ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىن، تاغدىن چىققان ھەممە ئادەمنى تەكشۈرۈش ھوقۇقىمىز بار، — دېدى.

شياۋنىڭ بىلەن لاۋچياۋ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، ھەر بىرى بىر بۇرجەكتە تۇرۇپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلدى.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئەتكەسچىلەر ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىگە ئۇچراپ قالسا، رەقىبلەر تار يولدا ئۇچرىشىپتۇ دېگەندەك، دەرھال ھودۇققانلىقىنى ئىپادىلەپ قوياتتى. لېكىن ئۇلار ناھايىتى خاتىرجەم تۇراتتى. بىر قۇر تەكشۈرۈپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، ئۇلارنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ قېپيالىڭاچ تەكشۈرۈپمۇ ھېچنېمە تاپالمىدى. دەن چاڭ بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلدى.

بۇ خىل ئەھۋالدا قويۇۋېتىشى كېرەك ئىدى. دەلىل-ئىسپات بولمىسا، دەنچاڭنىڭ ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ھوقۇقى يوق ئىدى.

دەنچاڭ قولىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇلارنى كىيىملىرىنى كىيىۋالار دېمەكچى بولۇۋېدى، ئۇلار دەنچاڭنىڭ قول ئىشارىسى قىلغانلىقىنى كۆرۈپلا خۇددى كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندەك دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

شياۋنىڭ ئۇلارنى «توختاپ تۇرۇڭلار» دەپ توختىتىۋالدى.

دەنچاڭمۇ «سىلەر ئاۋۋال توختاپ تۇرۇڭلار» دېدى.

ئۇلار شياۋنىڭنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، ئۇ يەردە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

شياۋنىڭ ئۇلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بىرسىنىڭ كۆتىدىن بىر تال كىچىك يىپ چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالدى. ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ قارىسا، ھەر بىرسىنىڭ كۆتىدە ئوخشاشلا بىر تالدىن

كىچىك يىپ بار ئىكەن.

ئۇ دەنچاڭنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېدى.

دەنچاڭ كۈلۈپ، ئۇلارنى چوڭ تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى، ئۇلارنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. نەتىجىدە ھەر بىرسىنىڭ كۆتىدىن بىر كىچىك سولياۋ خالتىدىن ئالتۇن چىقتى، ئۇنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى 300 گرامدىن 500 گرامغىچە كېلەتتى.

## ماشىنا بىلەن ئەتكەسچىلىك قىلىش

بېيتۇڭگە ئانچە يىراق بولمىغان 304-كان، قارا ئېرتىش دەرياسى بويىدىكى باي كان رايونى ئىدى. قارا ئېرتىش دەرياسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ تارمىقى بولۇپ، دەريانىڭ نەچچە ئون كىلومېتىرغا سوزۇلغان ئىككى قىرغىقىدا ئالتۇن قازغۇچىلارنىڭ كەپىلىرى يۇلتۇزدەك زىچ تارقالغان. ئۇ يەرگە 8000 چە ئالتۇن قازغۇچى توپلانغان، ئۇلار چوڭ-كىچىك ئالتۇن قازغۇچىلار گۇرۇھىنىڭ تارقالغان بولۇپ، ھەر كۈنى ئون نەچچە سائەت مەشغۇلات ئېلىپ باراتتى. 8000 ئادەم يەيدىغان، ئىچىدىغان، كىيىدىغان، ئىشلىتىدىغان بولغانلىقتىن، ماشىنىلاردا دائىم قاتناپ بېيتۇڭ ئارقىلىق تاغ ئىچىگە كۆكتات، كۆمۈر، ئۇن ياكى تۈرلۈك مال ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى توشۇيتتى. ۋەھالەنكى ئالتۇن ئەتكەسچىلىرى ماشىنىلار تاغقا كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باغلام-باغلام، تاغار-تاغار خەلق پۇلىنى مال توشۇيدىغان ماشىنىلارغا يوشۇرۇپ، ئۇنىڭغا قانۇنسىز ھالدا ئالدامچىلىق بىلەن كۆپلەپ ئالتۇن سېتىۋالاتتى. ئاندىن يەنە سىرلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئالتۇننى تاغدىن ئېلىپ چىقىپ، قانۇنسىز قارا بازار سودىسى قىلاتتى. دەسلەپتە ئۇلار كۆپىنچە ئادەم ياللاپ پىيادە توشۇتۇش ياكى كالا ئېرىسىدىن ياسالغان سالغا سېلىپ سۇنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئېقىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «مال»نى تاغدىن ئېلىپ چىقىشەتتى. لېكىن كېيىن بارغانسېرى پۇل ئارقىلىق شوپۇرلارنى سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەتكەس ئالتۇننى ماشىنىغا يوشۇرۇپ تاغدىن ئېلىپ چىقىشەتتى.

ئالتۇننى ماشىنىغا يوشۇرۇپ تاغدىن ئېلىپ چىقىش تەكشۈرۈشكە ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق كەلتۈرەتتى. ئادەم ئاز بولغانلىقتىن، ماشىنىلارنى ئۈستىدىن-ئاستىغىچە بىر قېتىم پۈتۈنلەي ئاختۇرۇپ چىقىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋەھالەنكى، ماشىنىلارنىڭ ھەرقانداق يېرىگە، ھەرقانداق بولۇڭ-پۇشقىقىغا، ھەرقانداق بىر قەۋەتكە ئەتكەسچىلەر ئېلىپ چىقماقچى بولغان ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى يوشۇرغىلى، يەنە كېلىپ ئۇنى ئىنس-جىنغا تۇيدۇرماي ئېلىپ چىقىشقىلى بولاتتى.

دەنچاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىدىكىلەر بىر تەرەپتىن مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ، تاغقا دائىم كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان شوپۇرلارغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالتۇن قېزىش رايونىدىكى پايلاقچىلارغا بولغان خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ھەر تەرەپكە كۆز-قۇلاق بولغۇچىلارنى قويۇپ، ھەرقاچان توغرا ئۇچۇرلارنى ئىگىلەپ، ئەتكەسچىلەرنىڭ غالجىرانە ھەرىكەتلىرىگە زەربە بەردى. يەنە شۇ جانلىق مىساللار ئارقىلىق، شوپۇرلارغا ئەتكەسچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتناشماسلىق، ئەتكەسچىلەرگە ياردەملىشىپ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلماسلىق توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى.

قارا ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر تاغ ئەگمىسىدە زوۋ خوجايىن دەيدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا 1000 دىن ئارتۇق ئالتۇن قازغۇچى بار ئىدى. ئۇ 304-كان رايونىدىكى داڭلىق ئادەم بولۇپ، چوڭ خوجايىن ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 2-خوجايىننىڭ فامىلىسىمۇ زوۋ بولۇپ، ئۇنىڭ نۇغقىنى ئىدى. بۇ ئىككى خوجايىن ئىلگىرى كۆپ قېتىم ماشىنا بىلەن ئالتۇن ئەتكەسچىلىكى قىلىپ، ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. لېكىن بۇ قېتىم ئوت بىلەن ئوينىشىپ ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋالدى.

ئۇ بىر قەھرىتان قىش كۈنى ئىدى، ئالتاي تاغلىرىنى ئاپئاق قار قاپلىغان بولۇپ، جىلغىلاردىن

ئۆزگىرىپ شامال ئۇراتتى. سوغۇق 20 گرادۇسقا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. سەھەر سائەت بەش، كىشىلەر تېخى شېرىن ئۇخلاۋاتقاندا ئازاد ماركىلىق بىر قارا ماشىنا قار كېچىپ تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىن چىقتى-دە، ئاستا بېيتۇنگە كىرىپ نياۋشىنيۈەن مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

شوپۇر ماشىنىنى توختىتىپ، تېخى ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ بىرنەچچە مېھمانخانىدىن چىقىپ ماشىنىنى تۇتۇۋالدى.

ئۇلار دەنچاڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى بولۇپ ئاللىقاچان تاغدىن كەلگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، مېھمانخانىدا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغىلى كۆپ ۋاقت بولغانىدى.

داچياۋ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ماشىنىنى يالاپ كەلگەن 2-خوجايىنىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «چىقە، بىز ئالتۇن ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ئەترىتىدىن، سەن تولا خۇپسەنلىك قىلما» دېدى.

2-خوجايىن ئەتەي تەمكىن قىياپەتكە كىرىۋالدى. لېكىن شوپۇرنىڭ چىرايى ئاللىقاچان ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئېھتىمال ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن بولسا كېرەك. ماشىنىدىن چۈشكەن چاغدا ئۇنىڭ ئىككى پۇتى تىترەۋاتاتتى.

دەنچاڭ ئادەملىرىنىڭ ماشىنىغا چىقىپ تەكشۈرۈشكە قوماندانلىق قىلدى. ماشىنىغا قاچىلانغىنىنىڭ ھەممىسى ئاق سۇلياۋ تۇرۇبا ئىدى. بۇ دەنچاڭ تاپشۇرۇۋالغان ئاخباراتقا ئۇيغۇن كېلەتتى. تۇنۇگۈن كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۈشمەستىلا تاغدىن خەۋەر كەلگەنىدى. خەۋەردە 2-خوجايىن بىلەن شوپۇرنىڭ بولاق-بولاق نەرسىلەرنى سىرلىق ھالدا سۇلياۋ تۇرۇبىغا قاچىلاپ، ئۇنى يەنە ماشىنىغا باسقانلىقى ئېيتىلغانىدى... لېكىن دەنچاڭلار ماشىنىدىكى سۇلياۋ تۇرۇبىلارنى بىر قۇر ئاختۇرۇپمۇ ئەتكەس ئالتۇنلارنى تاپالمىدى.

2-خوجايىن تاماكا تۇتۇپ، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن يېقىنچىلىق قىلىپ: «بىز ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەپ قانۇنغا رىئايە قىلىمىز، نەدىمۇ ئالتۇن ئەتكەسچىلىكى قىلايلى، ھە، ھە، ئەلۋەتتە، سىلەر رەسمىيەت بويىچە تەكشۈرۈسىلەر، قاتتىق سوغۇقتا جاپا چەكتىڭلار، جاپا چەكتىڭلار» دېدى.

دەنچاڭ تەكەللۇپسىزلا تاماكىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ، ئاستا: «شۇ ئەمەسمۇ، يېرىم كېچىدە تاغدىن چۈشۈپسىلەر، تاغدا قار شۇنچە قېلىن تۇرسا، سىلەرمۇ يەتكۈدەك جاپا چەككەنسىلەر» دېدى.

— ھەي، بىز جاپا چەكمىدۇق، بۇ دائىملىق ئىش، — دېدى ئۇ. دەنچاڭ بۇرۇلۇپ، ئادەملىرىگە:

— ماشىنىنىڭ ئاستىنى تەكشۈرۈڭلار، — دېدى.

2-خوجايىنىنىڭ قولى تىترەپ، تاماكىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى.

دەنچاڭ كۈلكىگە ئارىلاش:

— نېمە بولدى؟ قولۇڭ كۆيدىمۇ؟ — دېدى.

دەنچاڭ بىلەن شياۋنىڭ ماشىنىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ: «زاپاس يەل پومپىسىنىڭ يېنىغا ئىككى سۇلياۋ تۇرۇبىنى باغلاپ، لاي بىلەن چاپلاپ قويۇپتۇ. ئۇلار قاتتىق مۇزلاپ قاپتۇ» دەپ دوكلات قىلدى.

دەنچاڭ «ئېچىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

تۈلكە قۇيرۇقى تۇتۇلۇپ قالدى. ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى سۇلياۋ تۇرۇبىلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇلغان بولاق-بولاق كېپەك ئالتۇنلارنى تېپىپ ئالدى. بۇ ئالتۇنلار جەمئىي 1000 گرام ئىدى.

2-خوجايىن ئەلەمگە چىدىماي قارنىڭ ئۈستىگە زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا، 2-خوجايىن بىلەن شوپۇر بېشى چۈشكەن ھالدا ئالتۇن ئەتكەسچىلىكى قىلغانلىقىنى يوشۇرماي ئىقرار قىلدى. 2-خوجايىن «سىلەرنىڭ مۇنچىلىك كارامەت ئىكەنلىكىڭلارنى زادىلا ئويلىماپتۇق» دېدى.

دەنچاڭ ئۇنىڭغا:

— كارامەتمىكەنمىز؟ سىلەر شۇنى چۈشىنىۋېلىشىڭلار كېرەككى، ھەق يولدا ماڭماي، ھارام مال قوغلاشقانلار، ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار نابۇت قىلىسىلەر، بەربىر بۈگۈنكى ئەقىدىڭلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر، — دېدى.

(داۋامى كېلەر ساندا)

# «يىلان» ① ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

بۇ شېئىرنىڭ بىزنى تۈنجى بولۇپ ئۆزىدىن سۆيۈندۈرگەن ھېكمىتى، ئالىلقاچان ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلگەن ئەمما بىزنى تۈيۈقسىز ئۆزىنىڭ سىرلىق قوينىغا باشلاپ كىرەلەيدىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەردىن ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس يېڭىچە رىۋايەتلىك بەدىئىي دۇنيا يارىتالىغانلىقى. بىراق شېئىرنىڭ بىزنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلغىنى پۇت-قول ۋە قاناتلىرىدىن ئايرىلغان بەختسىز كىچىك پەرىشتە «يىلان»نىڭ تەسەۋۋۇرىمىزغا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يۈگىشىپ، چەكسىز تەن ۋە روھنىڭ زۇلمەتلىك چوڭقۇرلۇقىدىكى ئورمانلىقتا ۋە ئاشۇ ئورمانلىقنىڭ ئەڭ قەدىمىي «يىلتىز»ىغا باشلاپ كىرەلىگەنلىكىدۇر.

ھازىرچە شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي قىسمى ھەققىدە توختىلىش ھەممىمىزنى چۆچۈتىدۇ. بىراق تەسەۋۋۇردىن پارتىلىغان تۇنجى ئۇچقۇننى مەشئەل قىلساق، بۇ زۇلمەت چوڭقۇرىدىكى تىلسىم ئورمانلىقنىڭ ئۇنچىۋالا قورقۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى بايقايمىز.

## شېئىردىكى تراگېدىيىلىك ئاڭ

ئاپتور شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى شېئىرنىڭ خاتىمىسىگە ئايلانغان تراگېدىيىلىك تۇسكە ئىگە ئۆكۈنۈشتىن باشلايدۇ.

مەنمۇ ھەم بىلمەيمەن يىلانلارنى سىپىنگدەك.

ئاپتور پىكرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىنى باشلاش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ چېكىنمە تەسەۋۋۇرغا تايانغان ھالدا بىر قاتار رىۋايەتنى بىر-بىرىگە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن چېتىپ بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە شېئىردىكى رىۋايەت، ئەپسانىلەرنىڭ بىر-بىرىگە باغلانمايدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئەمما ئاپتور ئەقلنى لال قىلىدىغان مول تەسەۋۋۇر بىلەن يىراق ماكاندا بىزدىن مەڭگۈ پىنھان ياشايدىغان تەبىئەت ئانىنىڭ ئەڭ كۆرۈمسىز بالىسىنى پەرىشتىدەك گۈزەل شېئىرىي ئوبرازغا تويۇندۇرۇپ، ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ يىلان تېنىگە يوپۇق قىلىدۇ. بىراق ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، «يىلان» ئاخىرقى ھېسابتا تراگېدىيىگە يۈزلىنىدۇ. ئۇنىڭ پارلاق ئۆتمۈشى بىردىنلا ئېچىنىشلىق تراگېدىيىگە، ھالاكەتكە ئۆزگىرىدۇ:

يىلاننىڭ تۇخۇمى شىپادۇر بىزگە
ئەپسۇسكى قۇرۇماقتا يىلان تۇخۇمى
مەدەنىيەتنىڭ بىپايان چۆللۈكلىرىدە

بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا يىلاننىڭ تراگېدىيىسى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تراگېدىيىسى، بىزنىڭ تراگېدىيىمىز. چۈنكى يىلان ئادەم ئاتىنىڭ

① «يىلان» ناملىق بۇ شېئىر ژۇرنىلىمىزنىڭ 1995-يىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىنغان.

يىلتىزى، ئادەم ئاتىنىڭ ھاياتلىق دەرىخىنى ياشناتقان خۇدا ئىدى. شۇڭا ئۇ ھاۋا ئانىنى ئېزىقتۇرۇش ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىگە يۈزلەندۈرگەن، شۇڭا ئۇ توپان بالاسىدىن نوھنى، توغرىسى ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزغان. ھالبۇكى بىز ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى بۇ قۇتقۇزغۇچ خۇدادىن قورقتۇق، نومۇس قىلدۇق. نەتىجىدە چىن، ھەقىقىي ھاياتلىقتىن ئايرىلىپ جىسمى ئىرادىدىن، ئەقىلدىن سوقۇلغان ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالدۇق. مانا بۇنىڭ ئۆزى ئىنسانىيەت ئۈچۈن زور يوقىتىش، ئىنسانىيەت ئۈچۈن زور تراگېدىيە. ئاپتور ئادەم ئېغىزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ئاشۇنداق دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئاپەتنىڭ — قىيامەتنىڭ بىزگە پەيدىنپەي يېقىنلاۋاتقانلىقىدەك ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى ئالدىن بىشارەتلىگەن. دەرۋەقە، مەدەنىيەت ئىنسانىيەتنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇردى. بىراق بىز مەدەنىيەت ھارۋىسىنىڭ شوتىسىغا قوشۇلغان كۈندىن باشلاپ، ئۆز تېنىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان سىمۇوللۇق خۇدا — يىلان بىردىنلا بىزنى تاشلاپ كەتتى. بۇ يەردىكى تراگېدىيە دەل مەدەنىيەتنىڭ ئىنسانىيەتنى ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ياۋايىلىقىدىن مەھرۇم قىلىپ، ھەممىگە ئىستائەتچان، ھەممىگە كۆنۈك ماشىنىغا، ھاياتى ئۆلۈك، مېخانىك ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىدا. ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى ياۋايىلىقى ساددا ياۋايىلىق بولسا، مەدەنىيەتتىن كېيىنكى بۇنداق ياۋۇزلارچە ياۋايىلىقى ئادەمنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغان ياكى ئادەمنى ياتلاشتۇرۇۋېتىدىغان ياۋايىلىقتۇر. ئىنسانىيەتتىكى بۇ ياۋايىلىق ئىنسانلارنى ئەڭ ئاۋۋال ساددا، پاك تەبىئەت دۇنياسىدىن ياتلاشتۇرۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئادەمنىڭ ئىچكى تەبىئىتىنىمۇ بۇزۇپ ياتلاشتۇرۇۋەتتى... بىز «يىلان» ئارقىلىق بۇ نۇقتىدا ھەرقانداق بىر يېڭى قىممەتكە ئىگە كاتتا ئەسەرلەردىنمۇ نەچچە ھەسسە يۇقىرى ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيمىز.

تراگېدىيىلىك ئىككى كۈچلۈك ئاپتور تراگېدىيىنىڭ جەريانىلا ئەمەس، بەلكى تراگېدىيەنىڭ مەنبەسى ئۈستىدىمۇ چوڭقۇر ئىزدەنگەن. ئۇ ئىنسانىيەتكە ئىككىنچى قېتىم ھايات ئاتا قىلغان يىلاننىڭ تراگېدىيىسىنى تەبىئەت دۇنياسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ «مېھرىبان»، «نازۇك» قوللىرى بىلەن پەيلەپ يېتىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئاپتورنىڭ نەزەرىدە تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەت گارمونىك بىر گەۋدىگە ئايلانغان. ئۇ تراگېدىيىنىڭ مۇشۇ گەۋدە ئىچىدە بىر-بىرىنى تەۋەلۇت قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. دېمەك، تراگېدىيە ھەر بىر دەقىقىمىزگە چاپلاشقان مونالىزانىڭ مەڭگۈلۈك كۈلۈمسىرىشى.

### ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش

ھاۋا ئانا چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ جەننەتتىن سۈرگۈن قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئىنسانلار تراگېدىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھاياتنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باستى. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بۇ تۇنجى كۈننى خاتىرىلەپ يارىلىشنىڭ تۇنجى مۇزىكىسى سۈپىتىدە سەنئەتنى ئاپىرىدە قىلسا، بۇ قۇتلۇق كۈنگە ئاتاپ ئاجايىپ گۈزەل، ساماۋى رىۋايەت، ئەپسانىلەرنى يارىتىپ ئەدەبىياتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلدى. مانا ئەمدى ئۆتمۈشكە ئايلانغان سىرلىق دەۋرلەر تالاي كاتتا مۆجىزىلەرنى قالدۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىگە بۆسۈپ كىردى. ئىنسانىيەت بۇ دەۋرنى «يىلتىز» دىن چەتنىگەن تۇترۇقسىز سۆزلەر دۆۋىسىنى تاغار-تاغارلاپ تۆكۈش بىلەن بېزىدى. ئەمدىلىكتە يارىلىش «مەنبەسى»دىن، يىلتىزىدىن ئايرىلغان ئىنسانىيەت ياكى ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ بارلىق بىچارىلىكى بىلەن ھەممىدىن قۇرۇق قالغان يېتىم بالىدەك غېرىبسىنىپ قالدى. يېتىم بالىغا ئىچ ئاغرىتىش

ھەممىزنى شۇنچىلىك مەيۈسلەندۈرىدۇ. پەقەت بىز بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەندىلا «يىلان» نىڭ ئىنسانىيەت مەنبەسى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشكە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرەلەيمىز.

شېئىرنى تەشكىل قىلغان يەتتە پارچە رىۋايەت ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى ۋە يىراق ئۆتمۈشكە بىر-بىرلەپ باشلاپ كىرىدۇ. بىز شۇندىلا ئاللىقاچان ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلگەن بىر دۇنيانى ئەسكە ئالىمىز. ئۇ يىلاننىڭ يول باشلىشى بىلەن تېخىمۇ كېڭىيىپ ھاۋا ئانا، ئادەم ئاتىدىن تارتىپ ئۆزىمىزنىڭ تېنىگىچە بولغان ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق بىر مۇساپىسىنى ئەسكە سالىدۇ. يىلان بۇ جەرياندا ھاياتلىق ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ يىلان ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا زىچ باغلىنىپ كەتكەن. ئاپتور بۇ نۇقتىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، خەلق ئارىسىغا تارقالغان بىرقانچە رىۋايەت، ئەپسانىگە يېڭىدىن شېئىرىي تۈس بېرىپ يىلان ۋۇجۇدىغا ئۈستىلىق بىلەن كىرگۈزۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپتور قۇراشتۇرۇپ چىققان يېڭى رىۋايەت ۋە ئەپسانە ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە يېڭى يول ئاچىدۇ.

بىزنى تېخىمۇ خۇرسەن قىلىدىغىنى. بۇ شېئىردىكى شېئىرىي مەنە قاتلاملىرىنىڭ چوڭقۇر بولۇشىغا قارىماي روشەن ئىپادىلەنگەنلىكىدە. بىز بۇنىڭدىن بىر تەرەپتىن خارابىلىشىۋاتقان قەدىمىي مەدەنىيەتنىڭ قايتا نامايان قىلىنىشىنى كۆرۈپ يەتسەك، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى قەدىمىدىن تارتىپ، ھالاكەتكە يۈزلىنىش جەريانىنى كۆرگەندەك بولىمىز ھەم ئۆزىمىز ھەققىدىكى تۇنجى چۈشەنچىگە قاراپ يۈزلىنىمىز. بىراق بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەسىلە يەنىلا «مەنبە» ۋە «يىلتىز» ھەققىدىكى ئىزدىنىشتۇر.

## شېئىرىي ئوبراز، ئىسترولۇق قۇرۇلما

يىلاننىڭ شېئىرىي ئوبراز قىلىپ تاللىنىشى ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا قىسمەن ئۇچرىسىمۇ بىراق بۇ يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى تۇنجى ئىش بولسا كېرەك. ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى يىلان ئوبرازى شەك-شۈبھىسىزكى، رەزىللىك ۋە ياۋۇزلۇقنىڭ ھامىيسى قىلىنىپ تەسۋىرلىنىشى ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ زەھىرى بار، قورقۇنچلۇق مەخلۇق ئىكەنلىكى ھەممىزگە ئايان. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان گۈزەل پەرىشتىدەك تەسۋىرلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ ئىش خۇددى دېڭىزغا قېيىقسىز كىرگەندەك زور تەۋەككۈلچىلىك. ئاپتور ئۆزىنىڭ «يىلان» ناملىق بۇ شېئىرىدا تېخى ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىغان بىر ساھەگە بۆسۈپ كىرىپ، رەزىللىكتىن گۈزەللىك قېزىش ئارقىلىق بودلېردەك رەزىللىك ئېستېتىكىسىنى بەرپا قىلغان. بۇ كېيىنكى شېئىرىيىتىمىزدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم بىر تەرەپ. بۇ شېئىر بىر قاراشتا مۇدېرنىزملىق شېئىرغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ شېئىردا ئۇسلۇب ۋە قۇرۇلما جەھەتتە ئۆزىگە خاس يېڭىلىق يارىتىلغان. ئۇ كۆرۈنۈشتە چاچما شېئىرغىمۇ، نەسرىي شېئىرغىمۇ، نەسىرگىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ يەنىلا ئەڭ ئېسىل لىرىك شېئىر. شۇ سىغىمچانلىق جەھەتتە چەكسىز مەنىگە كېڭەيگەن. گەرچە ئۇنىڭ ھەر بىر كۇپلېتىنى ئېنىق ئايرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر بىر كۇپلېت ھېسابىدىكى بۆلەكلەردىن ئەڭ ئۇزۇن يېزىلغان رومانلارنىڭ مەزمۇنىنى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى تارىخىنى تېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگىمىز.

شېئىر ئۇسلۇب جەھەتتە زور ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇدېرنىزمچىلارمۇ، ئەنئەنىچىلەرمۇ، ياشانغانلارمۇ، ياش-ئۆسمۈرلەرمۇ ئوخشاشلا بەھىر ئالالايدۇ.

بەلكىم روھىم شاختىكى ياپراق،
ئۇر ۋەسلىگە تەلمۈرگەن يۇزاق.
— ھەبىبۇللا توختىنىڭ «مەن ئۆزۈمگە يۈكسەلگەن دەقىق» ناملىق شېئىرىدىن

مەۋجۇت ئەمەس ھەقىقىي بەخت.
مەۋجۇت ئەمەس ھەقىقىي مەن، سەن.
تىرىشماقچى بولغىنىمىز راست،
ئۆزىمىز بوپ ياشىماق ئۈچۈن.
— نۇرشات مەمتىلىنىڭ «قاناتلىق مەست» ناملىق شېئىرىدىن

بۈگۈن ئۆزۈم ئازاد بولغان كۈن،
يۈرىكىمدە يۈيۈنار كېچە.
— ئابدۇرۇسۇل تاشنىڭ «ئازاد بولغان كۈن» ناملىق شېئىرىدىن

كەپتەرلىرىم ئۇنلەيدۇ ئۈنسىز،
— ئاھۇ بۇلاق، دەريالار قېنى؟
تۇزلۇق ئىكەن، — دەيدۇ، — كۆز يېشىڭ،
تەققاس قىلىپ دېڭىزغا مېنى.
— ئادىل يۈسۈپنىڭ «قۇرغاق پەسىل» ناملىق شېئىرىدىن

ئاھ، سېنىڭ قولۇڭدا پارە-پارە بوپ،
جەسىتىم ئالدىدا تۇردۇم بىرھازا.

※ ※

ئۇنتۇلغان يوللاردا قەلبىم بار مېنىڭ.
ئۇلىسىمچۇ ھەي قىزچاق سېنى سۆيگۈچە.
— باتۇر لىۋاھىدىنىنىڭ «كۆك كەپتەر» ناملىق شېئىرىدىن

كەل ئەي مەستلىك سۆيۈپ قوي مېنى،
كەلگىن مەستلىك، مەست قىل ھەممىنى،
دەرد-ئەلەمنى قوغلا يۈرەكتىن،
... ... ...
سېنىڭ بىلەن سۆزلىنەر ۋىجدان،
سېنىڭ بىلەن ئەسلىنەر خۇدا،
كەل، ئەي مەستلىك سۆزلەت ھەممىنى.
بەلكىم ھېچكىم بولماس گۇناھكار،
پۇشلىمسۇن مەستلىكتىن ئىنسان.
مەست قىپ تاشلا پۈتۈن دۇنيانى،
كەل، ئەي مەستلىك ئاتا قىل يۈرەك،
شىر ئالدىدا ئۇسسۇل ئوينىغۇدەك.
— مۇھەممەت ئىمىن تۇرسۇننىڭ «كەل، ئەي مەستلىك سۆيۈپ قوي مېنى» ناملىق شېئىرىدىن

ۋاقىت، ئادەم، دۇنيا، مۇھەببەت،
يېرىڭلىغان بىر تال قوۋۇرغا.
— قەيسەر تۇرسۇننىڭ «چۈشەنچە» ناملىق شېئىرىدىن

مۇھەببەت ئۇ مەخپىي بىر جاۋاب.
— قەيسەر تۇرسۇننىڭ «ئۆلۈم مۆزىكىسى» ناملىق شېئىرىدىن

ياشلىقىم بىر مېنى قىلماقتا خازان،
پاھىشە ئايالدەك سۆيدۈرۈپ گويا.

※ ※

ھاياتىم بىر سوغۇق ۋەھىمە ھامان،
مەيلى مەن بەخت ۋە ئۆلۈمگە باراي.
بىز ئۈچۈن بەرىبىر سۆيگۈ-مۇھەببەت،
قەلبىمىز گوياكى بىر يىرتقۇچ ساراي.
— قەيسەر تۇرسۇننىڭ «مېيىت ئۆزىتىش» ناملىق شېئىرىدىن

كېچىلەردە يۈرسەن ئۇچۇپ،
ئازابلاردىن ياساپ زەر قانات.
— ئەنۋەرجان مۆمىننىڭ «ھەسرەت» ناملىق شېئىرىدىن

يېرىم قەدەھ مەي
ياردار كېچىدىن يۇلۇنغان بىر پەي.
— ئۇۋچىنىڭ «مەستلىك» ناملىق شېئىرىدىن

## ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرى

△شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يېقىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا سۈپىتىدە نەشر قىلغان، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلار قاتارىدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات تەتقىقاتچى ئىسمايىل تۆمۈرنىڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئىلمىي ئەسىرىنىمۇ نەشر قىلدى. بۇ كىتاب ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىش ۋە تونۇشتۇرۇشقا بېغىشلانغان بولۇپ ھەم ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى تەتقىقاتقا، ھەم ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسلى ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇشقا ئورۇن بېرىلگەن. كىتابتا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات ھەرقايسى ژانىر ۋە تۈرلىرى بويىچە نىسبەتەن سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنغان ھەم تونۇشتۇرۇلغان. كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى — سىستېمىسى خېلى مۇكەممەل، ماتېرىياللىرى مول بولۇپ، خېلى كۆپ يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. بۇ كىتابنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بويىچە كېيىنكى يىللاردا يېزىلغان مەخسۇس ئەسەرلەرنىڭ ياخشىلىرىدىن بىرى دېيىش مۇمكىن.

△خەۋەرگە قارىغاندا، نەسىرىدىن ئەپەندى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 700 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يىل خەلقئارالىق «نەسىرىدىن ئەپەندى يىلى» ئۆتكۈزۈلىدىكەن. نەسىرىدىن ئەپەندىنى «بىزنىڭ قىزىقچىمىز» دەپ قارايدىغان تۈركىيە، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان، تاجىكىستان قاتارلىق ئەللەردە نەسىرىدىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك كەڭ كۆلەملىك پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدىكەن. بىزنىڭ نەسىرىدىن ئەپەندى ھەققىدىكى بۇرۇنقى قاراشلىرىمىزدا، ئۇنى «خەلق قىزىقچىسى»، «تارىختا ئۆتكەن-ئۆتمىگەنلىكى تازا ئېنىق ئەمەس»، «ئۇ مىلادى 11-، 12-ئەسىرلەردە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ياشىغان» دېگەنگە ئوخشاش خىلمۇخىل قاراشلار بار ئىدى. كېيىنكى يىللاردا شىنجاڭ داشۆنىڭ پروفېسسورى، داڭلىق خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى، فولكلورشۇناس ئابدۇكېرىم راخمان تۈركىيىدە نەسىرىدىن ئەپەندى ھەققىدە كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى ئاساسىدا ماقالىلەر يېزىپ، بىزگە نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ تۈركىيىدە ياشاپ ئۆتكەنلىكى، تۈركىيىدە نەسىرىدىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ماتېرىياللارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى، شۇنداقلا تۈركىيىدە نەسىرىدىن ئەپەندىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەنلىكى ھەققىدە نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى بەردى. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نەسىرىدىن ئەپەندى ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ قىزىقچىسى، لەتىپىچىسى. ئۇيغۇرلار ئۇنى ئادەملىكتىن ھالقىتىپ، ئۆلمەس بەدىئىي ئوبرازغا، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن غايىۋى، مەنىۋى ھەمراھىغا ئايلاندۇرغان. ئۆزلىرىنىڭ خۇش چاقچاق مىجەزىنى، ئەقىل-پاراسەت تەجرىبىلىرىنى مۇشۇ ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئوبرازنى بېيىتىش، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەسىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش جەھەتلەردە قوشقان تۆھپىسى ھەققەتەن ناھايىتى چوڭ. ئەمما، كېيىنكى مەزگىللەردە بىز نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى، بەدىئىي لەززىتىنى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزدا تازا ئوبدان جارى قىلدۇرالمىدۇق.

△ئابدۇللا ساۋۇت — ئەدەبىياتىمىزدا پروزىچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقان ھەم مۇناسىپ ھەسسىلەرنى قوشقان ئوتتۇرا ياش، تىرىشچان يازغۇچىلىرىمىزنىڭ

بىرسى. ئۇ ھازىرغىچە بىر تۈركۈم يېرىك ئەسەرلىرىنى، ئەسەرلەر توپلىمىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى ھوسۇللۇق يازغۇچىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە تونۇلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تۇرمۇشقا يېقىن، رومانتىكىغا باي، قىزىقارلىق، تەسىرلىك ۋەقەلىككە ئىگە. بۇلارغا بەزىبىر بەدىئىي ماھارەتلەر قوشۇلۇپ كەلگەن بولغاچقا، كىتابخانلارنىڭ قىزىقىپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولدى.

ئابدۇللا ساۋۇتنىڭ شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىلىقىدىن چېكىنىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىپ چېكىنىپ چىقىشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەدەبىيات ساھەسىدە قىزىق پاراڭ تېمىسى بولغانىدى. كەسپىي يازغۇچىلىقتىن ئىستىپا بەرگەن يازغۇچى تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەھەتتىكى پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئاجايىپ زور ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ قىسقىغىنە بىر مەزگىلدە « يۈتمەس سەتىرلەر » ، « يۇلتۇز ئەپسانىسى » ، « ھاياتلىق زەنجىرى » قاتارلىق ئۈچ پارچە رومانىنى يېزىپ تاماملاپ بوپتۇ. بۇ رومانلار نەشر قىلىنىپ چىقسا، كىتابخانلارنىڭ ياخشى باھالىرىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا يازغۇچىنىڭ ئىشەنچىسى بار ئىكەن.

△شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان، ياش شائىر ئۆمەر مۇھەممەتئىمىننىڭ « قېرىماس ئانا » ناملىق شېئىرلار توپلىمى كىتابخانلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ، شائىرنىڭ « قەبرىدىكى پالۋان » ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن كېيىنكى يەنە بىر شېئىرلار توپلىمى. توپلامدىكى شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، شېئىرلارنىڭ شېئىرىي ئوبرازلىرى يېڭىچە ھەم رەڭدار، پىكىر-ئىدىيىلىرى چوڭقۇر، شائىرنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى، تەسەۋۋۇر نۇقتىسى باشقىچە، خېلى كۆپ شېئىرلاردا پەلسەپىۋىلىككە يېقىنلىشىپ كېتىدىغان ھېكمەت ۋە پەقەت لەززەتلىنىشكىلا بولىدىغان، ئىزھار قىلغىلى بولمايدىغان ھېسسىيات بار.

△ شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 40 يىللىقنى تەبرىكلەش كىتاب يەرمەنكىسى ئۈچۈن بىر تۈركۈم ئەدەبىي كىتابلارنى نەشر قىلىدىكەن. بۇ كىتابلار ئىچىدە مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ « قۇم باسقان شەھەر » رومانى، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ « داغ » ناملىق رومانى، تۇرسۇن يۈنۈسنىڭ « مەلىكە ئامانىسا خېنىم » ناملىق رومانى، ئەختەم ئۆمەرنىڭ « قۇرتلاپ كەتكەن كۆل » ناملىق پوۋېستلار توپلىمى، ئۆمەر قادىرنىڭ « دەريا بويىدىكى نالە » ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، ھۈسەيىن تاشنىڭ « ئۈرۈمچىنىڭ چۈشى » ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى، چىمەنگۈل ئاۋۇتنىڭ « تەتۈر چېقىن » ناملىق شېئىرلار توپلىمى... قاتارلىقلار بار ئىكەن. بۇ قېتىم نەشر قىلىنىدىغان رومانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تارىخىي تېمىلاردا يېزىلغان بولۇپ، مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ رومانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامانلاردىكى شانلىق مەدەنىيىتىنىڭ، جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ شاھىدى بولغان ئىدىقۇت، يارغول، خوتەن، كىروران قەدىمكى شەھەرلىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ خارابىلىققا ئايلىنىپ كېتىش سەۋەبلىرى قىزىقارلىق ۋەقە، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ھېكايە قىلىنىدىكەن. ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ « داغ » رومانىدا 1864-يىلدىن 1876-يىلغىچە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، يەركەندە بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر تەسۋىرلىنىدىكەن.

△شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى يېقىندا شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ « ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى »نى نەشر قىلدى. توپلامغا شەرىپىدىن ئۆمەر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابلەت ئۆمەر، ئابدۇكېرىم راخمان، نۇرمۇھەممەت زامان، قاۋسىلقان قامجان، تۇرسۇن قۇربان، ئازات سۇلتان، غەيرەتجان ئوسمان، ئەسەت سۇلايمان قاتارلىقلارنىڭ « ئوغۇزنامىگە دائىر بەزى مەسىلىلەر » ، « ناۋائىي مىراسلىرىنىڭ مەنىۋى قىممىتى » ، « ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتشۇناسلىققا دائىر بايانلىرى » ، « ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يېڭى يۇلتۇزلار » ، « < قۇتادغۇبىلىك > نىڭ تىلى ۋە شېئىرىي خۇسۇسىيىتى » قاتارلىق ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ

ماقالىلەردە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى، بۈگۈنكى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى ۋە ئەدەبىياتنىڭ نەزەرىيۋى مەسىلىلىرى ھەققىدە چوڭقۇر تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، يىڭىچە پىكىر-كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ماقالىلەرنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسمۇ خېلى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدىكى مۇھىم ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ بىرى دېيىش مۇمكىن.

(كېرىمجان ئابدۇرېھىم تەييارلىغان «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى»دىكى ئۇچۇرلاردىن ئېلىندى)

△يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىر قىسىم شائىر-يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىپ، كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنماقچى. بۇ كىتابلار مۇنۇلار:

①پېشقەدەم شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «زۇلپىقار» ناملىق رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى، روماندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدىكى ئىشلار ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولۇپ، چۈشىنىشلىك، راۋان تىل ئارقىلىق ئادالەتپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان.

②راخمان مامۇت ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان ئامېرىكا ئايال يازغۇچىسى مارگارېت مىچېلنىڭ «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن» ناملىق رومانىنىڭ 1-، 2-قىسمى.

بۇ رومان مارگارېت مىچېلنىڭ 30-يىللاردا يازغان مەشھۇر رومانى بولۇپ، ئامېرىكىدىكى شىمال بىلەن جەنۇب ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ھالدا قورۇق ئىگىسىنىڭ قىزى سكارلېت ئوخارانىڭ تۇرمۇشى، مۇھەببەت ۋە جەمئىيەت كەچۈرمىشلىرى، جانلىق تۇرمۇش كارتىنىلىرى تەسىرلىك، قىزىقارلىق ۋەقەلەر، ئاجايىپ نەپىس، گۈزەل تىللار ئارقىلىق سۈرەتلەنگەن. ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى تەبىئىي ھالدا ئاجايىپ سىرلىق دۇنياغا باشلاپ كىرەلەيدۇ.

③ئىمىنجان ئەخمىدى تۈزگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامايەندىلەر». بۇ كىتابتا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆتكەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە 130 دىن ئارتۇق ئەدىبنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ئىلگىرى مۇشۇ جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. كىتاب كەڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرى، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېمىسىنى ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىشتە ئەڭ ياخشى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ.


≪天尔塔格 ≫文学双月刊　　Tangritag TwoMonthly Literature　　«تەڭرىتاغ»

1996年　第2期　　journal In Uygur Language　　1996-يىل 2-سان

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑出版：≪天尔塔格≫编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路16号
电话：2818897，2819490 邮编：830002
印刷：新疆工人时报印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（782信箱）
国内统一刊号：CN65—1012\1
邮局代号：58—83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1012\1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-83

零售价：2。20元
پارچە سېتىلىشى: 2.20 يۈەن





رېستوران يايچىكلىرى

تەڭرىتاغ رېستورانى — شەھىرىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى تۇرمۇش-مەزمۇننى بېيىتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش ۋە خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئاساسىدا قۇرۇلغان. 750 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بۇ رېستوراننىڭ كۆلىمى 360 كۋادرات مېتىر بولۇپ، داڭلىق سەنئەتكارلار، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاشپەزلەر، ياخشى تەربىيىلەنگەن كۈتكۈچىلەر قىزغىن مۇلازىمىتى بىلەن ھەر ۋاقىت مېھمانلارنى كۈتۈشكە تەييار.

ئورنى: غالىبىيەت يولى 59-نومۇر (شىنجاڭ داشۆنىڭ ئۇدۇلىدا)

باش دىرېكتور، قانۇنىي ۋەكىلى: ھەسەن

ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 2871616، 2871611

چاقىرغۇ: 126-31097، 181-23237



رېستوراننىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى






داڭلىق سەنئەتكارلار نومۇر كۆرسىتىدۇ.


تەڭرىتاغ رېستورانى سىزنىڭ دوستىڭىز

# تەبىئىي چاچ يېلىمى ھۆسنىڭىزگە ھۆسن قوشىدۇ













ISSN 1004-1745

03>

9 771004 174004

## تەبىئىي گۈزەللىك ئەگەشتىرى — يېلىم

1. «يېلىم» ماركىلىق تەبىئىي چاچ يېلىمى ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرى تارىختىن بويان ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان جىگدە يېلىمى بىلەن سىيادان مېيىدا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، ئۇزۇۋقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، چاچنى ئاسراش، ئۇزۇۋقلاش، چاچ بالدۇر ئاقىرىپ كېتىش ۋە چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چاچنى گۈزەللەشتۈرۈشتە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ تەبىئىي چاچ يېلىمى 1995-يىللىق (86-نۆۋەتلىك) پارىژ خەلقئارالىق كەشپىيات يەرمەنكىسىدە ئالاھىدە كەشپىيات مۇكاپاتىغا؛ ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن 1995-يىللىق (11-نۆۋەتلىك) خەلقئارالىق كەشپىيات يەرمەنكىسىدە كۈمۈش مېدالغا؛ 1995-يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى ئەلا كەشپىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىدە ئالتۇن لوڭقا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

2. «يېلىم» ماركىلىق سىيادان چاچ ئاسراش سۇيۇقلۇقى سىيادان تەبىئىي ئۆسۈملۈك مايلىرىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇزۇۋقلۇق دەرىجىسى يۇقىرى، چاچ ئاسراش بۇيۇمىدۇر. ئۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چاچنىڭ نەملىكىنى، پارقىراقلىقىنى، ئەۋرىشىملىكىنى ئاشۇرىدۇ. چېچىڭىزنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئازراقلا چېچىۋالسىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشىسىز.

**شىنجاڭ يېلىم گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى**

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىتتىپاق يولى 84-نومۇر ئالاقىلاشقۇچى: مەدەنىيەت تېلېفون: 2862948